# تۇلۇن قاغانلىقى تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

突厥汗国史/刘锡淦著;艾赫迈提江译。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.12

ISBN7—228—06832—7

.Ⅰ.突…Ⅱ.①刘…②艾…Ⅲ.突厥—民族历史—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K289

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第088137

突厥汗国史(维吾尔文)
刘锡淦　著
艾赫迈提江·穆明 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆农科院印刷厂印刷
850×1168毫米32开本9.5印张
2002年1月第1版2002年1月第1次印刷
印数:1—3,000

ISBN7—228—06832—7/K·970 定价:13.50元

# تەرجىماندىن

تۈرك تارىخى تەتقىقاتى ئۆزۈندىن بۇيان دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا زور ئېتىبارغا ھەم تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھالبۇكى، ھازىرغا قەدەر تۈرك تارىخىغا ئائىت بىرەر ئۇيغۇرچە ئەسەر نەشر قىلىنمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە بىلىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز بولدى. مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ مەزكۇر ئەسەر تۈرك تارىخىنى ئىخچام ھەم مەزمۇنلۇق يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ دەپ قارالغانلىقتىن، تۈرك تارىخىغا قىزىققۇچىلارنىڭ دەسلەپكى ئېھتىياجىنى قاندۇرسا ئەجەب ئەمەس دېگەن نىيەتتە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىندى:

1. ئەسەردىكى بەزىبىر تەرجىمە قىلىش بىھاجەت دەپ قارالغان جايلار قىسقارتىۋېتىلدى.

2. بەزى سۆز - جۈملىلەر ئۇيغۇرچە گىراماتىكىلىق باغلىنىش نۇقتىسىدىن مۇۋاپىق يوسۇندا ئۆزگەرتىلدى.

3. بەزى ئىسىم - ئاتالغۇلار مۇمكىنقەدەر توغرا تەرجىمىسىنى ئېلىش يۈزىسىدىن «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى»، «تۈرك تارىخى» (شۆ زۇڭجىڭ يازغان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن سېلىشتۇرۇلۇپ، توغرا دەپ قارالغانلىرى ئېلىندى.

4. بەزى ئىسىم - ئاتالغۇلار ئۇيغۇرچىسى

بولمىغانلىقتىن، مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ تەكلىپى بويىچە خەنزۇچە قەدىمكى ئوقۇلۇشىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ يازىلىپ، كەينىگە «*» بەلگىسى قويۇلدى ۋە خەنزۇچىسى قوشۇپ قويۇلدى. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلاردا توغرا ئاتىلىشى بارلىققا كەلسە، شۇ بويىچە ئېلىنغۇسى.

ئەسەردىكى ئىسىم - ئاتالغۇلارنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتىشكە مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەركىن شېرىپ زور ۋە قىممەتلىك ياردەملەرنى بەردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يولداش ئەركىن شېرىپكە ئالاھىدە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

قەلىمىم ئاجىز، سەۋىيەم چەكلىك بولغانلىقتىن، تەرجىمىدە بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن، كەڭ تەتقىقاتچىلارنىڭ زور پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

2001 - يىل، سېنتەبىر

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ......... 1

§1 . تۈركلەرگە ئائىت تارىخىي رىۋايەتلەر ......... 2

§2 . تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى باشقا مىل-
لەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............... 9

§3 . تۈركلەرنىڭ بۆشۈك ماكانى..................... 15

ئىككىنچى باب تۈرك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قاغان-
لىقنىڭ قۇرۇلۇشى ....................... 20

§1 . تۈرك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ............ 21

§2 . تۈركلەرنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى ........................ 24

§3 . تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ............... 34

§4 . تۈرك قاغانلىقىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ......... 40

§5 . شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ شىما-
لىي چى خانلىقىغا زەربە بېرىش ۋە تۈرك -
پارس ئۇرۇشى.................................. 47

§6 . تۈرك قاغانلىقىغا قارام خەلقلەر ................ 54

ئۈچىنچى باب تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى سىياستى ۋە
تاشقى مۇناسىۋىتى............................ 58

§1 . تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسىتى ...... 59

§2 . تۇرك قاغانلىقىنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى ...... 67
§3 . تۇرك قاغانلىقىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەر ۋە
پارچىلىنىش بىخلىرى ...................... 70
تۆتىنچى باب تۇرك قاغانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ......... 76
§1 . تۇرك قاغانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ........... 77
§2 . شەرقىي ۋە غەربىي تۇركلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا
يول تۇتۇشى ................................ 82
بەشىنچى باب پارچىلانغاندىن كېيىنكى شەرقىي تۇركلەر
........................................................ 90
§1 . شەرقىي تۇركلەرنىڭ سۇي سۇلالىسىگە بېقى-
نىشى ............................................ 91
§2 . شەرقىي تۇركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆل-
گۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش-
لەر ................................................ 95
§3 . شەرقىي تۇركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم-
لىشىپ سۇي سۇلالىسىنى يوقىتىشى ...... 101
§4 . شەرقىي تۇركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يې-
ڭى زىددىيەت ............................ 106
§5 . تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ
شەرقىي تۇركلەردە يولغا قويۇلۇشى ......... 110
§6 . شەرقىي تۇركلەر بىلەن سىر - تاردۇشلار-
نىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشى ................ 115
ئالتىنچى باب پارچىلانغاندىن كېيىنكى غەربىي تۇركلەر-
نىڭ ئەگرى - توقاي مۇساپىسى ......... 124
§1 . غەربىي تۇركلەرنىڭ زېمىنى ۋە ھۆكۈمرانلىقى

126 ........................................................

§2 . تاردۇشـنىڭ شەرقىـي تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى
131 ........................................................

§3 . غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقى ۋە پارچىلىنىشى ........................................ 136

§4 . غەربىي تۈركلەردە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇل- مەي داۋاملىشىشى ........................................ 143

§5 . تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشىدىكى تۆت قورغىنى
148 ........................................................

§6 . ئاشىنا ئالپىنىڭ تەسلىم بولۇشى ۋە ئىسيان كۆتۈرۈشى ........................................ 159

§7 . غەربىـي تۈركلەرنىڭ قالدۇق ھەركەتلىرى
165 ........................................................

يەتتىنچى باب شىمالىي تۈرك خانلىقىنىڭ قورۇلۇشى ۋە ھالاك بولۇشى ........................................ 175

§1 . شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قورۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ........................................ 177

§2 . ئىككى قېتىملىق مەشھۇر ئۇرۇش ........ 188

§3 . بىر قېتىملىق مۇھىم سىياسىي ئۆزگىرىش
193 ........................................................

§4 . شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى
200 ........................................................

سەككىزىنچى باب تۈركلەرنىڭ ئىگىلىكى ........... 205

§1 . دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ........... 205

§2 . قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا .................. 209
توققۇزىنچى باب تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى .................. 213
§1 . تۈركلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ............ 214
§2 . تۈركلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى ............ 219
قوشۇمچە .................................................. 237

## بىرىنچى باب

# تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى

«تۈرك» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە قارىتا ھەر خىل ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بىر خىل قاراشتىكىلەر تۈركلەر قەدىمدىن ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ياشىغان، ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى «تۈركە» (دۇبۇلغا، قەدىمكى دەۋردىكى ئەسكەرلەرنىڭ باش كىيىمى) گە ئوخشايدىغان بولۇپ، تۈركلەر مۇشۇ نام بىلەن «تۈرك» دەپ ئاتالغان دەپ قارايدۇ، خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردا كۆپرەك مۇشۇ خىل قاراش ياقلىنىدۇ؛ يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر «تۈرك» دېگەن سۆز «قۇدرەتلىك»، «قەيسەر»، «ئىجادچان»، «پىشقان»، «گۈللەنگەن» دېگەن مەنىلەردە دەپ قارايدۇ، بۇ خىل قاراشنى ياقلىغۇچىلار كۆپرەك تىلشۇناسلاردۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەنە «تۈرك» پەقەتلا بىر سىياسىي نام، ھېچقانداق مىللەت مەنىسىگە ئىگە ئەمەس، دەيدىغان يەنە بىر خىل قاراش مەيدانغا كەلدى.

مېنىڭچە، ئالدىنقى ئىككى خىل قاراشقا قوشۇلۇشقا بولىدۇ. بىراق، بۇ ئىككى خىل قاراشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، يەنى تۈركلەر قۇدرەتلىك، قەيسەر، گۈللىنىش ئىرادىسىگە ئىگە پالۋانلاردىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈركە ئۇلارنىڭ بەلگىسىدۇر؛ ئۈچىنچى خىل قاراشقا بولسا قوشۇلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى تۈركلەر ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت بولغان، ھەرگىزمۇ خىيا-

لەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان خەلق ئەمەس . ئەگەر پانتۈركىزمنى بىر سىياسىي نام دېسەك ، شۈبھىسىزكى بۇ توغرا بولىدۇ ، ھالقىلىق مەسىلە تۈركلەر بىلەن پانتۈركىزمنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقتا .

تۈركلەر بىر ئۇلۇغ مىللەت ، ئۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . بۇ ھەقتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئالىملار ئورتاق قاراشقا ئىگە .

ھەممىنى باشتىن سۆزلەشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، بىز تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن باشلاپ قاغانلىقنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى بايان قىلىمىز .

## § 1 . تۈركلەرگە ئائىت تارىخىي رىۋايەتلەر

ئىنسانلارنىڭ تارىخى بولسۇن ياكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى بولسۇن ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختالغاندا ، ئاۋۋال تارىخىي رىۋايەتلەردىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ ، تۈركلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس .

ئەپسانىۋى رىۋايەتلەر ، تارىخىي رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەر تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولۇپ ، يازما تارىخ ئەمەس . ئەمما ، ئۇ ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەنلىكى ھەم ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن تارىخىي ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . ھالبۇكى ، تارىخىي رىۋايەتلەر ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا رېئاللىققا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ .

ئەپسانىۋى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي رىۋايەتلەر ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغانىكەن ، مۇقەررەركى ئۇ بىر

خىل مەنىۋى كۈچ ھاسىل قىلىدۇ ، بۇ خىل مەنىۋى كۈچ بولسا مىللىي ئۇيۇشچانلىقنىڭ قورالى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۇ-نۈمى ناھايىتى زور بولىدۇ .

بارلىق ئەپسانىۋى ۋە تارىخىي رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى يې-زىق بىلەن خاتىرىلەنمىگەن دەۋردىكى تارىخنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساس ، ئەگەر بىز ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنالىساق ، ئۇ ھالدا ھەقىقىي ئاۋۋالقى تارىخنى يورۇتۇپ بېرەلەيمىز .

ئەپسانىۋى رىۋايەتلەردە ئەپسانىلەر كۆپرەك ، تارىخىي مەز-مۇنلار ئاز ؛ تارىخىي رىۋايەتلەردە بولسا تارىخىي مەزمۇنلار كۆپ-رەك ، ئەپسانىلەر ئاز بولىدۇ . تۈركلەرگە ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تارىخىي رىۋايەتلەرگە مەنسۇپ بولۇپ ، بۇ رىۋايەتلەر-نىڭ ھەممىسىلا خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن . ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 . «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر قوۋمىدۇر ، ئاشىنا ئۇرۇقىدىن ، ئايرىم قەبىلە بولۇپ ياشىغان ، كېيىن قوشنا ئەل تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ پۈتۈنلەي قىرىۋېتىلگەن ، پەقەتلا 10 ياشلىق كىچىك بىر بالىنى قوشنا ئەلنىڭ لەشكەرلىرى كىچىك كۆرۈپ ئۆلتۈرۈشكە كۆزى قىيماي ، پۇت - قولىنى كېسىۋې-تىپ ، يايلاقتا تاشلىۋەتكەن . بىر چىشى بۆرە ئۇنىڭغا گۆش بېرىپ باققان ، بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن بۆرە بىلەن جۈپلى-شىپ ، بۆرە ھامىلىدار بولۇپ قالغان . قوشنا ئەلنىڭ پادىشاھى بۇ بالىنىڭ يەنىلا ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، قايتا ئادەم ئەۋە-تىپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن . كەلگەنلەر ئۇنىڭ يېنىدا بىر بۆرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ، بۆرە ئىدىققۇت دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قېچىپ كەتكەن . تاغدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ ، ئىچىدە دائىرىسى نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان ، ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرغان يايلاق بار ئىكەن .

بۆرە مۇشۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ، ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن سىرتتىن خوتۇن ئېلىپ، ھەربىرى بىر ئۇرۇق بولۇپ شەكىللىنىپتۇ، ئاشىنا شۇلارنىڭ بىرى ئىكەن. كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ نەچچە يۈز ئائىلىلىك بوپتۇ. نەچچە ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ جۇرجانلارغا بېقىنىپتۇ. ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىنى ماكان تۇتۇپ، جۇرجانلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىپتۇ. ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشىغاچقا، ئۇلار دۇبۇلغىنى ‹تۈركە› دەپ ئاتايدىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپتۇ.»①

2. «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ساك دۆلىتىدىن، ھۇنلارنىڭ شىمالىدا ياشىغان، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى ئابام بەگ دېگەن كىشى بولۇپ، 17 قېرىنداش ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئىگىل نىشادۇر بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغانىكەن. ئابام بەگ قاتارلىقلار ھاماقەت بولغاچقا، دۆلىتى يوقىتىلىپتۇ. ئىگىل نىشادۇرنىڭ مىجەزى غەلىتە بولۇپ، شامال چىقىرىپ يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن. ئۇ ياز ئىلاھى بىلەن قىش ئىلاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ. ئاياللاردىن بىرى تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرى ئاق ياۋا غازغا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. بىرىنىڭ دۆلىتى ئاباقان دەرياسى بىلەن كەم دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، نامى قىرغىز ئىكەن؛ يەنە بىرىنىڭ دۆلىتى چاۋكەم دەرياسىنىڭ بويىدا ئىكەن. چوڭ ئوغۇل چاۋكەمبېشى* (处折施) تېغىنى ساقلاپ تۇرىدىكەن. تاغ ئارىسىدا يەنىلا ئابام بەگ ئۇرۇقىدىكىلەر ياشايدىكەن. قاتتىق سوغۇق بولغاندا چوڭ ئوغۇل ئوت يېقىپ، ئۇلارنى سوغۇقتىن ساقلاپ قالغاچقا، ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار قىلىپ ‹تۈرك› دېگەن نامنى بېرىپتۇ. ئىسمى نۇر تۇغلۇق شاد ئىكەن، ئۇمۇ 10 خوتۇن ئېلىپتۇ. تۇغۇلغان بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئانا جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى ئۆزىگە ئىسىم

قىلىپ قويۇپتۇ . ئاشىنا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان بالىسى ئىكەن . نۇر تۇغلۇق شاد ئۆلگەندە ، 10 خوتۇندىن بولغان بالىلار ئىچىدىكى بىرىنى ھۆكۈمدار قىلىپ سايلاش ئۈچۈن ، دەرەخنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ : ‹دەرەخكە ئېتىلىپ كىم ئېگىزگە سەكرىسە ، شۇنى ھۆكۈمدار قىلىمىز › دەپتۇ . ئاشىنا يېشى كىچىك بولسىمۇ ، دەرەخكە ئېتىلىپ ئەڭ ئېگىز سەكرىگەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمدار بولۇپ سايلىنىپ ، ئاقىن شاد دەپ ئاتىلىپتۇ . »[2]

3 . «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭلياڭلىق ئارىلاشما غوزلاردۇر . ئۇرۇقنىڭ ئىسمى ئاشىنا ، كېيىن ۋېي سۇلالىسى خانى تەيزۇ جۇرچى ئۇرۇقىدىكىلەرنى يوقاتقاندا ، ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى 500 ئائىلىلىك ئادەم جۇرجانلارنىڭ يېرىگە قېچىپ بېرىپ ، ئۇزاق زامانلارغىچە ئالتۇنتاغدا ئولتۇراقلىشىپ تۆمۈرچىلىك قىلغانىكەن . »[3]

4 . «شىمالدىكى بەدەۋىلەرنىڭ ئەجدادى ساك دۆلىتىدىن ، نىشادۇر ئاتلىق بىرىنىڭ ئىككى خوتۇندىن تۆت ئوغلى بولۇپ ، بىرى ياۋا غازغا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ۋە قالغان ئۈچ ئوغۇلغا : ‹سىلەر كالىغا ئەگىشىڭلار › دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۈچ ئوغۇل كالىغا ئەگىشىپتۇ ، كالىنىڭ تېزىكى گۆش ۋە قېتىقتا ئايلىنىپتۇ ، ئۇلار مۇشۇنىڭ بىلەن جان بېقىپتۇ . »[4]

5 . «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى شېرماشارىر * (射摩舍利) كۆن ئىلاھى بولۇپ ، ئۇ ئاشىدىر ئۆڭكۈرىنىڭ غەربىدە تۇرىدىكەن . شېرماشارىر ئىلاھىي كارامەتكە ئىگە بولۇپ ، دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزى ھەر كۈنى كەچتە ئاق بۇغىنىڭ سۈرىتىدە كېلىپ ئۇنى دېڭىزغا ئەكىرىپ كېتىپ ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئاچىقىپ قويىدىكەن . ئارىدىن نەچچە ئون يىللار ئۆتۈپ ، شېرماشارىر قەبىلىسى شىكار قىلماقچى بولغان بىر كېچىسى ، دېڭىز ئىلاھى ئۇنىڭغا : ‹ئەتە شىكار قىلغىنىڭدا ، سەن تۇرغان ئۆڭ-

كۆردىن بىر ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك ئاق بۇغا چىقىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا ئوق ئېتىپ تەگكۈزەلىسەڭ، كېلىپ مەن بىلەن كۆ-رۈش، ئەگەر تەگكۈزەلمىسەڭ، ئالاقىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولى-دۇ، دەپتۇ. ئەتىسى ئۆڭكۆردىن دەرۋەقە ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك بىر ئاق بۇغا چىقىپتۇ، شېرماشارىر ئادەملىرى بىلەن ئۇنى ھەر تەرەپتىن قورشاپتۇ، بۇغا قېچىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شېرماشارىر غەزەپلىنىپ بۇغىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرنىڭ ئاتامىنى شېرماشارىر ئاقىن* (阿眩) نىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ ۋە: «مۇشۇنى ئۆلتۈرگەندىن باشلاپ ئەم-دى بىردىن ئادەمنى تەڭرىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ ئەھد قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاقىن ئۇرۇقىدىكىلەرنى ئۆلتۈ-رۈپ قۇربانلىق قىلىشقا باشلاپتۇ . . . شېرماشارىر ئاقىننى ئۆل-تۈرگەن كۈنى كەچتە دېڭىزغا كىرگەندە، دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا: «سەن ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن، بەدىنىڭدىن قان پۇراپ تۇرىدۇ، ئەمدى ئالاقىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن» دەپ-تۇ.»⑤

يۇقىرىقى بەش رىۋايەتتىن بىز تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى كۆزىتەلەيمىز ۋە تۆۋەندىكىدەك تونۇشقا كېلەلەيمىز:

بىرىنچى، تۈركلەرنىڭ «بۆرە» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بول-غان. «بۆرە» تۈركلەرنىڭ توتېمى بولۇپ، قاغانلىق قۇرۇلغان-دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەربىي تۇغىغىمۇ «ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى»⑥ نىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن. توتېم ئېتىقادى ئىنسانى-يەتكە ئورتاق بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد بولغاچقا، ئىپتىدا-ئىي دىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەربىر ئۇرۇق، قەبىلە ئېتىقاد قىلغان توتېملار شۇ ئۇرۇق، قەبىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بولغان شەي-ئىلەر بولۇپ، بەزىلىرى ھايۋانات، بەزىلىرى ئۆسۈملۈك، يەنە

بەزىلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەلۇم خىل ماددا بولىدۇ. شۇ-
ڭا، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ توتېمى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ياكى
ماددا بولسۇن، ھېچقانداق سەلبىي مەنىگە ئىگە بولمايدۇ، «بۆ-
رە» چارۋا ـ ماللارغا غايەت زور زىيان سالىدىغان بولغاچقا،
ئۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئۇرۇق،
قەبىلىلەر بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان. دىنىي ئېتى-
قادنىڭ بىر مۇھىم مەنىسى ئىلتىجا قىلىش بولغاچقا، ئىپتىدا-
ئىي دىنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

دېمەك، توتېم ئېتىقادى تۈركلەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت
دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، رىۋايەتتىن قارىغاندا، تۈركلەر يەنە «سىرتتىن
خوتۇن ئېلىپ... ھەربىرى بىردىن ئۇرۇق بولغان»، «ياز،
قىش ئىلاھىنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ... بالىلىرى ئانا جەمەتى-
نىڭ فامىلىسىنى قوللانغان» دەۋرنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن. بۇ
باسقۇچمۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامە-
سى باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا، ئاياللار ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش
ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، جامەنىڭ يولباشچىلىرى ئاياللار
بولىدۇ، قانداشلىق مۇناسىۋەتمۇ ئانا جەمەتنى ئاساس قىلىپ
ئايرىلىدۇ. بۇ خىل ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمى ئىنسانىيەتكە ئورتاق-
تۇر.

ئۈچىنچى، رىۋايەتتىن يەنە شۇنى بىلەلەيمىزكى، تۈركلەر-
نىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت خاراكتېرى بارا ـ بارا ئۆزگىرىپ
بارغان. ئاقىن شادنىڭ «دەرەخكە ئېسىلىپ سەكرەشتە» ئەڭ
ئېگىز سەكرىگەنلىكى، گەرچە ئۇلارنىڭ يەنىلا يىغىش، تېرىش
بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىمۇ، ئەمما
جامەدە ئەرلەر ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشقا باشلىغان، ئابام بەگنىڭ
چوڭ ئوغلىنىڭ «ئوت يېقىپ» ئۆز قوۋمىنى سوغۇقتىن قوغداپ
قالغانلىقى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. نىشادۇرنىڭ

تۆت ئوغلىغا نەسىھەت قىلغانلىقى بولسا ، ئاتلىق ئۇرۇقداشلىق جامەسىنىڭ رەسمىي تىكلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

تۆتىنچى ، رىۋايەتتىكى ئىگىلىك شەكلىدىن قارىغاندا ، ئۇلار «دەرەخكە ئېسىلىپ سەكرەش» تىن «كالىغا ئەگەشكەن» ۋە «قەبىلە بويىچە شىكار قىلىش» تىن ئەڭ ئاخىرى «تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان» مېتال تاۋلاشقا ماھىر مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان . ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى جەمئىيەتنىڭ ئالغا باسقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

بەشىنچى ، رىۋايەتتىكى شېرماشارىر ئاقىن ئۇرۇقىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ «تەڭرىگە قۇربانلىق قىلغانلىقى» ۋە «قان پۇراپ تۇرغان» لىقتىن ، دېڭىز ئىلاھى قىزىنىڭ ئۇنىڭدىن «مۇناسىۋەتىنى ئۈزگەنلىكى» دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، تۈركلەر بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، «قانخور» قۇللۇق جەمئىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان .

ئالتىنچى ، رىۋايەتتىن قارىغاندا ، تۈركلەرنىڭ بۆشۈك ماكانى ئىككى بولۇپ ، بىرى ئۆتۈكەن تېغى ؛ يەنە بىرى ئىدىقۇتنىڭ شىمالىدىكى تاغ . ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە ، ئىدىقۇتنىڭ شىمالىدىكى تاغ دەل تەڭرىتاغ ئىكەن . بۇ ئىككى جايدا ئوخشاشلا تۈركلەرنىڭ «ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈر» بولۇپ ، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىققاندىن كېيىن ، ئالتۇنتاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان . «ئۆڭكۈر» دىكى ۋاقىتىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرغان بولسا ، ئۆڭكۈردىن چىققاندىن كېيىن قۇللۇق جەمئىيەت مەزگىلىگە قەدەم قويغان . «دۆلىتى يىمىرىلىپ» باشقا ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ، تەلتۆكۈس قۇللۇق جەمئىيەت مەزگىلىگە كىرگەن ، جۇرجان قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنى ئاشكارا ھالدا «تۆمۈرچى قۇل»[7] دەپ ئاتىغان .

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا ، مۇنداق خۇلاسىگە كېلە-

لەيمىز : تۈركلەر ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئىپتىدائىي جەمـ-
ئىيەت باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن . تارىخىي رىۋايەتلەر
تۈركلەر تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
تۈركلەرنىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى پارلاق سەھىپىسى ئېچىلغان .

## 2 § . تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئادەم باشقىلاردىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدۇ . ئوخشاشلا ، بىر ئۇرۇق ، بىر قەبىلە ، بىر مىللەت ، ھەتتا بىر دۆلەتمۇ تەنھا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ، ھەممىسىلا ئەتراپىدىكى ئۇرۇق ، قەبىلە ياكى دۆلەتلەر بىلەن ھەر خىل ئالاقىلەردە ، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ . ھەرقانداق مىللەت ياكى دۆلەت مەھكەم بېكىنىۋالسا ، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالاك بولماي قالمايدۇ .

تۈركلەر بارلىققا كەلگەندىن باشلاپلا ئەتراپىدىكى ئەللەر بىلەن ھەر خىل ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەن ، تۆۋەندە تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىمىز .

### تۈركلەر بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى

«تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر قوۋمىدۇر ، ئاشىنا ئۇرۇقىدىن ، ئايرىم قەبىلە بولۇپ ياشىغان .»[①] بۇنىڭدا ئۈچ مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن : بىرىنچىسى ، تۈركلەر ئاللىقاچان ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان ؛ ئىككىنچىسى ، ھۇنلار بىلەن تۈركلەر «ئايرىم» خەلق ، گەرچە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ـ قىلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بىر مىللەت ئەمەس ؛

ئۆچمىنچىسى، تۈركلەرنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقىدىن ئىكەنلىكى ئېنىق.

تۈركلەرنىڭ ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، دەل رىۋايەتلەردىكى «قوشنا ئەل تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپتۇ» دېگەن مەزمۇنىنىڭ ئۆزىدۇر. ئەمما، قاچان ھۇنلار تەرىپىدىن «مەغلۇپ قىلىنغانلىقى» ئېنىق ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بەزى يەكۈنلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ.

تارىخچىلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، باغادۇر تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن باشلاپ، ھۇنلارنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى تېزدىن ئۆزگىرىپ قۇللۇق تۈزۈمگە قەدەم قويغان. باغادۇر تەڭرىقۇت شەرقتە توڭغۇسلار (东胡) غا زەربە بېرىپ، غەربتە توخارلارنى قوغلاپ، جەنۇبتا لۇفەن (楼烦)، بەيياڭ (白羊) ۋىلايەتلىرىنى قوشۇۋېلىپ، چىن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى مېڭ تيەن ئىگىلىۋالغان زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، زېمىنىنى خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسى بىلەن تۇتاشتۇرغان ھەمدە مىسلىسىز كۈچىيىپ «300 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرگە ئىگە»[9] قۇللۇق تۈزۈمدىكى ئىمپېرىيىگە ئايلانغان. مۇشۇ ئاساستا يەنە «شىمالدا ھۇنگرلار، كۇشەرلەر* (屈射)، دىڭلىڭلار، خاككاسلار ۋە سىبىرلار (新犁) نى بويسۇندۇرغان.»[10]

ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە، يۇقىرىدا دېيىلگەن تېلېلار سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار، خاككاسلار قىرغىزلار، سىبىرلار بولسا سيانپىلار ئىكەن. ھالبۇكى، ھۇنگرلار بىلەن كۇشەرلەرنى دەلىللەيدىغانلار ئىنتايىن ئاز. تۈركلەر رىۋايەتلەردىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، نەزەرىيە جەھەتتىن «دۆلەت» بولۇپ ئۇيۇشقان. ئۇنداقتا ھۇنگرلار بىلەن كۇشەرلەرنىڭ بىرەرى تۈركلەر قۇرغان «دۆلەت» مۇ، ئەمەسمۇ؟ رىۋايەتلەردىكى «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ساك دۆلىتىدىن، ھۇنلارنىڭ شىمالىدا» دېگەن بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بو-

لىدۇكى ، تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ قۇرغان دۆلىتى «ساك» دەپ ئاتالغان بولۇپ ، «كۇشەر» نى ئىتتىك تەلەپپۇز قىلغاندا ، «سۇ» دەپ ئوقۇلىدۇ ، «ساك» نىمۇ «كۇشەر» دەپ تەلەپپۇز قىلىش تامامەن مۇمكىن . ئەگەر تۈركلەرنىڭ «ساك دۆلىتى» دىڭلىڭلار ، خاككاسلار ، سىبىرلار بىلەن بىر ۋاقىتتا هۇنلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان بولسا ، ئۇ هالدا تۈركلەر هۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى «بەيتىك ئۇرۇشى» دىن ئىلگىرى ، يەنى چىن ـ خەن سۇلالىرى ئارىلىقىدا ، هۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان بولىدۇ .

هۇنلارمۇ قۇللۇق تۈزۈمدىكى بىر ئىمپېرىيە بولۇپ ، ئۇلار بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرگە قارىتا قۇللۇق تۈزۈمدىكى هۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغان ، قۇلدارلار بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى مال ـ مۈلۈك ۋە جىسمانىي جەهەتتىن خالىغانچە بۇلاپ ـ تالىغان هەم ئەزگەن ، ئەمما ئۇلار ئىجتىمائىي تۈزۈم جەهەتتە بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بولغاچقا ، يەنە بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن . تۈركلەر دەل مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي زىددىيەت ئىچىدە تەرەققىي قىلغان .

قىسقىسى ، تۈركلەر بىلەن هۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى بىلەن هۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى .

## تۈركلەر بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ هەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

تۈركلەر بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ هەرقايسى قەبىلىلىرى ئوخشاشلا هۇنلارنىڭ قەبىلە قۇللىرى بولۇپ ، هۇن قۇلدارلىرىنىڭ دەهشەتلىك قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان . هۇن ئىمپېرىيىسى كۈچەيگەن مەزگىلدە سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولغان بولسىمۇ ،

ئەمما ئاجىزلاشقاندىن كېيىن ، قوۋل قىلىنغان ھەرقايسى قەبىلە-لەر ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى . ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە گەرچە كۈچى ئاجىز بولسىمۇ ، قۇدرەتلىكرەك باشقا كۈچكە بېقىنىپ ، شۇنىڭ نامى بىلەن مەيدانغا چىققان تۈركلەرمۇ بار ئىدى .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ، ھۇن ئىمپېرىيىسى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 72 - يىلى ، ئۇسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى بىرلىشىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، ھۇنلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلىقتىن ، ھۇنلار ئۇسۇنلاردىن قاتتىق نارازى بولدى . كېيىنكى يىلى ، ھۇن «تەڭرىقۇتى نەچچە تۈمەن چەۋەن-دازنى باشلاپ ئۇسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئاجىز - زەئىپلىرىنى يوقىتىپ قايتتى . قايتىشىدا قاتتىق شىۋىرغان بو-لۇپ ، يەرنى قېلىن قار قاپلاپ ، ئادەم ۋە مال - چارۋىلار سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ ، ئارانلا ئوندىن بىرى ئامان قالدى . شۇنىڭ بىلەن ، دىڭلىڭلار شىمالدىن ، ئوغانلار شەرقتىن ، ئۇ-سۇنلار غەربتىن ھۇجۇم قىلدى . ئۇلار ھۇنلارنىڭ نەچچە 10 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ، نۇرغۇن ئات ، كالا ، قويلىرىنى ئولجا ئالدى . ھۇنلاردىن قالغانلىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ ، ئادەملەرنىڭ ئوندىن ئۈچى ، چارۋا - ماللارنىڭ ئوندىن بەشى قىرىلىپ كەت-تى ، ھۇنلار قاتتىق ئاجىزلىشىپ ، ھەرقايسى بېقىندى ئەللەر ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ ، ھۇنلار ئۇلارغا قارشى تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى . »[11] بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، تېلېلار ئالىلىقاچان ھۇنلارنىڭ شىمالىدا بىر مۇھىم كۈچكە ئايلان-غان بولۇپ ، قوشنا قەبىلىلەرمۇ تەبىئىيلا ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغان ھەمدە تېلېلار ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەن . تۈرك-لەرمۇ ئەلۋەتتە بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى بولۇپ ، ھۇنلار بىلەن بولغان كۈرەشتە ، ئۇلار بىلەن تېلېلار ئىتتىپاقىدىكى باشقا قەبى-

لىلەر ئوتتۇرىسىدا مەھكەم رىشتە ئورنىتىلغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 53 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە ھۇنلار ئىككىگە پارچىلىنىپ، شىمالىي ھۇنلار قايتىدىن دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇردى. خاككاسلار، ئوغۇزلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ۋە تۈركلەرمۇ دىڭلىڭلار بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى. شىمالىي ھۇنلار ھۆكۈمدارلىرى ئۈزۈلمەي تەخت ئالمىشىپ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن كۈچى بارا - بارا ئاجىزلىشىپ، بويسۇندۇرۇلغۇچىلار يەنە ئىسيان كۆتۈردى. «جەنۇبىي ھۇنلار ئالدى تەرەپتىن، دىڭلىڭلار ئارقا تەرەپتىن، سيانپىلار سول ياندىن، غەربىي يۇرتتىكىلەر ئوڭ ياندىن ھۇجۇم قىلىپ، شىمالىي ھۇنلار قەددىنى رۇسلىيالماي، يىراقلارغا قېچىپ كەتتى.»[12] شىمالىي ھۇنلار «يىراقلارغا قېچىپ كەتكەن» بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش دىڭلىڭلار ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قاڭقىللار ئىگىلىدى، قاڭقىللار قايتىدىن بىرىككەن بىر يېڭى ئىتتىپاق بولۇپ، ئاجىز تۈركلەر يەنە بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى بولدى. ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن، تۈركلەر بىلەن بۇ يېڭى ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ يەنىلا ئىناق دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولدى.

## تۈركلەر بىلەن قىرغىزلارنىڭ مۇناسىۋىتى

قىرغىزلار خەنزۇچە يەنە 隔昆، 坚昆، 纥骨، 纥扼斯، 黠戛斯 دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تارىخنامىلەردە: «قىرغىزلار قەدىمكى جيەنكۇن ئېلىدۇر... كېيىن يەنە خېگۇ، قىرغىز دەپمۇ ئاتالغان»[13]، «قىرغىزلار... ‹تارىخىي خاتىرىلەر›دە جيەنكۇن، ‹خەننامە›دە گېكۇن دېيىلگەن»[14] دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇلار ناملىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتتىن ئىبارەت.

تۈركلەرگە ئائىت تارىخىي رىۋايەتلەردە ، قىرغىزلار بىلەن
تۈركلەر ئورتاق بىر ئەجدادتىن — ىنشادۇردىن يارالغان دېيى-
لىدۇ . بۇنىڭدا ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، ئىككى-
سىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئوخشاش ئەمەس تۇرۇقلۇق ، رىۋايەتلەر-
دە قانداق بولۇپ ئۇلار بىر بولۇپ قالىدۇ ؟
تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، قىرغىزلار «بەستلىك ،
قىزىل يۈزلۈك ، قوڭۇر چاچلىق ، كۆك كۆزلۈك . . .»[15] بو-
لۇپ ، ئۇلاردا قېرىنداشلىرى ئۆلگەندە «يۈزىنى تىلىپ» ماتەم
تۇتىدىغان قائىدىمۇ يوق ئىكەن . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ-
كى ، ئىككىسىنىڭ ئەجدادى ھەرگىزمۇ بىر ئەمەس . قىرغىزلار-
نىڭ تەن قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ، ئۇلار ياۋروپا ئىرقىغا ئوخ-
شايدىغان بولۇپ ، ئارخېئولوگلار ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىدىن
سىبىرىيە ئەتراپلىرىغىچە بولغان جايلاردا مۇشۇ خىل ئىرقتىكى-
لەرنىڭ ياشىغانلىقىنى بايقىغان . ئەمما ، رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ
بىر ئەجدادتىن يارالغان دېيىلىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس . چۈنكى ،
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ~ 5 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ، موڭ-
غۇل ئىرقىدىكىلەرمۇ بۇ رايونلارغا كىرگەن ، مىللەتلەرنىڭ قو-
شۇلۇش نەزەرىيىسىدىن ئېيتقاندا ، ئىرقلارنىڭ قوشۇلۇشى تاما-
مەن مۇمكىن . تارىخنامىلەردە ، تۈركلەرنىڭ مۇقان قاغانى «يۈ-
زى قىپقىزىل ، كۆزلىرى كۆكۈچ»[16] دەپ تەسۋىرلەنگەن ، ئۇ
دەل بۇ خىل قوشۇلۇشنىڭ تىپىك ئۆلگىسىدۇر . قىرغىزلارنىڭ
ئىچىدىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇنداق ئەھۋال بولغان بولۇپ ، «قارا
چاچلىقلارنى يامان كۆرگەن ، . . . تۈركلەر قىزلىرىنى ئۇلار-
نىڭ ئاقساقاللىرىغا ياتلىق قىلغان .»[17] بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەت
بولغان .
تۈركلەر بىلەن قىرغىزلار ئۆزئارا نىكاھلىنىش مۇناسىۋى-
تىدە بولۇپلا قالماي ، يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ بىر - بىرى

بىلەن ھەمكارلاشقان. قىرغىزلارنىڭ يېرىدىن تۆمۈر كۆپ چىقىدىغان بولغاچقا، «ھەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا ئۇلار تۆمۈر قېزىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر ھەربىي قوراللارنى ياساپ، تۈركلەرگە ئۆتكۈزگەن.»[18] تۈركلەرمۇ تۆمۈر تاۋلاش بىلەن داڭق چىقارغاچقا، قىرغىزلارنىڭ قورال - ياراغ ياساش جەھەتتىكى «ئاجايىپ ھۈنىرىدىن»[19] پايدىلانغان ياكى ئۆزئارا ھۈنەرلىرىنى ئالماشتۇرغان.

قىسقىسى، تۈركلەر ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن تىل، ئۆرپ - ئادەت، ئىقتىسادىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم ئوخشاشلىققا ياكى يېقىنلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە سىياسىي جەھەتتىمۇ ئورتاق تەقدىر ۋە ئورتاق كۈرەش تارىخىنى باشتىن كەچۈرگەن، بۇ تۈركلەرنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىنغان.

## §3. تۈركلەرنىڭ بۆشۈك ماكانى

تۈركلەرنىڭ بۆشۈك ماكانى قەيەردە؟ تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇ تەڭرىتاغ چوققىسى* ( 勃登凝曦峰 ) دە بولۇپ، تارىخنامىلەردە: «(تۈرك) قاغانى ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرىدۇ... ھەر يىلى ئېسىلزادىلەرنى باشلاپ ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈرگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىدۇ. يەنە 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دەريا بويىغا يىغىلىپ، كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىدىن 500 چاقىرىم نېرىدا بىر ئېگىز چوققا بولۇپ، ئۈستىدە ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر يوق. ئۇلار ئۇنى تەڭرىتاغ دەپ ئاتايدۇ. شيا ئىقلىمىدىكىلەر بولسا يەر ئىلاھى دەپ ئاتايدۇ»[20] دەپ خاتىرىلەنگەن. تەڭرىتاغ كۆككە تاقاشقان ئېگىز چوققا بولۇپ، ئۇ ئۆتۈكەن تېغى جايلاش-

قان . ئۆتۈكەن تېغىغا يەنە تەڭرىتاغ دەپمۇ ئاتالغان . ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە ، ئۆتۈكەن تېغى هازىرقى قاڭغاي تېغى ئىكەن ، تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان شۇ رېنگوي ئۆچ ئوق بىلەنلا تىنچىتقان تەڭرىتاغ دەل هازىرقى قاڭغاي تېغى بولۇپ ، هەرگىزمۇ شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ ئەمەس . هازىر بەزىلەر يەنە ئۆتۈكەن تەڭرى ياكى ئۆتۈغۈن تەڭرى دەپ ، تاغ بىلەن چوققىنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتايدۇ .

تۈركلەرنىڭ قايسى ۋاقىتتا «ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈر » نى تاۋاپ قىلىدىغانلىقى ، يۇقىرىدىكى تارىخىي ماتېرىيالدا كونكرېت كۆرسىتىلمىگەن . پەقەتلا «هەر يىلى ئادەملىرىنى باشلاپ ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈرنى تاۋاپ قىلىدۇ ، يەنە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يىغىلىپ كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدۇ » دېيىلگەن بولۇپ ، «كۆك تەڭرى» گە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغان ۋاقىت هەرگىزمۇ «ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈرنى تاۋاپ قىلىدىغان» ۋاقىت ئەمەس .

«كۆك تەڭرى» گە نەزىر ـ چىراغ قىلىش «5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا» بولغانىكەن ، ئۇنداقتا «ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈر » نى تاۋاپ قىلىش بۇنىڭدىن بۇرۇن بولغانمۇ ياكى كېيىن بولغانمۇ ؟ غەربىي تۈركلەرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىدۇ : «غەربىي تۈركلەر مۇقان قاغانىنىڭ ئوغلى تاسپارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر ، ئىشبارا بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن . كېيىن بارا ـ بارا كۈچىيىپ شەرقتە ئۆتۈكەن تېغى ، غەربتە ئالتۇنتاغنى ئىگىلىگەن . . . ، هەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يىغىلىپ ئىلاهقا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدۇ ، قاغان ئەتىۋارلىق ۋەزىرلىرىنى ئەۋەتىپ ، ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈرنى تاۋاپ قىلىدۇ . »[21] بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، «ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈر » نى تاۋاپ قىلىش «كۆك تەڭرى» گە نەزىر ـ چىراغ قىلىشتىن بۇرۇن ، يەنى

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بولغان . ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈرنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن ، يەنە كۆك تەڭرىگە نەزىر - چىراغ قىلىش بىر مۇقىم قائىدە بولغاچقا ، غەربىي تۈركلەرمۇ ۋەزىرلە-رىنى ئەۋەتكەن .

هەر يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈر-نى تاۋاپ قىلىش تۈرك قاغانلىقى پارچىلانماستىن ئىلگىرىلا ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ ، قاغانلىق پارچىلانغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۆزگەرمىگەن . غەربىي تۈركلەر پەقەت سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى كۆزدە تۇتۇپلا ۋەزىرلىرىنى ئەۋەتكەن . ئەمما ، قا-غان يەنىلا ئۆز ئوردىسىدا قالغان . تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا ، ئۇلار ۋەزىرلىرىنى ئۆتۈكەن تېغىغا ئەۋە-تىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە «يىغىلىپ ئىلاھقا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلغان» ، بۇمۇ ئەجدادى ياشىغان ئۆڭكۈرنى تاۋاپ قى-لىش مەنىسىگە ئىگە بولۇپ ، پەقەتلا ئەجدادىنى تاۋاپ قىلىش بىلەن كۆك تەڭرىگە نەزىر - چىراغ قىلىش ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن .

غەربىي تۈركلەر «يىغىلىپ ئىلاھقا نەزىر - چىراغ قىل-غان» ئورۇن قەيەردە ؟ تارىخنامىلەردە بۇ ھەقتە خاتىرىلەر يوق . ئەمما ، تۈركلەرگە ئائىت رىۋايەتلەردىكى «ئىدىقۇتنىڭ شىمالى-دىكى تاغ» دىن تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى ، ئۇ دەل ئىدىقۇت-نىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ بولۇشى كېرەك . چۈنكى ، بۇ تاغدىمۇ بوغدا چوققىسى دەيدىغان بىر ئېگىز چوققا بار ، بۇ جاي قەدىمدە بىر سىرلىق جاي ئىدى . ئېھتىملىشچە ، ئۇمۇ تۈركلەرنىڭ قەل-بىدە ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن .

ئەجدادىنى تاۋاپ قىلىش بىلەن كۆك تەڭرىگە نەزىر - چىراغ قىلىش تۈركلەرنىڭ مۇھىم ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلمىغان قەدىمكى دەۋردە ، ئەجدادىنى

بۇنداق تاۋاپ قىلىدىغان ۋە كۆك تەڭرىگە نەزىر - چىراغ قىلىدى-
غان ئادەت ھەرقانداق مىللەتتە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولغان ، خەن-
زۇلارنىڭ پادىشاھلىرىمۇ تەيشەن تېغىغا چىقىپ نەزىر - چىراغ
قىلغان ، ئەمما مەنا جەھەتتە مەلۇم پەرقى بار . تۈركلەرنىڭ
ئەجدادىنى تاۋاپ قىلىشى ۋە كۆك تەڭرىگە نەزىر - چىراغ
قىلىشى ئۇيۇشچانلىقنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان بولسا ،
خەنزۇ پادىشاھلىرى ئۆز ئورنىنى نامايان قىلىشنى مەقسەت قىل-
غان .

تۈركلەرنىڭ ئەجدادىنى تاۋاپ قىلىش ۋە كۆك تەڭرىگە نەزىر - چىراغ قىلىشتا ئوخشاشلا 5 - ئاينى تاللىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، 5 - ئايدا دەل شىمالدا ئوت - چۆپ ، دەل - دەرەخلەر كۆكىرىدىغان چاغ ، بۇ چاغ مال - چارۋىلار يېڭى ئوت - چۆپكە ئېرىشىدىغان ، جۇملىدىن كۆپىيىپ ئاۋۇيدىغان پەسىلدۇر . شۇڭا ، بۇنداق نەزىر - چىراغ قىلىش يەنە باياشاد-لىقنى تىلەش مەنىسىگىمۇ ئىگە .

ئىنسانلارنىڭ توتېمغا ئېتىقاد قىلىش (تەبىئەتكە چوقۇ-نۇش ، روھلارغا ئېتىقاد قىلىش تارىخىنىڭ ئىلگىرىلىشى ، جۇملىدىن جەم-ئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكىدۇر . مىللەتشۇناسلىق نە-زەرىيىسىدىن قارىغاندا ، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامەسىدە توتېمغا ئېتىقاد قىلىش ئەۋج ئالغاچقا ، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامەسىگە كىرگەندىن كېيىن ، ئەجدادىغا ئېتىقاد قىلىش بارلىققا كەلگەن . بۇ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئاشقانلىقىنى ، مېڭىسى-نىڭ پەيدىنپەي تاكامۇللىشىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرى-دۇ . تۈركلەرنىڭ ئەجدادىغا ئېتىقاد قىلىشى ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ .

## ئىزاھلار :

①②⑥⑦⑧⑯⑳ «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»

③㉑ «سۇينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»

④⑤ «كۈنپېتىشتىكى تۈرلۈك قوۋملار»

⑨⑩⑪ «خەننامە . ھۇنلار تەزكىرىسى»

⑫ «كېيىنكى خەننامە . جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»

⑬ ⑰ ⑱ «يېڭى تاڭنامە . قىرغىزلار تەزكىرىسى»

⑭⑲ «تەيپىڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر . قىرغىزلار تەزكىرىسى»

⑮ «قانۇنلار قامۇسى . قىرغىزلار تەزكىرىسى»

ئىككىنچى باب

# تۈرك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قاغانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى

بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئۇزۇن بىر جەريان كېتىدۇ ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ كۆپ خىل ئامىللارنىڭ قوشۇلۇشىدىن بەلگىلىنىدۇ ، ھەرگىزمۇ مەلۇم ئىلاھنىڭ ئىرادىسىدىن بولمايدۇ .

تارىخ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەيدۇ ، بۇ جەرياندا ھەربىر مىللەت ئۇنداق ياكى مۇنداق ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ تۇرىدۇ ، ئەمما تارىخنىڭ تەرەققىياتى توختاپ قالمايدۇ ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى يەنىلا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئىلگىرىلەۋېرىدۇ ، مىللەتلەرمۇ مۇشۇ جەرياندا ئۆزى ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلارنى تەدرىجىي ھەل قىلىپ بارىدۇ .

تۈركلەر ئۇرۇق - قەبىلىدىن ئۇلۇس - مىللەتكە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئىككى قېتىم باشقىلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى ھەمدە قۇللۇققا چۈشۈپ قالدى . ئەمما ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، تۈركلەرمۇ پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىپ ، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلاپ ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى .

تۈركلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندىن

باشلاپلا ، ئاجايىپ شانلىق تارىخىي سەھىپىلەرنى قالدۇرۇپ ، ھۇن ئىمپېرىيىسى ۋە جۇرجان قاغانلىقى قىلىپ بولالمىغان ھەممە ئىشلارنى ئورۇندىدى .

## § 1 . تۈرك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى

تۈركلەر ئەسلى دىڭلىڭلار ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ، دىڭلىڭلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ھۇنلار بىلەن كۈرەش قىلغاندا تۈركلەرمۇ قاتناشتى . ئەمما ، كۆچى ئاجىز بولغاچقا ، كۈرەشتە پەقەتلا ياردەمچى كۈچ بولدى . شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا جەمئىيەت داۋالغۇپ ، ئىتتىپاق پارچىلاندى ، لېكىن تۈركلەر بۇ جەريانىدا تاۋلىنىپ ، قاڭغاي تاغلىرىدىن ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) ئەتراپلىرىغا بېرىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلدى . ئالتۇنتاغ ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش جەريانىدا ئون قەبىلىگە ، يەنى رىۋايەتلەردىكى «ئون ئوغۇلنىڭ ئۇرۇقى» غا تەرەققىي قىلىپ ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىللىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى يەنە ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ ، خېلى كۈچلۈك ئۇيۇشچانلىققا ئىگە ئىدى . كۈچلۈك ئۇيۇشچانلىققا ئىگە بولغان بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى «ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە» ئۈزلۈكسىز ئاۋۇپ ۋە تەرەققىي قىلىپ ، مىللەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەرقايسى ئاساسلىق ئامىللارنى ، يەنى ئورتاق زېمىن ، ئورتاق تىل ، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ھازىرلىغان سىياسىي گەۋدە بولۇپ شەكىللەندى . شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر بىر مۇكەممەل مىللەت قىياپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى .

«ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى» «يىپەك يولى» نىڭ مۇ-

هىم ئۆتكىلى بولۇپ ، شەرق ، غەربتىن كېلىدىغان سودىگەر ۋە
يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ماللىرىنى ئېلىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ
تۇراتتى . تارىخنامىلەردە قىرغىزلار بىلەن چەت ئەل سودىگەرلى-
رىگە ئائىت ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، «ئار (قىرغىز-
لارنىڭ سەردارى ) قىشتا بۇلغۇن تۇماق ، يازدا زەر قالپاق كىيە-
دۇ . . . ئاياللىرى ماموق ، كۆن ۋە كىمخاب ، يۇڭ ، شايىدىن
تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدۇ ، بۇلارنى ئەنشى ، بەشبالىق ۋە
ئەرەبلەردىن سېتىۋالىدۇ »[1] دېيىلگەن . قىرغىزلار تۇركلەرنىڭ
شىمالىدا بولۇپ ، ئەرەب سودىگەرلىرى ئۇلارنىڭ يېرىگە كەل-
گەن . دېمەك ، «يىپەك يولى» غا جايلاشقان ئالتۇنتاغ رايونىغا
چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .
شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىش جەريانىدا ، تۇركلەر
ئىستىخىيىلىك ياكى ئىستىخىيىسىز هالدا سىرتنىڭ مەدەنىيە-
تىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشى-
نى بېيىتقان ۋە تېز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بول-
غان .

«ئالتۇنتاغنىڭ كۇنگەي تەرىپى» دە كان بايلىقلىرى مول
بولۇپ ، تۆمۈر دەل شۇلارنىڭ بىرى ئىدى ، تۇركلەر مۇشۇنىڭ-
دىن بىر يۇرۇش پىششىق مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىغا ئىگە
بولغان ۋە بۇ ئارقىلىق هەرقايسى خەلقلەرگە تونۇلغان . ئۇلار
ئۆز يېرىدىكى تۆمۈر بايلىقىدىن پايدىلانغاندىن سىرت ، يەنە قىر-
غىزلاردىنمۇ تۆمۈر سېتىۋالغان . « (قىرغىز ) دىن ياخشى تۆمۈر
چىقىدىغان بولۇپ ، ئۇلار ئۇنى كاش ( 迦沙 ) دەپ ئاتىغان ۋە
تۇركلەرگە ئۆتكۈزگەن . »[2] هۇنلار ۋە جۇرجانلار هۆكۈمرانلىق
قىلغان مەزگىلدە ، تۇركلەر تۆمۈر تاۋلىغۇچى قەبىلە ۋە مىللەت
سۈپىتىدە قۇللۇق هۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغان ، هەتتا جۇرجانلار
ئۇلارنى «تۆمۈرچى قۇل» دەپ ئاتىغان . سابىق سوۋېت ئىتتىپا-
قى ئارخېئولوگى پاۋلوفكا موڭغۇلىيىنىڭ تۇغلا دەرياسى بويىدى-

كى نوياندايدىن بىر قەبرىنى بايقىغان. تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇ جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىسى ئىكەن، قەبرىدە تۆمۈردىن ياسالغان ھەر خىل دەپنە بۇيۇملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبولمىغاندىمۇ بىر قىسمى تۈركلەرنىڭ ئىكەن. تۈركلەرنىڭ تۆمۈرچىلىك ھۈنىرى دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ ۋە سەرخىللىشىپ، خەلقئارا سەھنىدە زور شۆھرەت قازانغان.

«ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى» دە كەڭ ۋە ئېسىل يايلاقلار بولۇپ، بۇ «چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ بىر جايدا ئۇزۇن تۇرمايدىغان»[3] تۈركلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر ئەۋزەل ماكان ئىدى. مال - چارۋىلار تۈركلەرنىڭ جېنى، شۇنداقلا سىرتقا ئالماشتۇرىدىغان مەھسۇلاتى بولغاچقا، ئۇلار تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتقان ھەم تۈرك مىللىتىنى قۇدرەت تاپقۇزغان.

بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن سىرت، يەنە تاشقى ئىجتىمائىي ئامىللارنىمۇ مۇھىم شەرت قىلىدۇ، بۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىغا، كۈرىشىگە باغلىق. تۈركلەر زامان ۋە ماكان جەھەتتە پايدىلىق پۇرسەتكە ئىگە بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا تېز باش كۆتۈرگەن.

بىرىنچىدىن، ھۇنلار «بويسۇندۇرۇش» ئارىلىقىدا، ئۆتۈكەن تېغىدىن ئايرىلىپ «ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى» گە ماكانلىشىپ، ئەۋزەل رايونلارنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى تەدرىجىي كۈچلەندۈرگەن.

ئىككىنچىدىن، ھۇنلارغا قارشى كۈرەشكە قاتنىشىش جەريانىدا، باشقا مىللەتلەر بىلەن سەپداشلىق رىشتىسى ئورنىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىمۇ قوغداپ، دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقان.

ئۈچىنچىدىن، جاڭ چيەننىڭ «يىپەك يولى» نى ئېچىشى بىلەن جۇڭگو، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئالاقىسى قويۇقلى-

شىپ ، «ئالتۇنتاغنىڭ كۇنگەي تەرىپى» دىن پايدىلىق «نەپ» كە ئىگە بولغان .

تۆتىنچىدىن ، ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇلمەي يۈز بېرىشى بىلەن قو- رال بىرىنچى ئېھتىياجغا ئايلانغان ، تۈركلەر مېتال تاۋلاش تېخ- نىكىسىغا ئىگە بولغاچقا ، باشقىلار ئۇلاردىن «ياردەم» قولىنى سۇنۇشنى ئۆتۈنگەن .

بەشىنچىدىن ، هۇنلار هۆكۈمرانلىقى دۇچ كەلگەن ئاساسىي خەۋپ جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ، قۇدرەتلىك خەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر ئى- دى . تۈركلەر هۇنلارغا قارشى كۈرەشكە قاتنىششتا ئەمەلىيەتتە خەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى بىلەن بىر سەپتە تۇرغان .

پۈرسەت بولغانىكەن ، ئەلۋەتتە پايدىلىنىش كېرەك . تۈرك- لەر مۇشۇنداق نۇرغۇن پۈرسەتلەردىن پايدىلىنىش جەريانىدا ، ئۆزىنى پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، بارلىق شارائىتلار پىش- شىپ يېتىلگەندىن كېيىن ، «تۆمۈرچى قۇل» لۇق زەنجىرىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ ، هەيۋەت بىلەن كەڭ تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويىدى .

## § 2 . تۈركلەرنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

دەۋر تەرەققىي قىلىدۇ ، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ ، تارىخ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ . تۈركلەرمۇ تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا پەيدىنپەي مىللەت بولۇپ ئۇيۇشتى .

تۈركلەر هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە ، ئۇزاق ئىپ- تىدائىي جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرۈپ ، قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويىدى . جۇرجانلار هۆكۈمرانلىق قىلغان مەز-

گىلدە، تەدرىجىي قەبىلە ئىتتىپاقىغا تەرەققىي قىلدى ھەمدە مىللەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىللارنى ھازىرلىدى. چوڭقۇر ئۇيۇشچانلىقى ۋە كۈچلۈك مىللەت ئىچكى ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن، تۈركلەر جوڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە بىر كىشىلىك ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. تۆۋەندە تۈركلەرنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## تۈركلەر بىلەن جۇرجانلارنىڭ مۇناسىۋىتى

تۈركلەر «ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى» دە تەرەققىي قىلىپ مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن چاغدا، خۇن ئىمپېرىيىسى يىمىرىلدى. خۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى «يىراقلارغا كەتكەن»④ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا جۇرجانلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى ھەمدە «غەربتە كىنگىت (قارا شەھەر) كە، شەرقتە چاۋشيەنگە، شىمالدا قۇملۇققا، جەنۇبتا چوڭ چۆللۈككە تۇتىشىدىغان» چوڭ قاغانلىق قۇردى، «ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى» دە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان تۈركلەرمۇ قاغانلىق تەۋەسىگە ئۆتتى. جۇرجان قاغانلىقىمۇ قۇللۇق تۈزۈمدىكى قاغانلىق بولغاچقا، ئەلۋەتتە قۇللۇق تۈزۈم خاراكتېرىدىكى سىياسەتنى يولغا قوياتتى. تۈركلەر بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، قاغانلىقنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندى. ئۇلار مېتال تاۋلاشقا ماھىر بولغاچقا، «تۆمۈرچى قۇل» دەپ ئاتالدى.

جۇرجانلار خەنزۇچە 茹茹، 蠕蠕، 芮芮 دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۆزلىرىنى بولسا جۇرجان دەپ ئاتىغان. ئەجدادى مۆڭكۈلۈگ* (木骨闾) بولۇپ، بەش دەۋر مەزگىلىدىن كېيىن سەللان*

( 世仑 ) نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە قۇدرەت تېپىپ ، قۇللۇق تۈزۈم-
دىكى قاغانلىق قۇرغان . تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن
مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ دەپسەندە قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ
قالغان . تارىخنامىلەردە : «دۇنخۇاڭ ، جاڭيېنىڭ شىمالىدىكى
كىچىك ئەللەر ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ ئۇلارغا بېقىنغان»[6]
دەپ خاتىرىلەنگەن . «تۆمۈرچى قۇل» بولۇش سۈپىتى بىلەن
تۈركلەرنىڭ ئۇچرىغان زۇلمى باشقا «كىچىك ئەللەر» نىڭكىدىن
كەم ئەمەس ياكى ئۇلاردىنمۇ ئېغىر ئىدى . ئەمما ، تۈركلەرنىڭ
سەردارى يەنىلا ئار - نومۇسقا چىداپ ، ئۇلارغا بويسۇنۇپ پەيدىن-
پەي ئۆزىنى كۈچەيتتى . مىلادىيە 410 - يىلى ، سەللان جەڭدە
مەغلۇپ بولۇپ ئۆلدى . ئارىدىن ئالتە ئەۋلاد ئۆتۈپ ، تۇلۇن*
( 豆伦 ) نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ، جۇرجانلارنىڭ ئىچكى قىسمى-
دىكى زىددىيەت بارا - بارا كېڭەيدى . «تولۇن ياۋۇز ، قانخور
بولۇپ ، چوڭ ۋەزىرلىرىدىن قۇ يىگىن* ( 侯医堙 ) ، شىراغ*
( 石洛侯 ) لار ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان . . . تۇلۇن
غەزەپلىنىپ ، شىراغنى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان دېگەن بەد-
نام بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە ئۈچ ئەۋلادىغىچە قۇل قىلىشنى
بۇيرۇغان .»[7] تۇلۇن ئۆزىنىڭ «چوڭ ۋەزىر» لىرىگە مۇشۇنداق
قىلغان يەردە ، بويسۇندۇرۇلغان قەبىلە ۋە مىللەتلەرگە ئەلۋەتتە
تېخىمۇ بەك زۇلۇم قىلاتتى . مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، قۇل
قىلىنغان قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ غەزىپى تولۇپ - تاشتى .
ئالدى بىلەن قاڭقىللار سەردارى ئاپۇرغۇر* ( 阿伏至罗 ) نىڭ
رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى ھەمدە قاڭقىللار باشچىلى-
قىدىكى قاڭقىل ئىتتىپاقىنى تەشكىللىدى . ئۆز ئورنىنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، «ئاپۇرغۇر . . . قوۋمىنى باشلاپ غەربكە
كەتتى .»[8] گەرچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئالتۇنتاغنىڭ كۈن-
گەي تەرىپى» گە ماكانلاشقان تۈركلەرنىڭ قاڭقىللارنىڭ قوزغى-
لىڭىغا قاتناشقانلىقى ئېيتىلمىغان بولسىمۇ ، ئەمما پاكىتلاردىن

قارىغاندا ، تۈركلەر قاڭقىللارنى قوللىغان . ئاپۇرغۇر «غەربكە كېتىش» تە مۇقەررەر ئالتۇنتاغدىن ئۆتەتتى ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۈركلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر يوق . بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ ئۇلارغا يول بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . تۈركلەرنىڭ قاڭقىللارنىڭ سېپىگە قوشۇلماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى ، ئۇلار كېيىنكى ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ، پۇرستى كەلگەندە قوزغىلاڭنىڭ يول باشچىلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، بىراقلا نۇسرەت قازانماقچى بولغان . مىلادىيە 545 - يىلى ، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ خانى ۋېندى تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتكەن ، «ئۇلار ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ : ‹چوڭ دۆلەتنىڭ ئەلچىسى كەلدى ، ئېلىمىز ئەمدى كۈچىيىدىغان بولدى › دېيىشكەن . »① غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ خانى ۋېندىنىڭ تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پاكىت ، تۈركلەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئاللىقاچان غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

قىسقىسى ، تۈركلەر بىلەن جۇرجانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى .

## تۈركلەر بىلەن قاڭقىللارنىڭ مۇناسىۋىتى

تۈركلەر ھۇن ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۈرەشتە ، دىڭلىڭلار ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرغاندى . دىڭلىڭلار ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى قەبىلىلەر يېڭىۋاشتىن بىرىكتى ھەمدە قاڭقىل نامى بىلەن دىڭلىڭلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىنى ئالدى . يېڭىدىن بىرىككەن بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئېگىز چاقلىق يوغان ھارۋىلاردا يۈرىدىغان بولغاچقا ، قاڭقىل دەپ ئاتالغان ،

ئۇلارنىڭ سەردارى بورلى قەبىلىسىدىن بولغان ئاپۇرغۇر ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ يېڭى ئىتتىپاقنى دىڭلىڭلار ئىتتىپاقى بىلەن سەۋەب ـ نەتىجە باغلىنىشى بار ياكى دىڭلىڭلار ئىتتىپاقىنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدىغان بولۇپ، «شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ ھەم قاڭقىللار، ھەم دىڭلىڭلار دەپ ئاتىلىشى»[10] مۇ مۇشۇنىڭدىن ئىدى.

قاڭقىللار دەسلەپتە دى (狄)، ئۇيغۇر (袁纥)، قوغۇرسۇ (斛律)، قاپىش (解批)، توققۇز ئۇغۇز (护骨)، ئىركىن (异奇斤) قاتارلىق ئالتە ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كېيىن بۆركلى (泣伏利)، تېلى (吐卢)، ئىلجان (乙旃)، تارلان (大连)، قوغو (屈贺)، دابىرغان (达搏)، ئايرون (阿仑)، مويۇن (莫允)، ئىركىن (俟斤)، بورلى (副伏罗)، قىيان (乞袁)، ئۆزۈبېي (右叔沛) قاتارلىق 12 ئۇرۇقتا كۆپەيگەن[11]. تۈركلەر ھۇنلارغا قارشى كۈرەشتە ئۇلار بىلەن سەپداشلىق رىشتىسى ئورناتقان، جۇرجانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن يەنىلا ئۇلار بىلەن ئورتاق تەقدىر ـ قىسمەتنى باشتىن كەچۈرگەن. ئاپۇرغۇر قوۋمىنى باشلاپ غەربكە ماڭغاندا، تۈركلەر ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان ھەم قوللىغان.

تۈركلەر بىلەن قاڭقىللار ھەم كونا دوستلۇقتا، ھەم يېڭى رىشتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر دوستانە ئۆتكەن.

## تۈركلەر بىلەن سيانپىلارنىڭ مۇناسىۋىتى

سيانپىلار قەدىمكى تۇڭخۇسلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ھۇن تەڭرىقۇتى باغادۇر تۇڭخۇسلارغا زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى سيانپى تېغىغا كېلىپ ماكانلاشقاچقا، ئۇلار تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېغىلىق كۆپىيىپ كۆ-

چى ئاجىزلاپ كەتكەن. ھالبۇكى، سىيانپىلار قىلىن تاغ - ئورمانلىقلاردا تەدرىجىي كۆچىيىپ پەيدىنپەي مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن ھەمدە شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلىغان. ھۇن ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى غەربكە كۆچۈپ كېتىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە ئەسلى ماكانىدا قالغان. سىيانپىلار شىمالىي چۆللۈكنىڭ تىزگىنسىز قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سىيانپى تېغىدىن ئايرىلىپ ھۇنلارنىڭ ماكانىغا كېلىپ، قەپقالغان ھۇن قوۋملىرى بىلەن ئۇچراشقان. بۇ ھۇنلارنىڭ تەدرىجىي سىيانپىلارغا سىڭىپ كېتىپ، سىيانپىلارنىڭ «ئەسكىرىي كۆچى ھۇنلاردىن ئېشىپ كەتكەن.»[12] ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، سىيانپىلار بىرنەچچە قەبىلىگە بۆلۈنگەن ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالدىنقى يەن، كېيىنكى يەن، غەربىي يەن، جەنۇبىي يەن، غەربىي چىن ۋە جەنۇبىي شىي قاتارلىق يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى قۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە تۇغبات قەبىلىسى تەدرىجىي كۈچىيىپ، تارىخنامىلەردە شىمالىي ۋېي دەپ ئاتالغان ھاكىمىيەتنى قۇرغان، شىمالىي ۋېي ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن سىيانپىلاردا بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر بولدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان جۇرجانلارنىڭ شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن باش تارتىشى ھەم مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى بارغانسېرى كۈچەيتىۋەتتى ھەمدە ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. مىلادىيە 534 - يىلى، شىمالىي ۋېي خانلىقى ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت تۈپەيلىدىن، غەربىي ۋېي ۋە شەرقىي ۋېيدىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەتكە پارچىلىنىپ كەتتى. جۇرجانلار بۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي ۋېي خانلىقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىۋالدى. غەربىي ۋېي خانلىقى ئۆزىگە كېلىدىغان بېسىمنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، جۇرجانلارغا قارشى تۇرىدىغان كۈچ ئىزدىدى. ھالبۇكى، بۇ ۋاقىتتا

قاڭقىللار غەربكە كەتكەن بولۇپ ، مۇئەييەن ئەمەلىي كۈچكە ئىگە قوۋم پەقەتلا تۈركلەر ئىدى . تۈركلەرمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇردى . «تۈمەننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ، ئۇلار پەيدىنپەي كۈچەييىپ چېگرا بويىدىكى شەھەرلەرگە كېلىپ سودا قىلىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىدى .»[13] بۇ تۈركلەرنىڭ جۇرجان قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ ، غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن ئالاقە باغلاشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . ئەمما ، غەربىي ۋېي خانلىقى تۈركلەرنى تېخى ئوبدان چۈشەنمەيدىغانلىقتىن ، مىلادىيە 542 - يىلى (غەربىي ۋېي خانى ۋېندىنىڭ داتۇڭ 8 - يىلى) ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق ئۇقۇشماسلىق يۈز بەردى . «8 - يىلى ، خان ئالتۇن دەستەكلىك كېڭەش بېگىنى سۈيجۇ ئايمىقىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى . تۈركلەر ھەر يىلى كۈزدە كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا باشلىدى . بۇرۇن پۇقرالار دائىم شەھەرگە كىرىپ بېكىنىۋالاتتى ، يۈ ۋېنزې كەلگەندىن كېيىن ، پۇقرالارغا ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىشنى بۇيرۇدى ھەمدە مۇھىم يول - ئۆتكەللەرنى ئوبدان ساقلاپ ، نۇرغۇن ئوتۇن - ياغاچ توپلىدى . تۈركلەر كۆرۈنگەن ھامان ئۇلارنى تىللاپ تېرىكتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى . شۇ يىلى 12 - ئايدا ، تۈركلەر لىيەنگۇ (连谷) غا بېسىپ كىرىپ نەچچە يۈز چاقىرىم يەرنى ئىگىلىۋالدى . يۈ ۋېنزې ئوت قويۇشقا بۇيرۇق بەردى ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە يەرنى ئوت - يالقۇن قاپلىدى . تۈركلەر چوڭ قوشۇن كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ، ئالمان - تالمان قېچىشتى ھەمدە نۇرغۇن ئات - ئۇلاغ ۋە قورال - جابدۇقلار چىقىم تارتتى .»[14] شۇنداقتىمۇ بۇ قېتىمقى ئۇقۇشماسلىق بىلەن غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تۈركلەرنى چۈشەندى ۋە ئۇلارنى بىرلىشىش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتىپ ، مىلادىيە 545 - يىلى

(غەربىي ۋېي خانى ۋېندىنىڭ داتوڭ 11 ـ يىلى ) ئالايتەن «جيۇچۇەندە تۇرۇپ قالغان ھۇن سودىگەر ئەننو پانتو»[15] نى تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى . شۇنىڭدىن تارتىپ غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن تۈركلەر دوستانە ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى ھەمدە تۈركلەرنىڭ جۇرجانلارغا قارشى تۇرۇش ئىشەنچىسىمۇ ئاشتى .

تۈركلەر بىلەن سىيانپىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى جۇرجانلارغا قارشى بىرلىشىش مۇناسىۋىتى دېيىشكە بولىدۇ .

## تۈركلەر بىلەن تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

«تېلې» بىر ئومۇمىي نام ، مەخسۇس ئىسىم ئەمەس . تارىخنامىلەردە : «تېلېلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر . قوۋمى ئەڭ كۆپ ، غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدە تاغ جىلغىسىنى ماكان تۇتۇپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ياشىغان»[16] ، «تېلېلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقىدۇر . تۈركلەر كۆچەيگەندىن كېيىن ، تېلېلارنىڭ قوۋملىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ ، كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتكەن»[17] دەپ خاتىرىلەنگەن . يۇقىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرنىڭ ئوخشاشلىقى كۆپ ، پەرقى ئاز . ئوخشاشلىقى كۆپ دېگەندە ، تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇلار بىردەك قوۋمى كۆپ ، ئەمما كۈچى ئاجىز دەپ قارالغان . پەرقى ئاز دېگەندە ، تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇلارنىڭ ئەجدادى بىردە «ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر» دېيىلسە ، بىردە «ھۇنلارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقىدۇر» دېيىلگەن .

تۆۋەندە بۇ ئىككى تارىخىي ماتېرىيالنى تەھلىل قىلىپ باقايلى :

بىرىنچى تارىخىي ماتېرىيالدىكى خاتىرە ئۆز ـ ئۆزىدىن زىددىيەتلىك ، «تېلېلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلا-

دىلىرىدۇر . قوۋمى ئەڭ كۆپ . . .» ئۇلار ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولسا، يەنە قانداقسىگە قوۋمى ئەڭ كۆپ بولىدۇ؟ ئەگەر تېلېلارنىڭ ئىچىدە ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ مۇمكىن بولار . ئەگەر ئۇلار ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى دېيىلسە، بۇ تارىخقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ .

ئىككىنچى تارىخىي ماتېرىيالدا : «تېلېلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقىدۇر» دېيىلگەن . «ئايرىم ئۇرۇقى» دېگەنلىكمۇ «كېيىنكى ئەۋلادى» دېگەنلىك ئەمەس . ئەمما، ئۇلا- رنىڭ «ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى» ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلساق، بۇمۇ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن بولماي قالىدۇ، چوقۇم ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى» بار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك .

تېلېلارنىڭ «قوۋمى ئەڭ كۆپ» بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەجدا- دىنى تاپماق تەس، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ئۇيغۇن كەلمەي قېلىشى مۇمكىن .

تېلېلارنىڭ زادى قانچىلىك قوۋمى بارلىقى توغرىسىدا تا- رىخنامىلەردىكى خاتىرىلەر بىردەك ئەمەس . «سۇينامە» دەپ 43 ئۇرۇقى بار، «كونا تاڭنامە» دە 15 ئۇرۇقى بار، «تەيپىڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» دە 18 ئۇرۇقى بار دەپ خاتىرىلەنگەن . گەرچە بۇ خاتىرىلەر ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ھەممىسىدىلا ئۇلارنىڭ قوۋمىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان .

قوۋمى كۆپ بولغان تېلېلار ھۇن ئىمپېرىيىسى كۈچەيگەن ۋاقىتتا، ئوخشاشلار ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان ۋە ئۇ- لارنىڭ قۇللىرىغا ئايلانغان . ھۇنلار ئاجىزلىشىپ، قارام خەلق- لەر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇلار دىڭلىڭلار ئىتتىپاقىنىڭ سې- پىگە قوشۇلغان . جۇرجانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، يەنە جۇرجانلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغان ۋە جۇرجانلارغا

قارشى كۈرەش جەريانىدا يەنە قاڭقىللار ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان. شۇڭا، بەزى ئالىملار تېلېلارنى تەتقىق قىلغان ۋاقىتتا، دائىم ئۇلارنى دىڭلىڭلار، قاڭقىللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلار ھەم باغلىنىشلىق، ھەم باغلىنىشلىق ئەمەس (باغلىنىشلىق ئەمەس دېگەندە، قان سىستېمىسى مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى، تېلېلارنىڭ ئىچىدە موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرمۇ، ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرمۇ بولغان).

بورلى قەبىلىسىنى ئاساس قىلغان قاڭقىللار ئىتتىپاقى ئاپۇرغۇرنىڭ باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ئېفتالىتلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. كېيىن يەنە ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ، جۇرجانلارغا قارشى كۈرەش قىلغاندا مەغلۇپ بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن، قاڭقىللار تەۋەسىدىكى تېلېلار بىرلىشىپ شەرققە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا، ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى تۈركلەر ئەمدى پۈرسەت پىشتى دەپ قاراپ، شەرققە يۈرۈش قىلماقچى بولغان تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا قايىل قىلدى. «(مىلادىيە 546 ـ يىلى، غەربىي ۋېي خانى ۋېندىنىڭ داتۇڭ 12 ـ يىلى) تېلېلار جۇرجانلارغا يۈرۈش قىلدى. تۈمەنمۇ قوۋمىنى باشلاپ قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئالدى.»[18] بۇ ئۇرۇشتا تۈركلەر ئەلۋەتتە ئاز كۈچ قوشمىغاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار باھانە تېپىپ جۇرجان قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇش كۈرىشىنى باشلىۋەتتى.

تۈركلەر بىلەن تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئورتاق كۈرەشتىكى دوستلۇق ئاساسىدا بىرىككەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە

كېلەلەيمىز: تۈركلەر مۇشۇ مەزگىللەردە پايدىلىق پۇرسەتلەر-دىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن ئىتتىپاقداشلارنى تاپقان ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىج-تىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرگەن. شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، بىر سەكرەپلا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى بىر مۇھىم كۈچ-كە ئايلانغان.

## § 3 . تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

تۈرك قاغانلىقى جۇرجان قاغانلىقىغا قارشى كۆرەش جەريا-نىدا قۇرۇلغان. شۇڭا، بۇ يەردە جۇرجان قاغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

جۇرجانلار ئۇڭكۇلۇگ* (郁久闾) ئۇرۇقىدىن، ئەجدادى مۆڭكۇلۇگ* (木骨闾). تەتقىقاتچىلار «مۆڭكۇلۇگ» بىلەن «ئۇڭكۇلۇگ» ئاھاڭ جەھەتتە يېقىن دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە ئەجدادىنىڭ ئىسمىنى ئۇرۇقىنىڭ نامى قىلىش ياكى ئۇرۇقىنىڭ نامىنى ئەجدادىنىڭ ئىسمى قىلىش تارىختا كۆپ كۆرۈلىدۇ. مۆڭكۇلۇگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى چۇلۇغۇي* (车鹿会) قوۋمىغا باش بولۇپ، ئۆزىنى جۇرجان دەپ ئاتىغان. بۇ ۋاقىتتا جۇرجانلار سيانپىلارغا بېقىناتتى. چۇلۇغۇيدىن ئۈچ ئەۋلاد ئۆ-تۈپ دەۋرىگە كەلگەندە، ئىچكى زىددىيەت كۈچەيدى. تىسۇغۇي* (地粟袁) ئۆلگەندىن كېيىن، جۇرجانلار ئىككىگە پارچىلى-نىپ، چوڭ ئوغلى پىغۇبات* (匹候跋) شەرقىي قىسمىنى، كىچىك ئوغلى توڭقارت* (缊纥提) غەربىي قىسمىنى ئىگىلى-دى. كېيىن توڭقارت سيانپىلار قۇرغان شىمالىي ۋېي خانلىقى-دىن يۈز ئۆرۈگەنلىكتىن، شىمالىي ۋېي خانلىقى ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پىغۇباتمۇ زەربىگە ئۇچرىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسيان تىنچىتىلدى ، ئەمما پىغۇباتنىڭ كىچىك ئوغلى سەللان قاتارلىقلار يوشۇرۇنچە قېچىپ كېتىپ قاڭقىللارغا بېقىندى ھەمدە جۇرجان قەبىلىلىرىنى تەرتىپكە سالدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ ، قاڭقىللار ئەكسىچە ئۇلار. نىڭ بېقىندىلىقىغا چۈشۈپ قالدى . سەللان ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ ، جۇرجان قاغانلىقىنى قۇردى ۋە زېمىنىنى غەربتە تەڭرى. تاغ ئېتەكلىرىگە ، شەرقتە چاۋشيەن دېڭىز بويلىرىغا ، شىمالدا قۇملۇققا ، جەنۇبتا چوڭ چۆللۈككە تۇتاشتۇرۇپ ، شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ چوڭ دۈشمىنىگە ئايلاندى .

مىلادىيە 402 ـ يىلىدىن 409 ـ يىلىغىچە (شىمالىي ۋېي خانلىقى داۋۇدىنىڭ تيەنشىڭ 5 ـ يىلىدىن مىڭ يۈەندىنىڭ يۇڭشىڭ 1 ـ يىلىغىچە ) جۇرجانلار شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قوزغىدى . شىمالىي ۋېي خانلىقى ئۇلارغا ھەر. بىي يۈرۈش قىلدى . سەللان چېكىنىش يولىدا كېسەل بىلەن ئۆلۈپ ، بىر نەۋرە ئىنىسى تارتان* （大檀 ） تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى . شىمالىي ۋېي خانلىقى يەنىلا ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاش. تۇردى ، لېكىن تارتان يەنە مەغلۇپ بولدى ، قاڭقىل قەبىلىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تارتاننى ئۆلتۈردى ۋە ئوغلى ئۇت* （吴提 ） نى تەختكە چىقاردى . ئۇت ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ، شىمالىي ۋېي خان. لىقى بىلەن يارىشىشنى قارار قىلدى . مىلادىيە 436 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي خانلىقى تەيۋۇدىنىڭ تەييەن 2 ـ يىلى ) ئۇت يەنە شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە مەغلۇپ بولۇپ چوڭ قۇملۇققا بارغاندا ئۆلدى . ئوغلى تۇغاچىن* （吐贺真 ） تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى ، تۇغاچىن ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئۇچىن* （予成 ） قاغان بولدى . بۇ مەزگىلدە ، جۇرجانلار بىلەن شىمالىي ۋېي خانلىقى باشتىن ـ ئاخىر دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇردى . ئۇرۇش ئۇزۇلمەي داۋاملاشقانلىقتىن ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىچكى زىددىيىتىمۇ بارغانسېرى كېڭەيدى . ئۇچىن ئۆلگەندىن

كېيىن ئوغلى تۇلۇن قاغان بولدى . تۇلۇن ياۋۇز ، ۋەھشىي بولغاچقا ، قوۋمى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغاي* ( 那盖 ) نى قاغان قىلىپ تىكلىدى . نافايدىن تۆت ئەۋلاد ئۆتۈپ ئاناغۇي* ( 阿那瑰 ) نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ، جۇرجانلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى . بۇ ۋاقىتتا ، شىمالىي ۋېي خانلىقىمۇ ئۇرۇشتا ئېغىر ھالسىراپ ئىچكى زىددىيىتى ۋە ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، غەربىي ۋېي ۋە شەرقىي ۋېي خانلىقلىرى ئۈستۈنلۈك تالىشىشقا باشلىغانىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەر ئۈچۈن ئەۋزەل ئىجتىمائىي شاراىت يارىتىپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەتئىي ھالدا قوزغىلاڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، جۇرجانلارغا ھۇجۇم قوزغىدى . «تۈمەن . . . ئۆز ئېلىنىڭ كۈچەيگەنلىكىگە تايىنىپ جۇرجانلارغا تويلىشىش تەلىپىنى قويدى . جۇرجانلارنىڭ سەردارى ئاناغۇي قاتتىق غەزەپلىنىپ ، ئەلچى ئارقىلىق : ‹سەن مېنىڭ تۆمۈرچى قۇلۇم تۇرۇقلۇق ، بۇنداق گەپنى قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ ! › دەپ ئۇنى ھاقارەتلىدى . تۈمەن دەرغەزەپ بولۇپ ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى . »[19]

مىلادىيە 552 ـ يىلى (غەربىي ۋېي خانلىقى فېيدىنىڭ تۇنجى يىلى ) ، «تۈمەن قوشۇن چىقىرىپ جۇرجانلارنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قاتتىق مەغلۇپ قىلدى . »[20] جۇرجان ھۆكۈمرانى ئاناغۇي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ ، شاھزادە ئانراچىن ( 庵罗辰 ) بىلەن ئىنىسى ئەلتەبىر تەڭدۇق* ( 侯利登注 ) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قۇتلۇق ( 库提 ) قاتارلىقلار ئەگەشكۈچىلىرىنى ئېلىپ شىمالىي چى خانلىقىغا قاچتى (شىمالىي چى خانلىقى شەرقىي ۋېي خانلىقى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ ، جۇرجانلار بىلەن شەرقىي ۋېي خانلىقىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى بار ئىدى ، شۇڭا ئۇلار شىمالىي چى خانلىقىغا قاچقان ) .

«قىپچاقالغانلىرى تەگدۇقنىڭ كىچىك ئوغلى تەبات» (铁伐) نى ھۆكۈمران قىلىپ تىكلىدى.»[21] يەنە بىر قىسىم جۇرجان قوۋملىرى بولسا «ئاناغۇينىڭ تاغىسى تەگشۇز» (邓叔子) نى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلىدى.»[22] شۇنىڭ بىلەن جۇرجان قاغانلىقى چاك - چېكىدىن پارچىلىنىپ، نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى. شۇ يىلى، تۇمەن ئۆزىنى ئىلىگ قاغان دەپ ئاتاپ، تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

جۇرجان ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيتتى، تۈركلەرمۇ ئۇلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىگە يول قويمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتى.

تۇمەن ئاناغۇينى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، تۇمەننىڭ ئوغلى قارا (科罗) «يەنە تەگشۇزنى يايلاقنىڭ شىمالىدىكى مۇراي تېغى» (木赖山) دا مەغلۇپ قىلدى.»[23] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «تەباتمۇ قىتانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.»[24] چۆللۈككە تارىلىپ كەتكەن جۇرجانلار ھۆكۈمرانسىز سەرسان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شىمالىي چى خانلىقىنىڭ خانى ۋېن شۇەندى سەرسان بولۇپ يۈرگەن جۇرجانلارنى يېڭىۋاشتىن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مىلادىيە 553 - يىلى (غەربىي ۋېي خانلىقى فېيدىنىڭ 2 - يىلى، شىمالىي چى خانلىقى تيەنباۋ 4 - يىلى) «تەگدۇقنىڭ ئوغلى قۇتلۇقنى شىمالغا قايتۇرۇپ كەلدى... قوۋمدىكىلەر ئۇنى قايتىدىن ھۆكۈمران قىلىپ تىكلىدى. شۇ يىلى، ئۇلار يەنە تۈركلەردىن مەغلۇپ بولۇپ، چى خانلىقىغا قېچىپ كەلدى.»[25] شىمالىي چى خانى ۋېن شۇەندى ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىش ۋە جۇرجانلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش نىيىتىگە كېلىپ، «شىمالدا تۈركلەرگە يۈرۈش قىلىپ، جۇرجانلارنى ئۆز پاناھىغا ئالدى.»[26] دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، تۈرك قاغانلىقىدا چوڭ كېلىشمەسلىك يۈز

بەردى ، يەنى ئىلىگ قاغان تۇمەن ئۆلۈپ ، تۈركلەر قايغۇلۇق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار ئامالسىز «سۈلھ تەلەپ قىلىپ چىكىندى . »[21]

ئىلىگ قاغان تۇمەن ئۆلگەندىن كېيىن ، ئوغلى قارا قاغان بولۇپ ، ئۆزىنى ئىككىنچى قاغان دەپ ئاتىدى . ئىككىنچى قاغان قارا يېڭىدىن تەختكە چىققاندا ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ، شىمالىي چى خانلىقىدىن كېلىدىغان بېسىمنى يەڭگىللىتىشكە موھتاج ئىدى . شۇڭا ، ئۇ مىلادىيە 553 - يىلى (شىمالىي چى خانلىقى ۋېن شۈەندىنىڭ تيەنباۋ 3 - يىلى ) شىمالىي چى خانلىقىدىن «سۈلھ » تەلەپ قىلدى ھەمدە ئارقىدىن 50 مىڭ تۇياق ئات تارتۇق قىلىپ دوستلۇقنى بىلدۈردى . شۇ يىلى ، ئىككىنچى قاغان قارا كېسەل بىلەن ئۆلۈپ ، ئىنىسى ئېركىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۆزىنى مۇقان قاغان دەپ ئاتىدى . «ئېركىننىڭ يەنە بىر ئىسمى يىندۇر* ( 燕都 ) بولۇپ ، تەقى - تۇرقى غەلىتە ، ئەمما بەستلىك ، يۈزى قىزىل ، كۆزلىرى كۆك ، مىجەزى چۇس ، ھەربىي يۈرۈشكە خۇمار ئىدى . »[22]

شىمالىي چى خانلىقىنىڭ خانى ۋېن شۈەندى قۇتلۇقنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن نارازى بولغانلىقتىن ، ئۇنى بىكار قىلىپ ، ئورنىغا ئاناغۇينىڭ ئوغلى ئانراچىن ھۆكۈمدار قىلدى . ھالبۇكى ، ئانراچىن ۋېن شۈەندىنىڭ تۈركلەرگە يارىشىش سىياسىتى قوللىنىشىدىن نارازى ئىدى . شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 554 - يىلى (غەربىي ۋېي خانلىقى گۇڭدىنىڭ 1 - يىلى ، شىمالىي چى خانلىقى تيەنباۋ 5 - يىلى ) جۇرجانلار بىلەن شىمالىي چى خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى . «ئانراچىننى ئاسىيلىق قىلدى ، ۋېن شۈەندى ئۆزى جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ، ئانراچىن ئاتا - بالا شىمالغا قېچىپ كەتتى . »[23] مۇقان قاغان ئېركىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇرجانلارغا

ھۇجۇم قىلىپ، ئانراچىننى غەربىي ۋېي خانلىقىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. «بۇ چاغدا، جۇرجانلار كۆپ قېتىم تۈركلەردىن مەغلۇپ بولغانىدى. غەربىي ۋېي خانلىقى گۇڭدىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 555 ـ يىلى)، ئۇلارنىڭ مىڭ ئائىلىلىكتىن كۆپرەك قوۋمى گۇەنجۇڭ (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە — تەرجىماندىن) غا قېچىپ كەتتى. تۈركلەر ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە ھەم غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن ئەپ ئۆتىدىغانلىقىغا تايىنىپ، ئۇلارنىڭ چوڭ دۆلەتنىڭ ھىمايىسىدە قايتا كۈچلىنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، غەربىي ۋېي خانلىقىدىن ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.»[30] بۇ ۋاقىتتا، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن يۈ ۋېنتەيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ۋېي گۇڭدى يۈەنكو ئاللىقاچان قورچاققا ئايلىنىپ قالغانىدى. يۈ ۋېنتەي تۈركلەرنىڭ تەلىپىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، «جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمدارىدىن باشقا مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى باغلاپ تۈرك ئەلچىسىگە، چىڭمېن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا قەتلى قىلىشقا تاپشۇرۇپ بەردى، نارەسىدىلەرنى بەگ ـ تۆرىلەرگە قۇل قىلىپ بەردى.»[31] قېچىپ كەتكەن تەڭشۇزىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولدى. شۇنىڭ بىلەن جۇرجان قاغانلىقى تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولدى.

جۇرجان قاغانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، تۈرك قاغانلىقى شىمالدا قەد كۆتۈردى. تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي شارائىت پايدىلىق پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. ئابستراكت قىلىپ ئېيتقاندا، قۇللۇق تۈزۈم زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا باشلاپ، قۇللۇق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقى بارلىق ئۇرۇق، قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. كونكرېت ئېيتقاندا، جۇرجانلار بىلەن ۋېي خانلىقىنىڭ سۈركىلىشى ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ سۈركىلىشى بولۇپ، جۇرجانلارنىڭ مەغ-

لۇپ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى . ئۇنىڭدىن قالسا ، تۈرك سەركەر-
دىلىرى قابىلىيەتلىك بولغانلىقتىن ، شارائىت پىشىپ يېتىلمە-
گەن ئەھۋالدا ئار - نومۇسقا چىداپ ، قۇللۇقتا سەۋر قىلىپ ،
شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن رەقىبىنى پۈتۈنلەي يوقى-
تىدىغان قەتئىي ئىرادە بىلەن جۇرجانلارغا ھۇجۇم قوزغىغان
ھەمدە شەرقىي ، غەربىي ۋېي خانلىقلىرىنى ئۆزلىرىگە يېڭىچە
نەزەر بىلەن قارايدىغان قىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، قاغانلىق قۇ-
رۇلۇشتىن ئىلگىرى ، تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئۇ-
رۇق ، قەبىلە ۋە مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بول-
غان ، قاغانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن ، تۈرك قاغانلىقىنىڭ يول-
باشچىلىرى ئورتاق تىلنى ۋاستە قىلىپ ، بارلىق تۈركىي تىل-
لىق خەلقلەرنى «تۈرك قوۋمى» دەپ ئاتاپ ، تۈرك مىللىتىنى
كۈچەيتكەن ھەمدە قۇدرەتلىك قوشۇن تەشكىللەپ ، ئۇنى قاغان-
لىقنىڭ ئۇلى قىلغان .

تۈرك قاغانلىقى ھۇنلار ، جۇرجانلاردىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ
شىمالىدا قۇرۇلغان ئۈچىنچى قاغانلىق ، شۇنداقلا ئېلىمىز تارى-
خىدىكى زور تەسىرگە ئىگە قاغانلىق بولۇپ ، ئۇ كېيىنكى ئالىم-
لار تەتقىق قىلىدىغان ئاساسىي ئوبيېكتلارنىڭ بىرى بولۇپ قال-
دى .

## 4 § . تۈرك قاغانلىقىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى

ئىلىگ قاغان تۇمەندىن مۇقان قاغان ئېركىنىنىڭ دەۋرىگە
كەلگۈچە ئۈچ ئەۋلاد قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈ-
رۈپ ، ئاخىر جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە كۈچىيىپ قا-
غانلىق قۇردى .

مۇقان قاغان ئېركىن تۈركلەرنىڭ مەشھۇر سىياسىئونى

ھەم ھەربىي ئالىمى بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە، تۈرك قاغانلىقى كۆچىيىشكە قاراپ يۈزلەندى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا قەد كۆتۈرۈپ، كېڭەيمىچىلىك يولىغا قاراپ ماڭدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە: «ئېركىن غەربتە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شەرقتە قىتانلارنى قوغلاپ، شىمالدا قىرغىزلارنى قوشۇۋېلىپ، سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، زېمىنىنى شەرقتە لياۋخەي دېڭىزىنىڭ غەربىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىغىچە، شىمالدا (بايكۆل بايقال كۆلى) نىڭ ئەتراپىغىچە يەتكۈزگەن.»[32] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «تۇيغۇنلار» غا زەربە بېرىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان.»[33] تۆۋەندە بۇنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## شەرقتە قىتانلارنى قوغلاش

قىتانلار قەدىمكى تۇڭغۇسلار بولۇپ، سيانپىلارنىڭ بىر تارمىقىدۇر. سيانپىلار كەڭ كۆلەمدە جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەن ھەمدە شىمالىي ۋېي ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ۋاقىتتا، بىر قىسىم سيانپىلار خۇاڭشۇي دەرياسى (潢水 يەنى شىرا مۆرەن — م.) نىڭ جەنۇبىدا ماكانلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۆزىنى قىتان دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ زېمىنىمۇ بارغانسېرى كېڭەيگەن. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، زېمىنى «شەرقتە كورىيىگە، غەربتە قۇمۇقلارغا، جەنۇبتا يىڭجۇ ئايمىقىغا، شىمالدا موغاللار، شىرۋىلارغا تۇتاشقان بولۇپ، . . . لىڭجىڭ تېغىنى ماكان تۇتۇپ ئۆزىنى مۇستەھكەملىگەن.»[34] شۇ ۋاقىتتا، ئۇلار سەككىز ئۇرۇقتا بۆلۈنگۈن بولۇپ، ھەربىر ئۇرۇقتا بىردىن ئاقساقال ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە بىرەيلەننى ئورتاق ھۆكۈمدار قىلىپ تىكلىگەن. شىمالىي ۋېي خانلىقى مەزگىلىدە، قىتانلار ئۇلارغا ئۇزۇلدۇرمەي ئولپان تاپ-

شۇرۇپ تۇرغان . شىمالىي ۋېي خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن ،
ئۇلارنىڭ ۋېي خانلىقى ۋە كېيىنكى شىمالىي چى خانلىقى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى يامانلاشقان . شىمالىي چى خانلىقىنىڭ پادى-
شاھى ۋېن شۇەندى ئۆزى چوڭ قوشۇن باشلاپ ئۇلارغا يۇرۇش
قىلىپ ، قىتانلار ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ، «100 مىڭدىن
ئارتۇق ئادىمى ، نەچچە 100مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق مال ـ چارۋى-
سى ئولجا ئېلىنىپ»⑳ ، كۈچى ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن .
مۇقان قاغان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىتانلارغا ھۇجۇم قىلى-
غان . نەتىجىدە ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كورېيىگە قېچىپ كەت-
كەن . كۆپ قىسمى تۈرك قاغانلىقىغا ئەل بولۇپ ، تۈرك ئاقسۆ-
ڭەكلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان .

## تۇيغۇنلارغا زەربە بېرىش

تۇيغۇنلار سيانپىلاردىن كېلىپ چىققان بولـۇپ ، مويۇن
( 慕容 ) سيانپىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار ئىدى . سيانپىلار-
نىڭ مويۇن قەبىلىسى شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە لياۋ-
دۇڭ ئەتراپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان . غەربىي جىن سۇلا-
لىسىنىڭ دەسلەپكـى مەزگىللىرىدە سەركـەردە مويـۇن شىگۈي
( 慕荣涉归 ) نىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭشەن تېغى ئەتراپلىرىغا
كۆچۈپ كەلگەن . مويۇن شىگۈينىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ ، چوڭ
ئوغلى مويۇنبى ( 慕荣毕 ) ، كىچىك ئوغلى تۇيغۇن ئىدى .
مويۇن شىگۈي ئۆلگەندىن كېيىن ، ئىككى ئوغلىنىڭ ئوتتۇرىسى-
دا زىددىيەت پەيدا بولۇپ ، تۇيغۇن قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ
غەربكە كۆچۈپ كۆكنۇر (ھازىرقى چىڭخەي ــ م . ) تەۋەسىگە
كەلگەن ھەمدە كېيىنچە كۈچى زورىيىپ گەنسۇنىڭ غەربىي جە-
نۇبي ۋە سىچۇەننىڭ غەربىي شىمالىي رايونلىرىنى ئىگىلىگەن .
ئۇلار بۇ جايلاردا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ، چياڭلارنى ۋە باشقا
يەرلىك خەلقلەرنى قوشۇۋالغان ھەمدە ئۆزلىرىنى تۇيغۇن دەپ

ئاتاپ، تۇيغۇن مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن. 7 - ئەۋلاد سەر-
كەردىسى شۇلاغان* (树洛干) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى
تۇيغۇنلارنىڭ خانى، ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى دەپ ئاتاپ، «غەربتىكى
ئۇرۇقلارنىڭ خوجىسى بولدۇم» دەپ قارىغان[36]. شۇلاغاندىن يەنە
ئۈچ ئەۋلاد ئۆتۈپ قولۇي* (夸吕) دەۋرىگە كەلگەندە، شىمالىي
ۋېي خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي ۋېي دەپ ئىككىگە پارچىلىنىپ،
شەرقىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئۇزۇن ئۆتمەي شىمالىي چى
خانلىقى ئالدى. قولۇي غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن بەزىدە ئۇرۇ-
شۇپ، بەزىدە يارىشىپ ئۆتتى، شەرقىي ۋېي خانلىقى ۋە شىمالىي
چى خانلىقىغا بولسا دوستانە پوزىتسىيە تۇتتى. مىلادىيە 556 - يىلى
(غەربىي ۋېي خانلىقى تيەندىنىڭ 3 - يىلى)، قولۇي ئالاقە
باغلاش ئۈچۈن شىمالىي چى خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ ئەل-
ۋەتتە غەربىي ۋېي خانلىقىغا پايدىسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئەلچىسى
يولدا غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ لياڭجۇدىكى ئايماقبېگى ھەم ئۇ-
لۇغ سانغۇنى شىنىڭنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن، بۇ ھەرى-
كەت غەربىي ۋېي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغى-
دى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇقان قاغان تۇيغۇنلارغا ئەسكەر
چىقاردى. قوشۇن لياڭجۇغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلۇغ سانغۇن
شىنىڭ بۇيرۇققا بىنائەن چەۋەندازلارنى باشلاپ تۈركلەرگە ھەم-
دەم بولدى، «بۇ ۋاقىتتا، مۇقان قاغان لياڭجۇدىن ئۆتۈپ
تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى، تەيزۇ (غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ
تيەندى خانى يۈەنكو) شىنىڭغا چەۋەندازلىرىنى باشلاپ ئارقىسى-
دىن ئەگىشىشكە بۇيرۇق قىلدى.»[37] تۇيغۇنلار تەۋەسىگە كىر-
گەندىن كېيىن، مۇقان قاغان شىنىڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل
قىلىپ، قوشۇنلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇيغۇنلارنىڭ شۇتۇن*
(树敦) ۋە قاچىن* (贺真) قاتارلىق ئىككى بازىسىغا ھۇجۇم
قىلىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىپ قاتتىق مەغلۇپ
قىلدى. مۇقان قاغان بىلەن شىنىڭ غەلىبە بىلەن كۆكنۇرغا

قايتقاندىن كېيىن ، «مۇقان قاغان شىنىڭنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە پاراسەتلىكلىكىنى ماختىدى ھەمدە شىنىڭنىڭ بارگاھى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ ، ئۆز قولى بىلەن ئۇنى ئاتلاندۇرۇپ قويدى . . . شىنىڭ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، مۇقان قاغان يەنە ئۇنىڭغا 100 قۇل ، 500 ئات ، 10 مىڭ تۇياق قوي تارتۇق قىلىپ ئەۋەتتى . »[8] شۇنىڭدىن كېيىن ، تۇيغۇنلارنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ ، تۈركلەر تېخىمۇ كۈچەيدى .

## شىمالدا قىرغىزلارنى قوشۇۋېلىش

قىرغىزلار بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ ، ھۇنلارغا ، جۇرجانلارغا قارشى كۈرەش جەريانىدىلا سەپداشلىق رىشتىسى ئورنىتىلغان ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ تەڭ تەرەققىي قىلغان . تۈركلەر يەنە ئۇلار بىلەن توپلىشىپ ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن . تۈرك قاغانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش بولمىدى ، ئۇرۇشمۇ يۈز بەرمىدى ، قىرغىزلار ئۆزلۈكىدىنلا تۈرك قاغانلىقىغا قارام بولدى .

## غەربتە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىش

ئېفتالىتلار ئابداللار ، ئاق ھۇنلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ قايسى مىللەتكە مەنسۇپلۇقى توغرىسىدا تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەر قالايمىقانراق بولۇپ ، راست - يالغانغا ھۆكۈم قىلماق تەس ، يەنىلا ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى بايقاشلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئېفتالىتلار مىلادىيە 5 - ئەسىردە جۇرجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن ، ئەسلى ماكانى — ئىدىققۇت (تۇرپان) دىن ئايرىلىپ ، غەربكە كۆچۈپ ماۋەرەئۈننەھر ۋە ئافغانىستاننىڭ

شىمالىي قىسمىغا كەلگەن بولۇپ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تازا كۆچەيگەن. تارىخنامىلەردە: «غەربىي يۇرتتىكى سوغدىيانا، ئۇدۇن، ساكارائۇل، ئارساك ۋە باشقا 30 دىن ئارتۇق كىچىك ئەل ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، چوڭ دۆلەت دەپ نام ئالغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار يەنە شىمالدا تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا كۆز تىككەن. بۇ ۋاقىتتا، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا جۇرجانلارغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان قاڭقىل قەبىلىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆچمە جەنۇبتا ھازىرقى قاراشەھەر ئەتراپىغا يېتىپ بارغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، قاڭقىللار بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ توقۇنۇشى قارا شەھەرنىڭ جەنۇبى، كۇسەننىڭ شىمالىدا قانات يايدى. كۇسەن خانى ئۇرۇشتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئوردىسىنى ھازىرقى شايارنىڭ يانتاق چۆل دېگەن يېرىگە يۆتكىدى. ئېفتالىتلار بىلەن قاڭقىللارنىڭ كۈرىشى نەتىجىسىدە، قاڭقىللار مەغلۇپ بولۇپ، ئېفتالىتلار شىمالغا ئىلگىرىلەپ، ئىدىققۇت ئەتراپلىرىنى ئىگىلىدى. بۇ ۋاقىتتا، تۈرك قاغانلىقى دەل كۆچىيىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، تەسىر كۈچى غەربكە سوزۇلۇشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار غەربىي يۇرتتا ئېفتالىتلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. «دەسلەپتە، ئىستەمى تەڭرىقۇتقا ئەگىشىپ ئون چوڭ سەركەردىگە، 100 مىڭ ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ھۇن ئەللىرىنى تىنچىتىپ، قاغان بولماقچى بولغان، . . . ئۆز ئېلىدە ئۇ باغادۇر ئىدى.»[40]

ئىستەمى ئىلىگ قاغان تۇمەننىڭ ئىنىسى بولۇپ، «تەڭرىقۇتقا ئەگەشكەنلىكى» ئىلىگ قاغان تۇمەنگە ئەگەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ 10 چوڭ سەركەردىگە، 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغاندا، غەربىي يۇرتتىكى ئاساسىي رەقىبى ئېفتالىتلار ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «قاغان بولماقچى بولغان»، «ئۆز ئېلىدە

باغادۇر ئىدى» دېگەننى شۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئىستەمى كۆچى خېلىلا كۈچلۈك بولغاچقا، قاغان بولۇش خىيالىدا ياكى خاھىشىدىمۇ بولغان، ئەمما قاغانلىق ئىچىدە يەنىلا ئۆزىنى باغادۇر دەپ ئاتىغان. باغادۇر يابغۇ دېگەنلىك بولۇپ، تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئەمەل - مەنسەپلىرى ئىچىدە قاغاندىنلا كېيىن تۇرىدىغان يۇقىرى ئەمەل ئىدى. شۇڭا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئىستەمى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىمىغان.

ئىستەمى ئېفتالىتلار بىلەن بولغان كۈرەش جەريانىدا، ئېفتالىتلار بىلەن پارسلارنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلانغان. ئېفتالىتلار كېڭەيمىچىلىك قىلىش جەريانىدا پېرسىيىدىكى ساسانىلار سۇلالىسى بىلەن نەچچە ئون يىل ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى قارام بولۇپ ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. مىلادىيە 484 - يىلى (شىمالىي ۋېي خانلىقى شياۋۋېندىنىڭ تەيخې 6 - يىلى) ساسانىلار خانى پېرۇز ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چىداپ تۇرالماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىر ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ، (پېرسىيە قوشۇنى ئۇرۇشتا) «پۈتۈنلەي قىرىلىپ، ئۆزىمۇ جەڭدە ھالاك بولغانىدى.»[41] شۇڭا، پارسلار بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ئۆچ - ئاداۋىتى بار ئىدى.

ئىستەمى ئېفتالىتلارنى تەلتۆكۈس يېڭىش ئۈچۈن، قىزىنى ئەينى ۋاقىتتىكى پېرسىيە خانى خۇسراۋ I غا ياتلىق قىلىش ئارقىلىق «تۈرك - پارس ئىتتىپاقى» شەكىللەندۈرۈپ، ئېفتالىتلارغا ئالدى - كەينى تەرەپتىن قىسىپ زەربە بېرىدىغان ۋەزىيەتنى پەيدا قىلغان. بەش يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، مىلادىيە 568 - يىلى (شىمالىي چى خانلىقى كېيىنكى خان تيەنتۇڭنىڭ 4 - يىلى) ئاخىر ئېفتالىتلارنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلغان.

ئىپتالىتلارنى يېڭىپ غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇ-
قىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ تۆھپىسى ئەلۋەتتە ئىستەمىگە مەنسۇپ
ئىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ، يەنە كېيىنكى غەربىي تۈرك قاغانلى-
قىغىمۇ ئاساس سېلىنغان .

## § 5 . شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي چى خانلىقىغا زەربە بېرىش ۋە تۈرك - پارس ئۇرۇشى

تۈرك قاغانلىقىنىڭ كۈچى بۇ ۋاقىتتا مىسلىسىز كۈچە-
يىپ ، ئىچكى قىسمىمۇ بىرقەدەر تىنچلاندى . قاغانلىق ھۆكۈم-
رانلىرى ئەمدى نەزەرىنى «يىپەك يولى» نى ئېچىشقا قارىتىپ ،
«يىپەك يولى» نىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سودىسىنى كونترول
قىلىش ئۈچۈن ، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يالغۇز خوجا
بولۇشتەك ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى تۈزۈپ چىققان . بۇ تەد-
بىرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، شەرقتە شىمالىي جۇ خانلىقى
بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي چى خانلىقىغا زەربە بېرىش تاكتىكى-
سىنى قوللانغان ، غەربتە بولسا پېرسىيىگە قارشى ئۇرۇش قوز-
غىغان .

### شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي چى خانلىقىغا زەربە بېرىش

شىمالىي جۇ خانلىقى غەربىي ۋېي خانلىقى ئاساسىدا قۇرۇل-
غان شىمالىي جۇ خانلىقىنى ، شىمالىي چى خانلىقى شەرقىي ۋېي
خانلىقى ئاساسىدا قۇرۇلغان شىمالىي چى خانلىقىنى كۆرسىتى-
دۇ . شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شىمالىي چى خانلىقىنىڭ ھەم
تارىخىي ، ھەم رېئال زىددىيىتى بولۇپ ، بىر - بىرىگە يول

قويمايتتى ، بىر - بىرىنى يۇتۇۋېلىشنىلا ئويلايتتى . ھالبۇكى ،
ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى مۇقان قاغان
بولسا بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەپ ، جۇڭگو يېپەكلىرى-
نىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى يالغۇز ئىگىلەش خىيالىدا ئىدى .
شىمالىي چى خانلىقى خۇرجانلار مەسىلىسىدە بىرمەھەل
تۈركلەر بىلەن ئارازلىشىپ ، زىددىيەتلىشىپ ۋە قالغانىدى .
ھالبۇكى ، شىمالىي جۇ خانلىقى غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئورنىغا
دەسسىگەندىن كېيىن ، تۈركلەر بىلەن ئۇزاق دوستلۇق ئالاقىسى
بولغانلىقتىن ، شىمالىي چى خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا
تۈرك قاغانلىقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئويىدا بولدى . «بۇ
ۋاقىتتا (شىمالىي جۇ خانلىقى ) شىمالىي چى خانلىقى بىلەن
قىلغان ئۇرۇشلىرىدا يىلدا دېگۇدەك كۆپلەپ ھەربىي كۈچى
سەرپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقتىن ، تۈركلەردىن ياردەم سورىدى »[42]
ھەمدە قۇدىلىشىش ئەھدىسى تۈزدى ، «ئوردا قۇدىلىشىش ئۈچۈن
يۈەن خۇينى 100 مىڭ توپ مەشۇت بىلەن تۈركلەرگە ئەلچىلىك-
كە ئەۋەتتى . . . قاغان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، ئۆزىمۇ نامدار
بەگلىرىنى ئەلچىلەرگە قوشۇپ تارتۇق يوللاشقا ئەۋەتتى . »[43]
ئەمما ، ئۇزۇن ئۆتمەي مۇقان قاغاننىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان مۇئامى-
لىسى ئۆزگەردى . «شىمالىي چى خانلىقىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ
قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويدى ، ئېركىن ئۇلارنىڭ تارتۇقلىرىنىڭ
كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ، شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن قۇدىلىشىشتىن
يالتىيىۋالدى . »[44] شۇنىڭ بىلەن ، مۇقان قاغان كۆڭلىدە زىددى-
يەتلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى . دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ، شىمالىي
جۇ خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ياڭ جيەن ( 扬荐 ) تۈركلەرنىڭ يېرى-
گە كېلىپ ، بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ، مۇقان قاغاننى
يۈزتۇرانە ئەيىبلەپ ، «خانىمىز ئىلگىرى قاغان بىلەن ئىناق
ئۆتكەن ، جۇرجانلارنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمى كېلىپ تەسلىم بول-
غاندا ، ئۇلارنى تۇتۇپ ئەلچىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئۆزلىرى-

نىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرغانىدى . ھالا بۈگۈن بىزدىن يۈز ئۆرۈپ ياخشىلىقنى ئۇنتۇسىلا ، ئىلاھلارنىڭ جازالىشىدىن قورقمامىلا » دېگەن[45] . مۇقان قاغان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزرە سورىدى ھەم شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي چى خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى . مىلادىيە 563 – يىلىدىن 564 – يىلىغىچە (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ باۋدىڭ 3 – يىلىدىن 4 – يىلىغىچە ) ، ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ شىمالىي چى خانلىقىغا نەچچە قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى . شىمالىي چى خانلىقى تەڭ كېلەلمەي ، شىمالىي جۇ خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ «يارىشىش» نى ئېيتتى ، «ئوردا (شىمالىي چى ) بىلەن يارىشىشقا قوشۇلدى ، تۈركلەر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قايتىدىن گۇمانغا پاتتى »[46] ھەمدە ئۆزى يالغۇز شىمالىي چى خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويۇپ ، ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى ئۈزۈلمەي بېرىپ – كېلىپ تۇردى . مىلادىيە 568 – يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ تيەنخې ۋە 3 – يىلى ) ، مۇقان قاغان سوۋغا – سالاملار بىلەن قىزىنى شىمالىي جۇ خانلىقىغا يولغا سالدى . » « (مۇقان قاغان ) مەلىكىسى (ئاشىنا ) نى سوۋغا بىلەن ئەۋەتتى . . . مەلىكە يېتىپ كەلگەندە ، گاۋزۇ (高祖 ) ئالدىغا چىقىپ ئىززەت – ئېكرام بىلەن قارشى ئالدى . مەلىكە ھەم چىرايلىق ، ھەم ئەدەپ – قائىدىلىك بولغاچقا ، گاۋزۇنىڭ ئىنتايىن ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولدى . »[47]

مىلادىيە 572 – يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ جيەندې 1 – يىلى ) ، مۇقان قاغان ئالەمدىن ئۆتۈپ ، ئورنىغا ئىنىسى تاسپار قاغان بولدى . تاسپار ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە تايىنىپ ، مۇقان قاغان تۈزگەن ھەمدە يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي چى خانلىقىغا

زەربە بېرىش تەدبىرىنى ئۆزگەرتىپ، شىمالىي جۇ خانلىقىغا پەيدىنپەي ئۆكتەملىك قىلغىلى تۇردى. «ئېركىن ئۆلۈپ، ئىنىسى تاسپار قاغان بولدى... دۆلىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ شيا ئىقلىمىدىكىلەرنى ئانى تاپتى. ئوردا يەنە ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىپ، هەر يىلى 100 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن ئەۋەتىپ تۇردى، تۈركلەرنىڭ پايتەختكە كەلگەنلىرى ئالاھىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ يىپەكتىن كىيىم كىيىپ، گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلار دائىملا مىڭدىن ئاشتى. چىلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن قورقۇپ، خەزىنىسىدىكى يوشۇرۇپ قويغان بايلىقلىرىنى ئۇلارغا هەدىيە قىلدى. تاسپار بارغانسېرى هاكاۋۇرلىشىپ، هەتتا قول ئاستىدىكىلىرىگە تەپ تارتماستىن: «مېنىڭ جەنۇبتا ساداقەتمەن ئىككى ئوغلۇم تۇرسا، مال - دۇنيادىن قانداقمۇ غەم قىلاتتىم؟»» دېدى[48].

تۈركلەر سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ شىمالىي چى خانلىقىنى يوقىتىش هەرىكىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. مىلادىيە 577 - يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ جيەندې 6 - يىلى)، شىمالىي چى خانلىقى شىمالىي جۇ خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلدى، ئەمما شىمالىي جۇ خانلىقى يەنىلا تۈركلەرنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلالمىدى. تۈركلەر يەپەك ماكانىنى تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتىپ، «مال - دۇنيادىن هېچقانداق غەم قىلمايدىغان بولدى».

## تۈرك - پارس ئۇرۇشى

غەربتە، تۈركلەر يىپەك سودىسىنىڭ چىقىش ئېغىزىنى تېپىش خىيالىدا ئىدى، هالبۇكى پارسلارنىڭ مونوپوللۇقى بۇنىڭغا چوڭ توسالغۇ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشۇ سەۋەبتىن تۈركلەر بىلەن پارسلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت شەكىللەندى.

تۈركلەر بىلەن پارسلار ئېفتالىتلارغا قارشى تۇرۇش جەريا-

نىدا «تۈرك ـ پارس ئىتتىپاقى» نى قۇرغان بولۇپ، بۇ ئىتتى-
پاقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىستەمى قىزىنى پارس پادىشا-
ھى خۇسراۋغا ياتلىق قىلغان، ئۇلاردىن تۇغۇلغان ئوغۇل ھور-
مۇز IV بۇ ۋاقىتتا پارس پادىشاھى بولغانىدى. قائىدە بويىچە
ئىككى تەرەپ دوستانە ئۆتۈشى كېرەك ئىدى، ئەمما ھەر ئىككىلا
تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئە-
تىنى ئويلىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى دوستلۇقىدىن ئۈس-
تۈن ئورۇندا تۇراتتى. ھورمۇز IV دائىم تۈركلەرنىڭ غەربكە
توشۇغان يىپەكلىرىنى ئۆز ئېلىدە توتۇپ قېلىپ مۇتتەھەملىك
قىلاتتى. مىلادىيە 568 ـ يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ
تيەنخې 3 ـ يىلى)، ئىستەمى سوغدىيانالىق مانىياخنى پارسلار
بىلەن سۆزلىشىشكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئەمما، ھورمۇز توتۇپ
قالغان يىپەكلەرنى ئەدەپ بىلەن قايتۇرمايلا قالماستىن، ئەكسى-
چە ئەلچىنىڭ ئالدىدىلا يىپەكلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. مانىياخ قاي-
تىپ بېرىپ بۇ ئىشنى ئىستەمىگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن،
ئىستەمى يەنە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە ئەلچى ئەۋەتتى، ھالبۇ-
كى ھورمۇز IV بۇ قېتىم تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئەلچىنى
زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى (ئۈچەيلەن تەلىيىگە يارىشا قېچىپ قۇ-
تۇلدى). شۇنىڭدىن تارتىپ، تۈركلەر بىلەن پارسلارنىڭ مۇنا-
سىۋىتى ئاشكارا بۇزۇلۇشقا قاراپ ماڭدى.

پارسلارنى يېڭىش ئۈچۈن، ئىستەمى يەنىلا ئېفتالىتلارغا
قارشى كۈرەشتە ئىگىلىگەن ئۇنۇملۇك تەجرىبىسى — يىراقتى-
كىسى بىلەن بىرلىشىپ يېقىندىكىسىگە زەربە بېرىش تاكتىكى-
سىنى قوللاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شەرقىي رىم بىلەن بولغان
ئالاقىسىنى كۈچەيتتى. شەرقىي رىم ھۆكۈمرانلىرى جۇڭگونىڭ
يىپەكلىرىگە ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولۇپ، پارسلارنىڭ ئوتتۇ-

ردا توسقۇنلۇق قىلىشىدىن ئۇلارمۇ نارازى ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ئىككى تەرەپ ئورتاق بىرلىشىش ئاساسىغا ئىگە بولدى .
مىلادىيە 567 ـ يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ تيەنخې 2 ـ يىلى ) ئىستەمى مۇئەييەن دىپلوماتىيە تەجرىبىسىگە ئىگە سوغدىيانالىق مانىياخنى يەنە شەرقىي رىمغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى . شەرقىي رىم ئىمپېراتورى يۇستىنىيمۇ زىماكۇسنى جاۋابەن تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى . ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئارقىلىق ، ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزۈشتى . مىلادىيە 568 ـ يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ تيەنخې 3 ـ يىلى ) ، مانىياخنىڭ پېرسىيىگە ئەلچىلىككە بېرىشى پەقەتلا بىر مۇقەددىمە بولغان بولسا ، كېيىن هورمۇز IV نىڭ تۈرك ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشى ئۇرۇشنىڭ پەردىسىنى رەسمىي ئاچقانلىقى بولدى . شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 571 ـ يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ تيەنخې 6 ـ يىلىدىن مىلادىيە 590 ـ يىلى سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 10 ـ يىلىغىچە ) دىن باشلاپ تۈركلەر پارسلارغا ئۈزۈلدۈرمەي هۇجۇم قىلدى ، شەرقىي رىممۇ غەربتىن قوشۇن چىقىرىپ هەمدەم بولدى . تۈركلەر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ پارسلارنىڭ قولىدىن بىر قىسىم زېمىنلارنى تارتىۋېلىپ ، بۇ رايونلاردىكى پارسلارغا قارام ئەللەرنى ئۆز هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى .
ئۇرۇشتا پارسلارنىڭ كۈچى خېلى ئاجىزلاپ ، ئىگىلىگەن يەرلىرىمۇ تارىيىپ كەتتى ، هالبۇكى تۈركلەر بولسا يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ يىپەك سودىسىنى مونوپول قىلىش هوقۇقىغا ئېرىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، شەرقىي رىمنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودا كارۋانلىرى تۈرك قاغانلىقى تەۋەسىگە ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى[49] .

ئېفتالىتلار ، پارسلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئارقىلىق ، ئىستەمىنىڭ كۈچى مۇستەقىل ھۆكۈمران بولۇش دەرىجىسىگە بارغانىدى . شەرقىي رىم ئەلچىلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا ئىستەمىنى تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى ئورنىدا كۆرەتتى ، ئىستەمىمۇ ھەقىقەتەن قاغانلىقىنىڭ نامىدا شەرقىي رىمغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ تۇراتتى ، شۇڭا مەشھۇر تۈركولوگ بارتولد مۇنداق دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى : «تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭغا بىر قاغانلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغان ، ئەمما بىرلا كىشى ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان . غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلغان ھەر-قايسى قاغانلار دەسلىپىدىلا يۇتۇنلەي مۇستەقىل بولغان بولۇپ ، ئۇلار ھەتتا چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ، ئۇلار بىلەن شەرتنامە ئىمزالاشتا ، ھەرگىزمۇ كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيە-سى مەزگىلىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ دەسلەپكى بىر نەچچە خانلىرىغا ئوخشاش ، ئەلچىلەرنى شەرقىي قىسىمغا يولغا سېلىپ قويمىغان . »[50] ئەمما ، بارتولدنىڭ بايانىدا شۈبھىسىزكى بىر تە-رەپلىمىلىك بار . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، ئىستەمى تۇمەننىڭ پەرمانى بىلەن غەربىي يۈرتقا يۈرۈش قىلغان بولۇپ ، خۇددى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگەندەك «تەڭرىقۇت (ئىلىگ قاغان تۇمەن ) قا ئەگىشىپ ئون چوڭ سەركەردىگە باشچىلىق قىلىپ» يۈرۈشكە ئاتلانغان ؛ ئىككىنچىدىن ، ئىستەمى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىمىغان . خۇددى تارىخىي ماتېرىيال-لاردا «ئۆز ئېلىدە ئۇ باغادۇر ئىدى» دېيىلگىنىدەك ، قاغاندىنلا كېيىن تۇرىدىغان باغادۇر بولغان . ئۇنىڭ چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكەنلىكىگە كەلسەك ، بۇ ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن ھەمدە تۈرك قاغانلىقى-نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان رېئال-

لىق سەۋەبىدىن بولۇپ، تۈرك قاغانلىقىنىڭ كېيىن پارچىلە-
نىپ كېتىشىنى ھەرگىزمۇ ئىستەمى بىلەن باغلاپ قويۇشقا بول-
مايدۇ.

## § 6. تۈرك قاغانلىقىغا قارام خەلقلەر

تۈرك قاغانلىقىنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، نۇرغۇن خەلقلەر
ئۇنىڭغا قارام بولغان، بۇ يەردە پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئا-
ساسلىقلىرىنىلا بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

### تېلېلار

تېلېلارنىڭ تارقالغان جايلىرى ئىنتايىن كەڭ، قوۋمى
كۆپ بولۇپ، «غەربىي (كاسپى) دېڭىزىنىڭ شەرقىغىچە بولغان
تاغ - جىلغىلارنى ماكان تۇتۇپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ياشىغان»[51]،
ئۇلار «قىرغىز (يەنە بۇقۇت، خاككاسمۇ دېيىلىدۇ)، توڭرا
(دەسلەپتە تۈركلەرگە قارام بولغان، كېيىن ئۇيغۇرلارغا بېقىند-
غان). ئۇيغۇر (كېيىن تۈركلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان)، بايىر-
قۇ، بورلى (بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئۇلارنى جۇرجانلارغا قارشى
چىققان پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى دەيدۇ، ئەمما گۇمان بار)، قار-
لۇق، تېلې (يۇقىرىقى ئىككى قەبىلە ئارىلىشىپ ياشىغان، كۆ-
چى ئىنتايىن ئاجىز)، سىغىر، ھۇن (ۋۇزېتيەن دەۋرىدە لياڭ-
جۇغا كۆچۈپ بارغان)، قازار (قاسار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئىككى
قەبىلە ئارىلىشىپ ياشىغاچقا، مۇشۇنداق ئاتالغان) قاتارلىق قە-
بىلىلەردىن تەركىب تاپقان.

تېلېلارنىڭ غەربىي يۇرتىدىكى قوۋملىرى قاپىش (يەنە قا-
پىش گۇ• دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بورلى، چىگىل، ئىشبارا (ئۈچ
قەبىلە ئارىلىشىپ ياشىغان، كۈچى ئىنتايىن ئاجىز)، ئوغۇز

(ئۇيغۇرلار بىلەن بىر مەنبەدىن ) ، سىر ـ تاردۇش (ئىككى قەبىلە ئارىلىشىپ ياشىغاچقا شۇنداق ئاتالغان ، كېيىن قۇملۇق-نىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەتكەن ) ، ئەدىز ، قارلۇق (تېلې قەبى-لىلىرى ئىچىدە كۆچى ئەڭ كۈچلۈك ) ، باسمىل (كېيىن ئۇي-غۇرلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ) قاتارلىق قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان .

تېلېلارنىڭ سىبىرىيە تەۋەسىدىكى قوۋمىلىرى تۇبا ، تەلەڭ-غۇت (دەسلەپتە توغلا دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان ) ، قۇرىغان قاتارلىق قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان .

تېلېلارنىڭ قوۋمىلىرى ئىنتايىن كۆپ ، تارقالغان جايلىرى كەڭ بولغاچقا ، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىلا بايان قىلالاي-مىز . تېلې قەبىلىلىرى تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى جەريانى-دا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينىغان ، شۇڭا تارىخنامىلەردە : «تۈركلەر دۆلەت قۇرۇپ ، شەرق ، غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئۇلا-رنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ شىمالىي چۆللۈكنى تىزگىنلى-گەن »[⑳] دېيىلگەن .

### غەربىي يۇرتتىكى تېلېلاردىن باشقا ئەللەر

غەربىي يۇرتتىكى تېلېلاردىن باشقا ئەللەر ئىدىققۇت ، كۇ-سەن ، سۇلى ، ئۇدۇن ، كىنگىت ، كاۋانتا ، كەشمىر ، سوغديانا ، بۇخارا ، كەبۇد ، شاش ، كۇشان ، ياپبان ، فەرغانە ، توخاردىن ئىبارەت . بۇ ئەللەر غەربىي تۈركلەرنى بايان قىلغاندا يەنە ئايرىم سۆزلىنىدۇ .

باشقا قارام خەلقلەر قىتان ، قۇمۇق ، تاتابى ۋە شېرۋىلاردىن ئىبارەت .

قىتانلار مىلادىيە 554 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۈرك-لەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان .

تاتابىلار قىتانلار بىلەن ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە كۆچى ئا-

جىزلاپ كەتكەنلىكتىن تۈركلەرگە بېقىنغان .

شېرۋىلارمۇ ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە تۈرك قاغانلىقىغا قارام بولغان .

تۈرك قاغانلىقىغا قارام خەلقلەرنىڭ كۆپلۈكى قاغانلىقنىڭ زېمىنىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كۆچمەن چارۋىچى هاكىمىيەت دائىرىسىدىن هالقىپ كەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

**ئىزاھلار :**

① «يېڭى تاڭنامە . قىرغىزلار تەزكىرىسى»
② «تەيپىڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر . قىرغىزلار تەزكىرىسى»
③ «سۈينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
④ «كېيىنكى خەننامە . جەنۇبىي هۇنلار تەزكىرىسى»
⑤⑥⑦㉑㉒㉙ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . جۇرجانلار تەزكىرىسى»
⑧⑩⑪⑫㉕㉖㉗㉙㉚㉛ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . قاڭقىللار تەزكىرىسى»
⑨⑬⑮⑱⑲⑳ «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
㉓㉘㉜㊷㊹㊽ «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑫ «كېيىنكى خەننامە . سيانپىلار تەزكىرىسى»
⑭ «جۇنامە . يۈ ۋېنزېنىڭ تەرجىمىھالى»
⑯ «سۈينامە . تېلېلار تەزكىرىسى»
⑰ «كونا تاڭنامە . تېلېلار تەزكىرىسى»
㉝ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . تۇيغۇنلار تەزكىرىسى»
㉞ «يېڭى تاڭنامە . قىتانلار تەزكىرىسى»
㉟ «شىمالىي چىنامە . ۋېن شۈەندى ھەققىدە خاتىرىلەر»
㊱ «جىننامە . غەربتىكى يات ئەللەر تەزكىرىسى»
㊲㊳ «جۇنامە . شىنىڭنىڭ تەرجىمىھالى»
㊴ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . ئېفتالىتلار تەزكىرىسى»
㊵ «يېڭى تاڭنامە . غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»

㊶ ۋاڭ جىلەي : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» — «ئېفتالىت دۆلىتىنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى»

㊸ «سۇينامە . يۈەن خوينىڭ تەرجىمىھالى»

㊺ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 169 ـ جىلد

㊻ «جۇنامە . ۋاڭ چىڭنىڭ تەرجىمىھالى»

㊼ «جۇنامە . مەلىكە ئاشىنانىڭ تەرجىمىھالى»

㊾ ۋاڭ جىلەي : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» — «تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىياتى»

㊿ بارتولد : «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»

51 52 «سۇينامە . تېلېلار تەزكىرىسى»

## ئۈچىنچى باب

# تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسىتى ۋە تاشقى مۇناسىۋىتى

بىر ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق. ھالبۇكى، سىياسەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى يەنە رېئال ئىجتىمائىي ئەھۋال ۋە ھۆكۈمران بولغۇچىنىڭ قابىلىيىتى ھەم ئىقتىدارىغا باغلىق. تۇمەننىڭ جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، تۈركلەرنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىشى تۈرك خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ماسلاشقان، شۇنداقلا جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچراۋاتقان باشقا مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭمۇ ئارزۇسىغا ماسلاشقانلىقتىن، قاغانلىق قۇرۇشتەك زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئېركىننىڭ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن جۇرجان قاغانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇ قاغانلىقنى مۇستەھكەملەش تەلىپىگىمۇ، شىمالدىكى ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئومۇمىي يۈزلىنىشىگىمۇ ماسلاشقان، ئۇ شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. ئىستەمىنىڭ ئېفتالىتلار، پارسلار بىلەن كۈرەش قىلىشىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا ماسلاشقان بولۇپ، پەقەتلا بىر ئاز چۈشىنىشكە بولىدىغان دائىرىدىن سەللا ھالقىغانىدى. ھالبۇكى، تاسپار ئىلگىرىكى قاغانلارنىڭ تۆھپىلىرى ئاساسىدا

ئۆكتەملىك بىلەن مۇستەبىتلىشىش يولىغا مېڭىپ، قاغانلىقتا روشەن قارا سايە تاشلىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدىكى تۈرك قاغانلىقى گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، سىياسەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا ئىدى.

## 1 §. تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسىتى

«ئىچكى سىياسەت» دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى، ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى، ھەربىي تۈزۈم ۋە باشقا قانۇن ـ ياساقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندە بۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

### قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى

ئاتىسى ئۆلسە ئورنىغا ئوغلى ۋارىسلىق قىلىش تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئاساسىي ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى بولۇپ، «چوڭ ئەمەللەردىن يابغۇ، شاد، تېگىن، ئەلتەبىر، تۇدۇندىن تارتىپ كىچىك ئەمەللەرگىچە جەمئىي 28 دەرىجىگە ئايرىلغان، ھەممىسى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ»① دېگەن بايان دەل بۇ ئاساسىي ۋارىسلىق تۈزۈمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش بىر قاتار كەسكىن كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن.

بۇ خىل كۈرەش ئوغلى ئاتىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ تەختكە چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل كۆزقاراشنىڭ قارىمۇقارشىلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان. ئالدىنقىسى كونا ئىدىيىۋى قاراشنىڭ ئىنكاسى بول-

سا ، كېيىنكىسى يېڭى ئىدىيىۋى قاراشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى-
نى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئىلىگ قاغان تۇمەن كونا ئىدىيىۋى
قاراشنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ، ئۇ ئۆلگەندە ئوغلى قارا قاغان بول-
غان . قارا ئۆلگەندە ، ئوغلى ئىدۇق (يەنى نىۋار قاغان —
م . ) قاغان بولماي ، ئىنىسى ئېركىن قاغان بولغان . ئېركىن
ئۆلگەندىمۇ ئوغلى تالاچ* ( 大逻便 ) قاغان بولماي ، ئىنىسى
تاسپار قاغان بولغان . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، قاغانلىق قۇرۇلغان
دەسلەپكى مەزگىللەردە كونا ئىدىيىۋى قاراش ئۈستۈن ئورۇندا
تۇرغان ، ئەمما يېڭى ئىدىيىۋى قاراشمۇ بارلىققا كېلىپ ئۇنىڭ
بىلەن كۈچ ئېلىشقان . بۇ تاسپارنىڭ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئوغلى
ئالپقا بەرگەن تەلىملىرىدە ۋە ئىدۇقنىڭ قورال كۈچى بىلەن
بېسىم ئىشلەتكەنلىكىدە ئەكس ئېتىدۇ . « (تاسپار ) ئوغلى ئالپ-
قا : ‹قېرىنداشلار ئىچىدە ئاتا ـ بالىدىن يېقىن ئادەم بولماس
ئىمىش ، ئاكام ئوغلىغا يېقىن بولمىغانلىقتىن ئورنىنى ماڭا
بەرگەنىدى . مەن ئۆلۈپ كەتسەم تالاچتىن يىراقراق تۇرغىن ›
دېگەن . تاسپار ئۆلگەندە ، ئوردىدىكىلەر تالاچنى قاغان قىلماقچى
بولغان ، ئەمما ئانىسىنىڭ تېگى پەس بولغاچقا ، ئەل ئۇنىڭغا
بويسۇنمىغان . ئالپنىڭ ئانىسى ئېسىلزادە بولغاچقا ، تۈركلەر
ئۇنى ئىززەتلىگەن . ئاخىر ئىدۇق كېلىپ ئوردىدىكىلەرگە :
‹ئەگەر ئالپ قاغان بولسا ، مەن قېرىنداشلىرىمنى باشلاپ خىز-
مىتىدە بولىمەن . ئەگەر تالاچ قاغان بولسا ، مەن تەۋەيىمنى
مەھكەم ساقلاپ ، قىلىچ ـ نەيزىلىرىم بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشى-
مەن › دېگەن . ئىدۇق چوڭ ھەم باتۇر بولغاچقا ، ئەلدىكىلەر
ئۇنىڭدىن قورقۇپ ، ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا جۈرئەت
قىلالمىغان ، ئاقىۋەت ئالپ تەختكە چىققان . تالاچ قاغان بولالمى-
غانلىقتىن ، كۆڭلىدە ئالپقا قايىل بولماي ، دائىم ئادەم ئەۋەتىپ
ئۇنى ھاقارەتلىگەن . »[2] بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، قا-
غانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش كۈرىشى خېلىلا كەسكىن بول-

غان ، ئەمما يېڭى ئىدىيىۋى قاراشمۇ بارلىققا كەلگەن ، گەرچە بىرمەھەل زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئاقىۋەت يەنىلا غەلىبە قىلغان .

## قاغانلىقنىڭ ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمى

قاغان ، تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ، پۈتۈن ئەلدىكى ئاشىنا ئۇرۇقىدىكىلەردىن تىكلەنگەن .

قاغان ئاتالغۇسى دەسلەپ جۇرجانلاردا پەيدا بولغان ، ئۇ دۆلەت باشلىقى دېگەن مەنىدە بولۇپ ، ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى بىلەن ئوخشاش ئىدى . قاغانلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، پەقەت بىرلا قاغان بولغان ، ئەمما ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، كېيىن بەزى كىچىك قاغانلارمۇ تەيىنلەنگەن . بارلىق كىچىك قاغانلار ئوخشاشلا چوڭ قاغانغا ، يەنى پۈتۈن قاغانلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قاغانغا ئىتائەت قىلغان . قاغانلارنىڭ چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىلىشى تاسپاردىن باشلانغان بولۇپ ، « (تاسپار ) ئىدۇقنى شەرق تەرەپكە نىۋار قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن ، يەنە ئىنىسى ئىستەمى ( 褥但 ) قاغاننىڭ ئوغلىنى غەرب تەرەپكە بۆرى ( 步离 ) قاغان قىلىپ تىكلىگەن . »[③] كىچىك قاغانلار ئۆز جايىدا چوڭ - چوڭ ھوقۇق - ئىمتىيازلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، كۈچى تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندە ، قاغانلىقنىڭ بىرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان كۈچكە ئايلىنىپ قالغان .

يابغۇ ، چوڭ قاغاندىنلا كېيىن تۇرىدۇ . ئەمىلى كىچىك قاغانلار بىلەن تەڭ ياكى ئۇلاردىن سەللا تۆۋەن . پۈتۈنلەي ئاشىنا ئۇرۇقىدىن چىققان قاغانلارنىڭ ئاكا - ئىنىلىرىدىن تەيىنلىنىدۇ . ئەمما ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، يەنە بەزى قەبىلە ياكى مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ يابغۇلۇق مەرتىۋىسىگە

ئېرىشىدۇ . يابغۇمۇ زور ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارغا ئىگە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىدى .
بەزى ئەسەرلەردە تۈركلەردىكى يابغۇ بىلەن كېيىنكى تۇر-پان رايونىدىكى ئىدىقۇت بىر دەپ قارىلىدۇ ، بۇ تۈركلەر بىلەن تۇركىي تىللىق مىللەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكنىڭ نەتىجە-سى بولۇپ ، بۇ خىل قاراشقا قوشۇلغىلى بولمايدۇ .
شاد ، قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قىلىدىغان سەركەردە بولۇپ ، يابغۇ ۋە كىچىك قاغانلاردىنلا كېيىن تۇرىدۇ . ئۇلار كۆپىنچە ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولىدۇ ، ھەممىسىلا مۇئەييەن قوماندانلىق تالانتىغا ئىگە ، ئۇرۇشتا ئالدىدا ماڭىدۇ .
تېگىن ، يەنە تەگىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، بۇ ئەمەلنى كۆپرەك قاغانلىقتىكى يات ئۇرۇقتىن بولغان قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆتەيدۇ .
ئەلتەبىر ، قاغانلىقتىكى قەبىلە ئاقساقاللىرى بولۇپ ، ھەم-مىسىلا دېگۇدەك مۇشۇ ئەمەلدە ئاتىلىدۇ .
تۇدۇن ، يەنە تۇتۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇلار قاغانلىقتىكى مۇئەييەن باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە تۈركلەردىن تەيىنلەنگەن يات قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئەمەلدار بولۇپ ، يات قەبىلىلەر-نىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ، ئۇلاردىن باج ـ سېلىق يىغىشقا مەسئۇل بولىدۇ .
ئېركىن ، بۇ ئەمەلدىكىلەر كۆپرەك تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بولىدۇ ، مەسىلەن ، ئۇيغۇرلاردىمۇ ، قىرغىز-لاردىمۇ ئېركىن بولغان . بۇ ئەمەل ئەسلى جۇرجانلارنىڭ ئەمەل نامى ئىدى .
بۇيرۇق ، قاغانلىقتىكى مۇئەييەن قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەر تەيىنلىنىدۇ ، بەزىلىرى ئەلچىمۇ بولىدۇ .
بەگ ، جۇرجانلار قوللانغان ئەمەل بولۇپ ، بەزى مۇتەخەس-

ىسلەر بۇ كېيىنكى بەگ ئاتالغۇسىدۇر دەپ دەلىللەيدۇ . ئەگەر مۇشۇنداق بولسا ، بۇمۇ جۇرجانلاردىن قالغان ئەمەل نامى بولىدۇ .

ياغۇندا ، پەقەت غەربىي تۈركلەردىلا تەسىس قىلىنغان ، ۋەزىپىسى دۆلەت سىياسىتىنى مۇھاكىمە قىلىش . بۇ ئېھتىمال غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن ، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ قارار چىقىرىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن بولسا كېرەك . ئۇلار غەربىي تۈرك قاغانلىقىدىكى كېڭەش ۋەزىرلىرى ئىدى .

چۇر ، بۇ ئەمەلمۇ كۆپرەك غەربىي تۈركلەردە تەسىس قىلىنغان ، ئۇلار قوشۇن سەركەردىلىرى ئىدى .

تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئەمەل تۈزۈمىدە كېيىنكى مەزگىللەردە ، بولۇپمۇ پارچىلانغاندىن كېيىن ، قالايمىقانلىشىش ھالىتى كۆرۈلگەن ، مەسىلەن ، قاغانلىقتىكى كىچىك قاغانلار ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى قېرىنداشلاردىنلا بولۇپ قالماي ، ئەل بولغان يات مىللەت سەركەردىلىرىدىنمۇ بولغان ، جۈملىدىن خەنزۇلاردىن بولغان لياڭ شىدۇ ، ليۇ خېيتا ، ليۇ ۋۇجۇلارمۇ قاغان دەپ ئاتالغان . يەنە تېلېلارنىڭ ئىچىدىكى قاغانلىققا تەھدىت سالغۇچى كۈچكە ئايلانغان سىر ـ تاردۇشلارنىڭ ئاقساقىلى يارما ، باتۇرلارمۇ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان . شۇ سەۋەبتىن «قانۇنلار قامۇسى» ۋە «تەيپىڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» دە مۇنداق دېيىلگەن : «نامىلىرى كۆپ ، بەزىلىرى بوي ـ بەستى بىلەن ، بەزىلىرى ياش ـ قېرىلىقى بىلەن ، بەزىلىرى چىراي شەكلى بىلەن ، بەزىلىرى يېگەن ـ ئىچكەنلىرى بىلەن ، بەزىلىرى ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان . باتۇرلىرى ئىشبارا ، . . . بەستلىكلىرى تالاچ . . . قېرىلىرى قارا دەپ نام ئالغان ، شۇڭا قارا دېگەن ئەمەل كېلىپ چىققان ، . . . تېخى بەزى ئېسىلزادە جەمەتلەر ئۆزلىرىنى قاغان ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان . » يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەمە-

لىي مەنسەپ مەنىسى بولمىسىمۇ، ئەمما لەقەم مەنىسى بولۇپ، بۇ خىلناملارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئېھتىمال خەلقنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمىنىڭ قالايمىقانلىقىغا بولغان نارازىلىقىدىن بولسا كېرەك.

## قاغانلىقنىڭ ھەربىي تۈزۈمى

تارىخنامىلەردە، تۈرك قاغانلىقىدا «ياشلار ئەتىۋارلىنىپ، قېرىلار كەمسىتىلىدۇ ... ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر قەدىرلىنىپ، كېسەل بىلەن ئۆلگەنلەر قەدىرلەنمەيدۇ، بۇ ئادەتلىرى ھۇنلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش»[4] دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنداقتا ھۇنلارنىڭ ھەربىي تۈزۈملىرى قانداق؟ «تارىخىي خاتىرىلەر، ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە: «(ئۇلار) ھەربىي يۈرۈشلەردە ئاي، يۇلتۇزلارغا قاراپ ئىش كۆرگەن، ئاي تولغاندا ھۇجۇم قىلغان، ئاي تۇتۇلغاندا چېكىنگەن. ئۇتۇشتا ... رەقىبىنى كۆرگەن ھامان دەررۇ تېگىش قىلغان، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا شۇ ھامان تاراپ كەتكەن.» كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ خىل تاكتىكىنى ھەم ھەرىكەتچان ئۇرۇش، ھەم پارتىزانلىق ئۇرۇش دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەننى يوقاتقىلى ۋە ئەمەلىي كۈچنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بەزى ئالىملار بۇنى «ئوۋنى قورشاش» تاكتىكىسى دەپ قارايدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق بولسا ئۇ ھالدا «ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا شۇ ھامان تاراپ كېتىدۇ» دېگەننى چۈشەندۈرمەك قىيىنغا توختايدۇ.

تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھەربىي قوشۇنى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرى قاغاننىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىغان ياساۋۇل قىسىم بولغان. «ياساۋۇللار بۆرى (附离) دەپ ئاتالغان.»[5] ياساۋۇللار پۈتۈنلەي تۈركلەردىن، جۈملىدىن ئاشىنا

ئۇرۇقىدىن چىقىدىغان بولۇپ ، قاغانلىقنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى
ئىدى ؛ يەنە بىرى ئاساسەن تۈرك بولمىغان ياشلاردىن ، شۇنداقلا
يەنە ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى ۋە باشقا تۈرك قوۋملىرىدىكى ياشلاردىن
تەشكىللەنگەن قىسىم بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى يات خەلقلەر-
گە ھۇجۇم قىلىش ياكى ئەلنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش
ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەم ئەسكەر بولىدىغان ، ھەم چارۋى-
چىلىق قىلىدىغان يىگىتلەرمۇ بولغان . تارىخنامىلەردە تاسپار
قاغاننىڭ «ئوقيالىق ئەسكىرى نەچچە تۈمەن»[6] دەپ خاتىرىلەن-
گەن بولۇپ ، قاغانلىقتىكى بارلىق ياشلارنى قوشقاندىمۇ ، ئەمە-
لىيەتتە ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئەسكىرى بولمىغان .

قوشۇن يۆتكەشتە «ئالتۇن باشاقلىق ئوق» بەلگە قىلىن-
غان ، بۇ خۇددى خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى «پەرمان دەستىكى»
(令箭) گە ئوخشايدۇ . ھەرقايسى قارام قەبىلىلەرنىڭ يۇرۇشكە
چىقىرىدىغان ئەسكەر سانىغا بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولۇپ ، «يۇ-
رۇشكە ئەسكەر چىقارغاندا ، . . . ياغاچقا بەلگە قويۇش ئارقىلىق
ھېسابلاش ئېلىپ بارغان ، شۇنداقلا بىر تال ئالتۇن باشاقلىق
ئوقنى مومدا چاپلاپ قارارنى ئىپادىلىگەن .»[7] بۇنىڭدىن سىرت
يۇرۇشكە ئەسكەر چىقارغان قارام قەبىلىلەر يەنە ئۆزى ئاتلاندۇر-
غان قوشۇنلارغا مۇئەييەن ساندا ئاشلىق ، «چارۋا - ماللارنى»[8]
سەپلەپ ، خالىسا ئوزۇقلۇق ، خالىسا ئۇلاغ ئورنىدا ئىشلەتكەن .

## قاغانلىقنىڭ ياسىقى

تارىخنامىلەردە ، تۈرك قاغانلىقىنىڭ جازا ياسىقىدا «ئاسىي-
لىق قىلغانلار ، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ، باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا باس-
قۇنچىلىق قىلغانلار ۋە ئات چېدەرى ئوغرىلىغانلار بىردەك ئۆل-
تۈرۈلىدۇ ؛ باشقىلارنىڭ قىز - خوتۇنىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلا-
ردىن زور مىقداردا مال - مۈلۈك تۆلىتىۋېلىنىدۇ ، شۇنداقلا
باسقۇنچىلىق قىلغاننى خوتۇنلۇققا بېرىدۇ ؛ ئورۇشۇپ ئادەم يارى-

لاندۇرغانلاردىن قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ مال ـ مۈلۈك تۆلىتىۋېلىنىدۇ ؛ ئات ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنى ئوغ ـ رىلىغانلارغا ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ ئون ھەسسىدىن ئارتۇق جە ـ رىمانە قويۇلىدۇ »® دەپ خاتىرىلەنگەن . ئەمدى بىز بۇلارنى تەھ ـ لىل قىلىپ باقايلى :

«ئاسىيلىق قىلغانلار» ، يەنى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۆلتۈرۈلگەن .

«ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر» مۇ ئۆلتۈرۈلگەن ، ئەمما جەڭدە ئا ـ دەم ئۆلتۈرگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان .

«باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلار» مۇ ئۆلتۈ ـ رۈلگەن ، بۇ يەردە ئېيتىلغان خوتۇنلار ئاساسلىقى ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇننى كۆرسىتىدۇ ، بۇ ئارقىلىق ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى تىنـ ـ چىتىلغان .

«ئات چېدەرى ئوغرىلىغانلار» مۇ ئۆلتۈرۈلگەن . بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئات چېدەرى ئادەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئات چېدە ـ رى بولماستىن ، بەلكى ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاتلارنىڭ چې ـ دەرىدىن ئىبارەت .

«ئۇرۇشۇپ ئادەم يارىلاندۇرغانلار» يەتكۈزگەن زەخمىتى ـ نىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ مال ـ مۈلۈك تۆلىگەن .

«ئات ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنى ئوغرىلىغانلار» زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا ئون ھەسسىدىن ئارتۇق ھەق تۆلىگەن . بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئات ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئاتلار ، ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاتلار ئەمەس .

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا ، ئۇلارنى قاغانلىققا خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى ، باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇش جىنايە ـ تى ، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە زىيان سېلىش جى ـ نايىتى ، ئوغرىلىق قىلىش جىنايىتى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ . بۇ جىنايەتلەرنىڭ ئىچىدە قاغانلىققا خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى بى ـ

رىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ ، قاغانلىقنىڭ مەنپەئەتى مۇ-
ھىم ئورۇنغا قويۇلغان .

## 2 § . تۈرك قاغانلىقىنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى

قاغانلىقنى مۇستەھكەملەش ، زېمىننى كېڭەيتىش ئۈچۈن ، تۈرك قاغانلىقى تاشقى سىياسەتتە ئاساسەن «يىراقتىكىسى بىلەن بىرلىشىپ يېقىندىكىسىگە زەربە بېرىش» تەدبىرىنى قوللانغان ھەم غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن .

«يىراقتىكىسى بىلەن بىرلىشىپ يېقىندىكىسىگە زەربە بې-رىش» تەدبىرى ئىلىگ قاغان تۇمەننىڭ دەۋرىدە يولغا قويۇلغان . تۇمەن جۇرجانلارنى يېڭىپ ، تۈركلەرنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ، شىمالىي ۋېي خانلىقى ئاساسىدا قۇرۇلغان شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېيدىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە موھتاج بولغانىدى . ھالبۇكى ، بۇ ئىككى ھاكىمىيەتمۇ ھەر ۋاقىت جۇرجانلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇ-راتتى .

تۇمەن غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ، سودىنى ۋاسىتە قىلىپ ، ئىنتايىن چوڭ سەۋرچانلىق بىلەن ھەر يىلى دېگۇدەك غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ چېگرىسىدا سودا ئالاقىسىنى يولغا قويغان . گەرچە غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ سەركەردىسى يۈ ۋېنزېنىڭ ئۇقۇشماسلىقى تۈپەيلىدىن ئېغىر زى-يانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ تەدبىردىن ۋاز كەچمەي ئۇنى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ ، غەربىي ۋېي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىغا تەد-رىجىي ئۆز غەرەزىنى بىلدۈرگەن . شۇنىڭ بىلەن ، مىلادىيە 545 - يىلى (غەربىي ۋېي خانلىقى ۋېندىنىڭ داتۇڭ 10 - يىلى ) ، غەربىي ۋېي خانلىقى ھۆكۈمرانى يۈ ۋېنتەي ئەننو پانتونى تۈرك-

لەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن . شۇنىڭدىن تارتىپ ئىككى تەرەپ ئۆزئارا چۈشىنىش ئاساسى ھاسىل قىلىپ ، تۈمەن غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، جۇرجانلارغا ھۇجۇم قوزغىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولغان . شۇ ۋاقىتتا ، تېلې قەبىلىلىرىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ، تۈمەن ئۇلارنىڭ بەش تۈمەندىن ئارتۇق قوۋمىنى قوشۇۋېلىپ كۈچى زورىيىپ ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئېشىپ ، تويلىشىشنى تەلەپ قىلىش نامى بىلەن جۇرجانلارغا ئاشكارا قارشى چىققان .

ئۇ جۇرجانلارغا ئاشكارا قارشى چىقىشتا ، يەنە غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن دوستلۇق ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە ئېھتىياجلىق بولغاچقا ، ئۇلارغا تويلىشىش تەلىپىنى قويغان ، غەربىي ۋېي ھۆكۈمرانى يۈ،ن باۋجۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ، «مەلىكە چاڭلېنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ » ،[10] ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن . مىلادىيە 551 – يىلى (غەربىي ۋېي خانلىقى داتۇڭ 17 – يىلى ) ، «تۈمەن جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىپ »[11] ، ھەممىلا جەڭلەردە غەلىبە قىلغان . كېيىن مۇقان قاغان غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن شىمالىي چى خانلىقىنىڭ كۈرىشىگە مۇئامىلە قىلىشتىمۇ ، غەربىي ۋېي خانلىقى تەرەپتە تۇرغان . تەبىئىيكى ، بۇ تارىختىكى دوستلۇق سەۋەبىدىن بولسىمۇ ، ئەمما يەنە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسىي تاشقى سىياسىتىنى ئويلاشقانىدى .

غەربىي يۇرتتا ، تۈرك قاغانلىقى قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالىي سەركەردىسى ئىستەمىمۇ «يىراقتىكىسى بىلەن بىرلىشىپ يېقىندىكىسىگە زەربە بېرىش » تەدبىرىنى توغرا قوللىنىپ ، زومىگەر بولۇۋالغان ئېفتالىتلارنى يېڭىپلا قالماي ، يەنە مۇناسىۋىتى تەدرىجىي يامانلىشىۋاتقان پارسلارنىمۇ يېڭىپ ، غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىگەن .

تۈرك قاغانلىقىنىڭ «يىراقتىكىسى بىلەن بىرلىشىپ يې-

قىندىكىسىگە زەربە بېرىش» تىن ئىبارەت تاشقى سىياسەتنى قوللىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، قاغانلىقنىڭ يول-باشچىلىرى قابىلىيەتلىك ھەم تەدبىرلىك بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قاغانلىق مۇئەييەن ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغان بولۇپ، بىرلەشمەكچى بولغان تەرەپنى تايىنىشقا بولىدىكەن دې-گەن تۇيغۇغا كەلتۈرگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا، قاغانلىقنىڭ «قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش» سىياسىتىنى قوللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، جۇرجانلار بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيتتى، ئېفتالىتلار بىلەنمۇ كۈرەش قىلمىسا بولمايتتى. يىپەك سودىسىنى ئىگىلەش ئۈچۈنمۇ چوقۇم پارسلارنىڭ مونوپوللۇقىنى بۇزۇپ تاشلىشى زۆرۈر ئىدى؛ ئۈ-چىنچىدىن، قاغانلىقنىڭ يولباشچىلىرى يەنە زېمىننى كېڭەي-تىش ئارزۇسىدىمۇ بولغان.

«يىراقتىكىسى بىلەن بىرلىشىپ يېقىندىكىسىگە زەربە بې-رىش» تاشقى سىياسىتى تۈركلەرنى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇش-لاردا غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇلارنى دۇنيا سەھنى-سىگە چىقارغان. خۇددى غەرب تارىخشۇناسلىرى شەرقىي رىم ئەلچىسىنىڭ ئىستەمى بىلەن كۆرۈشۈشىنى شەرھلىگەندە بايان قىلغىنىدەك: «ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ياۋايىلار دەپ قارالغان تۈرك-لەر، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىغان.»[12]

تۈركلەرنىڭ دۇنيا سەھنىسىگە چىقىشىدا، تۆھپىنى ئىستە-مىگە مەنسۇپ دېيىشكە بولىدۇ.

ھاكىمىيەت تىكلىمەك تەس، ھاكىمىيەتنى ساقلىماق تېخى-مۇ تەس. تۈرك قاغانلىقى دەل گۈللىنىش باسقۇچىغا قاراپ مېڭىۋاتقاندا، قاغانلىق ئورنىنى تالىشىش سەۋەبىدىن، قاغانلىق-نىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە كەسكىن زىددىيەت كېلىپ چىقتى.

## 3 § . تۈرك قاغانلىقىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەر ۋە پارچىلىنىش بىخلىرى

تۈركلەر جۇرجانلارغا قارشى كۈرەشتە كۆچەيدى ھەمدە جۇرجانلارغا قارشى كۈرەش داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى — تۈرك قاغانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى.

تۈركلەرنىڭ جۇرجانلارغا قارشى كۈرىشىدە، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پىكىر بىردەك بولغان ھەم بىرلەشكەن باشقا ئۇرۇق، قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ جۇرجانلار مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىمۇ بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئازادلىق تۇغى ئاستىدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش نىشانىغا ئىگە بولغانىدى. ئەمما، قاغانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىچكى پەيدىنپەي ئۆزگەردى، بولۇپمۇ قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشتا زىددىيەت كېلىپ چىقىپ، پارچىلىنىش بىخلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ خىل زىددىيەت ۋە پارچىلىنىش بىخلىرى تۈپەيلىدىن، قاغانلىق تەدرىجىي زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىدە، سۈي ۋېندى ياڭ جيەن شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سۈي سۇلالىسىنى قۇرغان. ئۇلار بىرلىككە كېلىشنىڭ تۈرتكىسىدە سىياسىي، ئىقتىساد ئورتاق راۋاجلانغانلىقتىن، گۈللىنىش باسقۇچىغا قاراپ مېڭىۋاتاتتى، ھالبۇكى تۈرك قاغانلىقى بولسا زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتاتتى.

تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى تاسپار قاغاندىن باشلانغانىدى. تاسپار قاغان ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئوغلى ئالپنى

قاغان قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان ھەم قاغان تىكلەنگەندىن كېيىن تالاچ (مۇقان قاغان ئېركىنىنىڭ ئوغلى) تىن ئېھتىيات قىلىشنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. ئاقىۋەت ئالىپ ئىدۇقىنىڭ (ئىدىلىگ قاغان تۇمەنىنىڭ ئوغلى) قوللىشى ئاستىدا تەختكە چىقتى. ئەمما، تالاچ بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، دائىم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ھاقارەتلىدى. ھالبۇكى، ئالىپ ئۇنى تىزگىنلىيەلمەي ھەم ئاھانەتكىمۇ چىداپ تۇرالماي، ئامالسىز تەختنى ئۆزىدىن قابىلىيەتلىكرەك بولغان ئىدۇقىقا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئىدۇق قاغانلىق تەختكە چىقىپ، «تەڭرىدىن بولمىش كۆلۈگ تۇرك ئىلىگ قۇتلۇق شاد باغا ئىشبارا قاغان ياكى ئىشبارا دەپ ئاتالدى.»⑬ ئالىپ تۇغلا دەرياسى بويىنى ماكان تۇتۇپ ئىككىنچى قاغان بولدى. تالاچ ئىدۇقنىڭ قاغان بولغانلىقىدىن تېخىمۇ نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاشكارا ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «سەنمۇ، مەنمۇ قاغانلارنىڭ ئوغۇللىرىدىنمىز، ھەر ئىككىلىمىز ئاتىلىرىمىزنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. ھالا بۇگۈن سەن چوڭ مەرتىۋىگە ئېرىشتىڭ، مەن بولسام ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم، بۇ نېمە ئۈچۈن؟»⑭ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىشبارا قاغانىنىڭ بۇنىڭدىن بېشى قېتىپ، ئۇنىڭغىمۇ قاغان نامىنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. «ئىشبارا غەمگە پېتىپ، ئۇنى ئابا قاغان قىلىپ تەيىنلەپ، قوۋملىرىغا ھۆكۈمدار قىلدى.»⑮ گەرچە مۇشۇنداق بولغان بولسىمۇ، تالاچ يەنىلا كۆڭلىدە نارازى بولۇپ يۈردى. ئىشبارامۇ تالاچقا ئىچىدە ئىنتايىن نەپرەتلەندى. بۇ خىل ھالەت ئاخىر ئۆزئارا ئىشەنمەسلىككە قاراپ يۈزلەندى.

ئىدۇق ئۇلۇغ قاغان بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەسلى تەۋەسىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىنىسى تۆلىشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. تۆلىشنىڭ ئەسلى ئەملى شاد بولۇپ، ئىشبارا ئۇنى

ئۆستۈرۈپ يابغۇ قىلىپ ، قارا چۇر يابغۇ دەپ نام بەردى . قارا چۇر يابغۇ تۆلىش ئاق كۆڭۈل بولغانلىقتىن ، كىشىلەرنىڭ چوڭ-قۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى . كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇمۇ ئۆزىگە بېرىلگەن ئەمەلدىن نارازى بولۇشقا باشلىدى .

شەرقىي قىسىمدا قۇتلۇق (地头) قاغان بولغان تاردۇشمۇ ئىشبارا قاغان بىلەن ئەپلىشەلمىگەنلىكتىن ، ئاچچىقىدا شەرقىي قىسىمدىن ئايرىلىپ ئاتىسى ئىستەمىنىڭ يېنىغا كەتتى ھەمدە ئىشبارا قاغان بىلەن دۈشمەنلىشىش نىيىتىدە بولدى .

يەنە بوغدا تېغىدا كۈچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان تامغان قاغانىنىڭمۇ تالاچ بىلەن چوڭقۇر رىشتىسى بار ئىدى . شۇڭا ، ئۇمۇ تالاچىنىڭ كۈرىشىنى قوللاپ ، ئىشبارا قاغانغا نارازىلىق كەيپىياتىدا بولدى .

2 ـ قاغان بولۇپ قالغان ئالپمۇ كۆڭلىدە تەشۋىشكە چۈ-شۈپ قالدى .

تۈرك قاغانلىقىدىكى بۇ خىل زىددىيەتنى قاغانلىقتا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قالغان شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ ۋەزىرى جاڭ-سۇنشېڭ ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى . «شۇەندى (شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ خانى يۈ ۋېنيۈي) دەۋرىدە ، تۈركلەردىن ئىدۇق شىمالىي جۇ خانلىقىغا تويلىشىش تەلىپىنى قويغان بولۇپ ، جاۋ بېگىنىڭ ئاسراندى قىزى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىنغانىدى . ۋەھالەن-كى ، شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن ئىدۇق ئۆزئارا بەستلىشىپ ، شىجائەتلىك قابىللارنى تاللاپ ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكەن ، شۇڭا جاڭ سۇنشېڭ ئەلچى بولۇپ بارغانىدى . . . مەلىكە چيەنجىننى ياتلىق قىلغاندىمۇ ، شىمالىي جۇ خانلىقى ئەلگىر ـ كېيىن بولۇپ نەچچە يۈز ئادەم ئەۋەتكەن ، ئىدۇق كۆپىنچىلىرىنى نەزە-

رىگە ئىلىنغان بولسىمۇ ، جاڭ سۇنشىڭنى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ
قالغانىدى . شۇڭا ، جاڭ سۇنشىڭ تۈركلەرنىڭ يېرىدە ئۇزۇن
يىل تۇرۇپ قالغانىدى . . . ئىدۇقنىڭ ئىنىسى قارا چۇر تۆلىش
شاد دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ ، ئەلنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازا-
ۋەر ئىدى . شۇڭا ، ئىدۇق بۇنىڭدىن تەشۋىشكە چۈشۈپ ، يېقىند-
لىرىنى ئىشقا سېلىپ ، مەخپىي ھالدا جاڭ سۇنشىڭ بىلەن تىل
بىرىكتۈردى . ئۇ جاڭ سۇنشىڭ بىلەن شىكار قىلغاچ ئىنىسى
تۇرغان جايىنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى ، قوۋمىنىڭ كۈچلۈك -
ئاجىزلىقىنى كۆزىتىپ ، ھەممە ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەر تاپتى .»[16]
شىمالىي جۇ خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ، جاڭ سۇنشىڭ
سۇي سۇلالىسىنىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرى بولۇپ قالدى . سۇي
سۇلالىسى بىلەن تۈرك قاغانلىقى ئۆزئارا رەقىبلەردىن بولۇپ ،
ھەر ئىككىلىسىلا بىر - بىرىنى يېڭىشنى ئويلايتتى . جاڭ سۇن-
شىڭ سۇي ۋېندى ياڭ جيەنگە ئەقىل كۆرسىتىپ : «پېقىر
ئىدۇق ، تاردۇش ، ئابا ، تۆلىش ئاغا - ئىنىلەرنى ئوبدان بىلى-
مەن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسكەرلىرى بار ، ھەممىسىلا
ئۆزلىرىنى قاغان دەپ ئاتاپ ، ھەر تەرەپنى ماكان تۇتقان ، ئۆز
ئىچىدە ئاداۋەتلەشسىمۇ ، تاشقى جەھەتتە ئۆم - ئىناق ، ئۇلارنى
قورال كۈچى بىلەن باستۇرماق تەس ، پەقەت ئارىسىنى بۇزغاندىلا
ئىش ئاسانغا توختايدۇ »[17] دېدى . ھالبۇكى ، ئەھۋالنىڭ ئۆزگى-
رىشى جاڭ سۇنشىڭنىڭ ئېيتقىنىدىنمۇ ئېغىر بولدى . «ئاكا -
ئۇكىلار بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ ، ئاغا - ئىنىلەر
ئۆزئارا گۇمانلىنىشتى . سىرتتىن قارىماققا ئۆم كۆرۈنسىمۇ ،
ئىچكى جەھەتتە نىزا قىلىشتى ، ئۇرۇق - ئەجدادلىرىدىن تارتىپ
ۋەھشىي ، ياساقلىرى رەھىمسىز بولغانلىقتىن ، شەرقتىكى يات
قوۋملارنىڭ شەخسىي ئۆچمەنلىكى كۈچەيدى . غەربتىكى قوۋملا-

رمۇ بىر - بىرى بىلەن ئاداۋەتلەشتى . تۈركلەرنىڭ شىمالىدا قىتانلار چىشىنى بىلەپ پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى . تاردۇش ئاۋۇال جيۇچۇەنگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇدۇن ، پارس ، ئېفتالىت قاتارلىق ئۈچ ئەل تەڭلا ئاسىيلىق قىلدى . ئىشبارا جۇپەننى ئىگىلىگەندە ، ئۇنىڭغا تەۋە توڭرا ، بۇقۇت قاتارلىق قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈردى . ئاۋالقى يىلى كورىيە ، موغاللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى ، سابىل شاد* ( 娑毕设 ) مۇ قىچ* ( 讫支 ) قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، قوشنىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى يوقىتىش كويىغا چۈشتى . »⑱ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى سۈي سۇلالىسىگە پايدىلىق بولۇشقا باشلىدى .

خېلى كۆپلىگەن ئەسەرلەردە ، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشى پۈتۈنلەي سۈي سۇلالىسىنىڭ ئارىنى بۇزغانلىقىدىن دەپ قارىلىدۇ ، ھالبۇكى ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس . يولداش ماۋ زېدۇڭ «زىددىيەت نەزەرىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك : «شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ سەۋەبى شەيئىنىڭ سىرتىدا ئەمەس ، شەيئىنىڭ ئىچىدە . شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆرەشنىڭ زىددىيەتلىكلىكىدە بولىدۇ . . . شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ خىل زىددىيەتلىك شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولۇپ ، بىر شەيئى بىلەن باشقا شەيئىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ۋە ئۆزئارا تەسىرى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى سەۋەبىدۇر . » بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئارىنى بۇزۇشى پەقەتلا ئىككىنچى ئورۇندا ، يەنى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ . تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى سۈي سۇلالىسىنىڭ ئارىنى بۇزۇشىغا كەڭ يوچۇق ئېچىپ بېرىپ ، قاغانلىقنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ تەدرىجىي كەسكىنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى . ئىشبارا قاغان گەرچە

ئەسكەر تارتىپ سۈي سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا ھۇ- جۇم قى-
لىپ ، ئۇچكى قىسىمدىكى دىققەتنى بۇرىماقچى بولغان بولسىمۇ ،
ئەمما ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي ، ئەكسىچە زىيەندىيەت ئاش-
كارىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىپ ، قاغانلىقنىڭ پارچىلىنىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى .

ئىزاھلار :

①③⑥⑦⑧ «سۈينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
②⑤⑨⑬⑭⑮⑱ «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑩⑪ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . تۈركلەر تەزكىرىسى »
⑫ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 4 ـ قىسىم ، . «شەرقىي رىمنىڭ تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىشى»
⑯⑰ «سۈينامە . جاڭ سۈنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى»

## تۆتىنچى باب

# تۈرك قاغانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى

تۈرك قاغانلىقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ نېگىزى ئىچ-كى قىسىمدا بولۇپ، سىرتقى ئامىل پەقەتلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان.

ئىككى دۆلەت ئۇرۇشۇپ قالسا، ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن بىر - بىرىنى ئالدايدۇ، كىم تەدبىرلىك بولسا شۇ يېڭىدۇ. تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى سۈي سۇلالىسىگە ئۇرۇش-مايلا يېڭىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى.

تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، قاغانلىق تەختىنى تالىشىش كۈرىشى، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، كونا - يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ كۈرىشى بو-لۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە، ئۆزئارا ئورۇن ئالمىشىش ھادىسى-سى كۆرۈلگەنىدى.

تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى مۇقان قاغان ئېر-كىندىن باشلاندى. زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولسا ئىشبارا قاغان بىلەن ئابا قاغاننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەردى. زىددىيەتنىڭ نەتىجىسىدە ئاقىۋەت قاغانلىق پارچىلىنىپ، بىر پۈتۈن تۈرك قاغانلىقى گۇمران بولدى.

## 1 § . تۈرك قاغانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى

تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى كۈرىشى مەنبەسىدىن ئالغاندا، ھوقۇق كۈرىشى، ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، كونا - يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ كۈرىشى، يەنى چوڭ قاغانلىق تەختىگە قابىلىيەتلىكلەرنى تىكلەش كېرەكمۇ ياكى ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش كېرەكمۇ دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدىن قاغانلىق تەختىگە توقالدىن تۇغۇلغان ئوغۇلنى چىقىرىش ياكى خاتۇندىن تۇغۇلغان ئوغۇلنى چىقىرىش مەسىلىسى كېلىپ چىققاندى. قارا چۇر تۆلىش يابغۇ: «تۈركلىرىمىز مۇقان قاغاندىن بۇيان كۆپىنچە ئىنىسى ئاكىسىنىڭ تەختىگە چىقىپ، توقالدىن بولغان خانزادىلەر خاتۇندىن بولغان خانزادىلەرنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىپ، ئەجدادىمىزنىڭ ياسىقىنى يوقىتىپ، ئۆزئارا ھېيىقىشمايدىغان بولدى»① دېگەن. بۇنىڭدىن ئىنىسى ئاكىسىنىڭ ئورنىغا چىقىش ياكى توقالدىن بولغان خانزادىلەرنىڭ خاتۇندىن بولغان خانزادىلەرنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىشىنىڭ «ئەجداد ياسىقىنى يوقاتقانلىق» بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ، ئۇنداقتا تۈركلەرنىڭ «ئەجداد ياسىقىنى» قانداق؟

رىۋايەتلەردىكى ئابام بەگ، ئىگىل ئىشادۇر، نۇر تۇغلۇق شاد قاتارلىقلار ئوخشاشلا ئەپسانىۋى شەخسلەردىن ئىبارەت. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىلىدە تۇرغان، قابىلىيەتلىكلەرنى ئاقىاقال قىلىش ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي قائىدە بولغان. ئەمما، ئىپتىدائىي جەمئىيەت پارچىلانغاندىن كېيىن، جەمئىيەت قۇللۇق تۈزۈم باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ ھۆكۈمدار قىلىشنىڭ ئورنىنى ئالغان. تۈركلەر

جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان بولۇپ، ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشمۇ تۈركلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ياسىقىغا ئايلانغان. «سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «ئاقىن شاد قوۋمىنى باشلاپ ئۆتكۈردىن چىققاندىن كېيىن جۇرجانلارغا ئەل بوپتۇ، ئۇلۇغ يابغۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، قوۋمى پەيدىنپەي كۈچىيىپتۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئاقىن شادتىكى شاد جۇرجانلارنىڭ ئەمەل نامى بولۇپ، ئۇلۇغ يابغۇمۇ جۇرجانلاردىن كەلگەن ئەمەل نامىدۇر. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى ئۇلۇغ يابغۇ كىم؟ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە بۇنىڭغا تەبىر بېرىلىپ: «نۇر تۇرلۇق شادنىڭ نەۋرىسى تۇۋۇر" ( 吐务 ) ئۇلۇغ يابغۇ دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇلۇغ يابغۇ دەل تۇۋۇردۇر. بۇنىڭدىن بىز شۇنداق يەكۈنگە كېلەلەيمىزكى، نۇر تۇرلۇق شادنىڭ ئوغلى ئاقىن شاد، ئاقىن شادنىڭ ئوغلى تۇۋۇر بولغان، ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان.

تۇۋۇردىن كېيىنكىسى تۇمەن، تۇمەننىڭ ئوغلى قارا بولۇپ، ئۇلارمۇ شۈبھىسىز ئاتىلىرىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئەمما قارا ئۆلگەندە، قاغانلىق تەختىگە ئىنىسى ئېركىن ۋارىسلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن «ئىنىسى ئاكىسىنىڭ ئورنىغا چىقىپ، توقالدىن بولغان خانزادىلەر خاتۇندىن بولغان خانزادىلەرنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىپ، ئەجداد ياسىقىنى يوقىتىدىغان» ئەھۋال بارلىققا كەلگەن. تاسپار «ئەجداد ياسىقى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ھالبۇكى ئوغلى ئالپ قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئامالسىز 2 ـ قاغان بولۇپ، تەختنى ئىشبارا قاغان ئىدۇققا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كونا ـ يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ كۈرىشى خېلىلا كەسكىن بولغان.

غەربىي يۇرتتا تۇرۇۋاتقان ئىستەمى ئەسلى تۇمەن بىلەن ئۇرتاق تۆھپە ياراتقان ئاغا ـ ئىنىلەردىن بولۇپ، مۇقان قاغاننىڭ تەختكە ئېرىكىن ۋارىسلىق قىلىپ، «ئەجداد ياسىقى» نى بۇزغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە بۇنىڭغا نارازى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئوغلى تاردۇش ئەسلىدە مۇقان قاغاننىڭ قول ئاستىدا قۇتلۇق قاغان بولغان بولۇپ، «تۈرك قاغان (ئىشبارا) نىڭ ئىنىسى ئاشىنا قۇتلۇق (库头) شەرق تەرەپتە تۇراتتى.»[2] بۇ يەردىكى «قۇتلۇق» مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللىشىگە قارىغاندا، تاردۇشنىڭ خاتا يېزىلىشى ئىكەن. تاردۇش قاغان ئىشبارا قاغان بىلەن چىقىشالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشمايلا ئاتىسى ئىستەمىنىڭ يېنىغا كەتكەن. ئىستەمى چوڭ ۋەزىيەتنى قوغداپ، «ئۆز ئېلىدە يەنىلا باغادۇر بولۇپ تۇراتتى»، تاردۇش كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭمۇ بۆلۈنۈش غەرەزى كۆچەيدى.

ئىشبارا قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئېغىر زىددىيەتكە دۇچ كەلدى. ئۇ قاغانلىقنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتنى بېسىقتۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قاغانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سۇي سۇلالىسىنىڭ ئەمدىلا قۇرۇلغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 582 ـ يىلى (سۇي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى) سۇي سۇلالىسىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. «(ئىشبارا) ھەرقايسى قوۋملىرى بىلەن ئەھدىلىشىپ، جەنۇبقا بىرلىكتە بېسىپ كىرمەكچى بولدى. گاۋزۇ يېڭىلا تەختكە چىققاچقا، بۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ، سەددىچىن سېپىلىنى پۇختىلاپ ياسىتىپ، ... نەچچە تۈمەن ئەسكەرنى ئورۇنلاشتۇردى.»[3] جۇملىك جېڭىدە، سۇي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى داشى چاڭرۇ (达奚长儒) ئۆلدى. «تۈركلەردىن ئىشبارا قاغان ئىنىسى يابغۇ ۋە سپارزۇگۇن قاغان بىلەن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى باشلاپ جەنۇبقا بېسىپ كەلدى. پەرمانغا بىنائەن داشى چاڭرۇ ھەربىي يۈرۈش باشبوغى بولۇپ، 2000 ئەسكەرنى باشلاپ

ھۇجۇمغا ئۆتتى . جۇمىڭدا تۈركلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئازچى-
لىق كۆپچىلىككە تەڭ كېلەلمەي . . . بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقاچ ،
بىر تەرەپتىن چېكىنىپ ، ئۈچ كۈن تىركەشتى ، قورۇق قول
بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ، دۈشمەننىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق
ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى . . . داشى چاڭرۇمۇ بەش
يېرىدىن يارىلىنىپ ، ئىككى يېرىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ قالدى .
ئەسكەرلىرىنىڭ ئوندىن سەككىز - توققۇزى ئۆلۈپ تۈگىدى . »[4] دا-
شى چاڭرۇ «بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆلدى . »[5] شۇنىڭ بىلەن ،
ئىشبارا قاغان «مۇشا ، شىمېندىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇم
قىلىپ كېلىپ ، ۋۇۋېي ، تيەنشۈي ، ئەندىڭ ، جىنچېڭ ، شاڭ-
جۈن ، شۈەنخۇا ، يەنئەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھېچنېمىسىنى
قويمىدى . »[6]

ئىشبارا قاغاننىڭ ھۇجۇمى كۆرۈنۈشتە غەلىبە قازانغان بول-
سىمۇ ، ئەمما ماھىيەتتە تۈرك خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ ،
ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتتى . شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سۈي سۇلالىسىنىڭ «ئارىنى بۇزۇش» ئۇ-
چۇن پۇرسەت يارىتىپ بەردى . سۈي ۋېندى ياڭ جيەن تۈركلەرگە
ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتىپ ، «ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسى» نى قانات
يايدۇردى . « (سۈي ۋېندى ) ئوردا مىراقۇلى يۈەن خۇينى ئۈۋىر-
غول يولى ئارقىلىق تاردۇشنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭغا بۆرە
بېشى چۇشۇرۇلگەن تۇغ تەقدىم قىلدى ھەمدە كۆپ ئىززەت -
ئىكرام بىلدۈردى ؛ تاردۇشنىڭ ئەلچىسى كەلگەندە ئىدۇقنىڭ
ئەلچىسىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن بېرىلدى . . . جاڭ سۈنشېڭنى
چەۋەندازلار سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ ، خۇاڭلۇڭ يولىدىن قۇ-
مۇق ، تاتابى ، قىتانلارغا ئاتلاندۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ما-
يىل قىلدى ، قارا چۇر بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنى ئاستىرتتىن ئەل
بولۇشقا رام قىلدى . »[7] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، «جاڭ سۈن-
شېڭ يەنە يالغان سۆزلەر بىلەن ئىدۇقنى ئالداپ ئۇنىڭغا : «تېلې

قوۋملىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ بارگاھلىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېدى. ئىدۇق بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچىدى.»[8] تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە ئابا قاغان تالاچىنىڭ يېنىغىمۇ ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتتى، تالاچىمۇ «ئەلچى بىلەن ئوردىغا تارتۇق ئەۋەتتى.»[9]

ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسى ئۈنۈم بەردى، ئىشبارا قاغاننىڭ «ئەھدىلەشكەن ھەرقايسى قوۋملىرى» دا ئۆزگىرىش بولدى. «(ئىشبارا قاغان) جەنۇبقا بېسىپ كىرمەكچى بولغان بولسىمۇ، تاردۇش بويسۇنماي ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەتتى:»[10] قوشۇن باشلاپ چىققان ئابا قاغان بىلەن تامغان قاغانمۇ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى[11]. «تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقى» نى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىشبارا قاغانمۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈردى.

ئىشبارا قاغاننىڭ بۇرۇندىنلا ئابا قاغانغا كۆڭلىدە ئاداۋىتى بار ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قابىل ھەم جەڭگە ماھىر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ «مەغلۇپ بولۇپ قاچقانلىقى» نى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا ئاداۋىتى غەزەپكە ئايلاندى، «شۇڭا ئۇنى ئالدىدىراق يولغا سېلىۋېتىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ قوۋمىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.»[12] ئابا قاغان قايتىپ كېلىپ قوۋمىنىڭ ھېچقانچە قالمىغانلىقىنى ھەم ئانىسىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپلىنىپ تاردۇشنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى، «ئابا قاغان بارار جايى يوق بولغاچقا، غەربتىكى تاردۇش قاغاننىڭ يېنىغا كەتتى.»[13] ئىشبارا قاغان ئابا قاغان بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان تامغان قاغاننىمۇ بوش قويۇۋەتمىدى، «ئىشبارا قاغان ئۇنىڭ قوۋمىنى ئىگىلىۋېلىپ مەرتىۋىسىنى بىكار قىلدى، تامغان ئالدىراپ تاردۇشنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى.»[14]

ئىشبارا قاغاننىڭ زالىملىقى باشقىلارنىمۇ ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. «ئىشبارا قاغاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى تېگىن شادنىڭ

ئايرىم قوۋمى بار ئىدى . ئىشبارا قاغان بىلەن چىقىشالمىغاچقا ، قوۋمنى باشلاپ ئابا قاغانغا ئەل بولدى . »[15] ئومۇمەن ئىشبارا قاغان بىلەن چىقىشالمايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى تەشۋىشتە قالدى .

بۇ ۋاقىتتا ، غەربىي قىسىمدىكى تۈركلەرنىڭ سەركەردىسى ئىستەمى ئائىلەمدىن ئۆتۈپ ، ئورنىغا تاردۇش قاغان تاردۇ سەركەردە بولغانىدى . ئۇ ئەسلىدىنلا ئىشبارا قاغاندىن نارازى ئىدى ، ئەمدىلىكتە ئابا قاغان بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ قېچىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ ئابا قاغانغا ھەمدەم بولۇپ ئىشباراغا ھۇجۇم قوزغىدى ، «ئابا قاغاننى ئەسكەر باشلاپ شەرققە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى ، قوۋمىدىن 10 مىڭ چەۋەنداز ئىشباراغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى . »[16] شۇنىڭدىن كېيىن ، شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمدىكى تۈركلەر ئاشكارا بۆلۈنۈپ ، بىر پۈتۈن تۈرك قاغانلىقى مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى .

## § 2 . شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇشى

شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇشىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى ئاساسەن مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ : سىياسىي جەھەتتە ، شەرقىي تۈركلەر بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى پەيدىنپەي كۈچەيدى ، غەربىي تۈركلەر بولسا مۇستەقىل تەرەققىيات ھالىتىنى داۋاملاشتۇردى ؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ سۈي سۇلالىسىگە بولغان بېقىنىشچانلىقى كۈچەيدى ، غەربىي تۈركلەر بولسا تاشقى سودىدىن ئۈمىدلەندى ؛ مەدەنىيەت جەھەتتە ، شەرقىي تۈركلەر خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى ، غەربىي تۈركلەر بولسا ئاساسەن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى ، تۆۋەندە بۇنى

ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز .

## سىياسىي جەھەتتە

ئىشبارا قاغاننىڭ زالىملىقى تۈپەيلىدىن ، شەرقىي تۈرك-لەردە ئىسيان كۆتۈرۈپ يىراقلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلگەنىدى ، ھالبۇكى سۈي سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ، ئىشبارا قاغان كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن ، ئەكسىچە تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى . مىلادىيە 584 - يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 4 - يىلى ) ، ئىشبارا مەلىكە چيەنجىننى سۈي سۇلالى-سى مەلىكىسى قىلىشنى ئۆتۈنۈپ ، سۈي سۇلالىسى بىلەن يېقىن-لىشىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى . سۈي ۋېندى ياڭ جيەن ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە يارلىق چۈشۈرۈپ : «ئىشبارا شىمالىي چۆللۈكتە قەد كۆتۈرۈپ ، نەچچە يىللاردىن بېرى بارچە ئۇرۇقلارنىڭ خوجىسى بولۇپ كەلدى . ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمىدى ، ئىلگىرى گەرچە ياخشى ئۆتكەن بولساقمۇ ھامان ئىككى ئەل ئىدۇق ، ھالا بۈگۈن ئۇ ئىتائەتمەنلىك بىلدۇرۇپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇق ، رىشتىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى ، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خوشاللاندىم» دېدى . شۇنىڭ بىلەن مەلىكە چيەنجىنگە «ياڭ» فامىلىسى ھەدىيە قىلىنىپ ، قاغانلىق نەسەب-نامىسىگە كىرگۈزۈلۈپ ، مەلىكە دايى ( 大义 ) دەپ نام بېرىل-دى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە شەرقىي تۈركلەرگە قانات ئاستىغا ئېلىش سىياسىتىنى قول-لاندى . ئەينى ۋاقىتتا ، «ئىشبارا ئابا قاغاننىڭ زەربىسىگە ئۇچ-رىغانلىقتىن ، مەكتۇپ سۇنۇپ ياردەم تىلىدى ، لى چيې ھەربىي يۈرۈش باشبوغى بولۇپ تەيىنلىنىپ ، 10 مىڭ سەرخىل چەۋەنداز بىلەن ھۇجۇمغا ئاتلاندى ، ئابا قاغان ئاڭلاپ قېچىپ كەتتى .»[18] سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىلادىيە 585 - يىلى (سۈي ۋېندى-نىڭ كەيخۇاڭ 5 - يىلى ) يەنە «ئۇلۇغ سانغۇن يۈەن چىنى ئابا قاغانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى .»[19] يۈەن چىنى ئەلچىلىككە ئەۋە-

تىشتىن مەقسەت ئېھتىمال ئابا قاغاننى ھۇجۇمنى توختىتىشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مىلادىيە 586 - يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 6 - يىلى)، قىتانلار شەرقىي تۈركلەرگە ھۇجۇم قوزغىغاندىمۇ، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەلچى ئەۋەتىپ ئەيىبلىدى، «قىتانلار كۈل تۇنساڭ (阙顿颖) نى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ كەچۈرۈم سورىدى.»[20] شۇنداق قىلىپ شەرقىي تۈركلەر سۈي سۇلالىسىنى تايانچ دەپ بىلىپ، سۈي سۇلالىسىمۇ شەرقىي تۈركلەرنى قارام ئەل قاتارىدا كۆرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى كۈچەيدى.

غەربىي تۈركلەر ئىستەمىدىن تاردۇشقا كەلگۈچە، ئاساسىي دىققەت - نەزەرىنى غەربكە قارىتىپ كەلگەنىدى. شەرقتە پەقەت تاردۇش قاغان ئابا قاغان تالاچىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، سۈي سۇلالىسىگە نىسبەتەن پەقەتلا مىلادىيە 584 - يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 4 - يىلى) «2 - ئايدا . . . تۈرك قاغانى ئاشىنا تاردۇش قوۋمى بىلەن كېلىپ ئەل بولدى»[22] دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى تاردۇش قاغان تاردۇنىڭ «ئەل بولۇشى» روشەنكى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ئىككى تەرەپ ماھىيەتلىك ئۇچرىشىپ باقمىغانىدى. تاردۇش قاغاننىڭ «ئەل بولۇشى» ئېھتىمال سىياسىي مۇددىئا سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇ بۇ ئارقىلىق سۈي سۇلالىسىگە شەرقىي تۈركلەرنى قوللاش ۋە قانات ئاستىغا ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىگىمۇ سەل قارىماسلىق توغرىسىدا بېشارەت بەرگەن؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ۋاقىتتا غەربىي تۈركلەرنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ تەستە قولغا كەلگەن ھوقۇقنى تىرىشىپ مۇستەھكەملەشكە موھتاج بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئاساسىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ۋاقىتتا دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغان، سۈي سۇلالىسىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم

قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار «ئەل بولۇش» ئارقى-
لىق سۇي سۇلالىسىنى ئەمىن تاپقۇزغان.

ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا ۋەزىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولغان؟
تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى مەزگىلدە هازىرقى ۋولگا
دەرياسىدىن ئاۋسترىيە ئەتراپلىرىغىچە بىر بۆلۈك قوۋملار مەي-
دانغا كەلگەن بولۇپ، ياۋروپالىقلار ئۇلارنى «ئاۋارلار» دەپ
ئاتىغان. ئاۋارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا كۆزقاراشلار
خىلمۇخىل. ئۇلار كۆچىيىپ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى ئەللەرگە
زور تەھدىت سالغان. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانى
پارسلارنى تەلتۆكۈس بويسۇندۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاۋارلار
بىلەن ئىتتىپاقلىشىش نىيىتىدە بولغان. شۈبھىسىزكى، بۇ
غەربىي تۈركلەرگىمۇ تەھدىت كەلتۈرگەن. غەربىي تۈركلەر
بۇنىڭدىن ئىنتايىن سەگەكلىشىپ، شەرقىي رىمغا قاتتىق نارازى-
لىق بىلدۈرگەن. بۇ ئۇلارنىڭ شەرقىي رىم ئەلچىسى ۋالىنتىن-
نى كۈچلۈك ئەيىبلىگەنلىكىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭ
نەتىجىسىدە شەرقىي رىم ئەلچىسى نارازى بولۇپ قايتىپ كەت-
كەن. تاردۇش قاغاننىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى مەلۇم مەنىدىن
ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ شەرقىي رىمنىڭ ئاۋارلار بىلەن ئىتتى-
پاقلىشىشىنى چەكلىگەن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تاردۇش
قاغان ئاۋارلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان، ئاۋارلار قاتتىق
مەغلۇپ بولۇپ، ئادەملىرىمۇ پىتىراپ كەتكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈ-
ۋېلىشقا بولىدۇكى، تاردۇش قاغاننىڭ سۇي سۇلالىسى بىلەن
يېقىنلىشىشى، شەرقىي تۈركلەرگە ھۇجۇمنى پەسەيتىشى، ئا-
ۋارلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى بىلەن زىچ مۇنا-
سىۋەتلىك بولغان.

### ئىقتىسادىي جەھەتتە

شەرقىي تۈركلەر بىلەن سۇي سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى
ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنلىكتىن، سۇي سۇلالىسى ئىقتىسادىي

جەھەتتىمۇ شەرقىي تۈركلەرنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى . مىلا-
دىيە 584 - يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۋاڭ 4 - يىلى ) ،
ئىشبارا قول ئاستىدىكى ئابا قەبىلىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان-
دا ، سۈي ۋېندى لى چېڭنى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن
ياردەمگە ئەۋەتىپ ، «ئىشباراغا ھەمدەم بولدى» .[22] قىتانلار ھۇ-
جۇم قىلغاندا ، « (ئىشبارا ) قوۋمىنى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا كۆ-
چۈرۈپ بەيداۋ ( 白道 ) ئېقىنى بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ
قىلدى ، سۈي ۋېندى يارلىق چۈشۈرۈپ قوشۇلدى . »[23] ئىشبارا-
قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئىنىسى قاراچۇر تەختىگە
ۋارىسلىق قىلىپ ، سۈي سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى
ئېخىمۇ كۈچەيتتى ، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋە
ماددىي كۈچىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ، ئۇ بىر قېتىملىق مەشھۇر
يىراققا يۈرۈشنى تاماملىدى . قاراچۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ ئورنىغا
يارلۇق* ( 雍虞闾 ) چىققاندىن كېيىنمۇ ، ئۇ بۇ دوستانە مۇنا-
سىۋەتنى ئىزچىل ھىمايە قىلدى ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ چېگرىدا
سودا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ئالاقىنى راۋانلاشتۇردى . شۇنداق
قىلىپ ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ سۈي سۇلالىسىگە بولغان بېقى-
نىشچانلىقى پەيدىنپەي كۈچەيدى .

غەربىي تۈركلەر گەرچە بوستانلىقتا دېھقانچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان كۆپلىگەن كىچىك ئەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلى-
ۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى ،
بىراق ئۇلار ئەجدادىدىن قالغان مېتال تاۋلاش ھۈنىرى جەھەتتە
زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . شەرقىي رىم ئەلچىسى زىماكۇس
دەسلەپ غەربىي تۈركلەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە ، «خېلى كۆپ
تۈركلەر ئۇنىڭغا تۆمۈر سېتىپ بەرگەنىدى . »[24] بۇنىڭدىن كۆرۈ-
ۋېلىشقا بولىدۇكى ، غەربىي تۈركلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە سۈي
سۇلالىسىگە ھېچقانداق بېقىنمايلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزلىرى-
نىڭ ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ غەرب بىلەن سودىنى قانات يايدۇر-
غان ، بولۇپمۇ يىپەك سودىسىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ،

شۇڭا پۈتۈن كۆچى بىلەن يىپەك يولىنى قوغدىغان .

**مەدەنىيەت جەھەتتە**

تاسىبار قاغاندىن تارتىپ شەرقىي تۈركلەردە بۇددا دىنىغا نىسبەتەن كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا بولغانىدى . «چى دۆلىتىدە خۇيلىن ئىسىملىك بىر راھىب بولۇپ ، تۈركلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېلىنگەندىن كېيىن ، تاسپارغا : ‹چى دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشى بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلغانلىقىدىندۇر › دېدى ھەمدە سەۋەب ـ ئاقىۋەت تەلىماتىنى بايان قىلدى . تاسپار ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بىر ساڭرام سالدۇردى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ چى دۆلىتى كىشىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ، ۋىمالا كىرتى ، نىرۋانا سۇتراسى ، بۇددا ۋاتامىساكا ماخاۋا يىپۇليا سۇتراسى ۋە ئون تۇرۋىناياسىدىن تەلىم ئالدى . ئۆزىمۇ قاتتىق پەرھىز تۇتۇپ ، بۇددا مۇنارىنى ئايلىنىشقا ئادەتلەنىدى . ئىچكىرىدە تۇغۇلۇپ قالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى . »[25] مىلادىيە 574 ـ يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ جيەندې 3 ـ يىلى ) ، «شىمالىي چى دۆلىتىدىن راھىب جىناگۇپتا قاتارلىقلار تۈركلەرنىڭ يېرىگە كەلدى ۋە تۇرۇپ قالدى . »[26] بۇ مەزگىلدە شىمالىي چى خانلىقىدا بىر قېتىملىق «بۇددىزمنى يوقىتىش» ھەرىكىتى يۈز بېرىپ ، يەنە نۇرغۇن راھىبلار تۈركلەرنىڭ يېرىگە قېچىپ كېلىپ ، بۇددا دىنىنى شەرقىي تۈركلەرگە تېخىمۇ كەڭ تارقاتتى ، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى شەرقىي تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتتى ھەم كېيىنكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلاپ بەردى .

غەربىي تۈركلەر گەرچە غەربىي يۇرت بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدە تۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال زەردۇشت دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى . «تۈركلەر بۇ رايون (كوركۇن دەرياسى ۋادىسى ) نى ئىگىلىگەندىن تارتىپ پارس مەدەنىيىتىنىڭ

تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى ھەمدە زەردۇشت دىنىنى قوبۇل قىلدى.»[27] زەردۇشت دىنى يەنە ئاتەشپەرەسلىك دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ شەرقىي رىم ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شەرقىي رىم ئەلچىلىرى غەربىي تۈركلەرنىڭ يېرىگە كەلگەندە، ھەممىسىلا «گۇلخاننى چۆرگىلەپ تېنىنى پاكلىغان.»[28] غەربىي يۇرت قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن جايى بولۇپ كەلگەچكە، بۇ غەربىي تۈركلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتا شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئالدىدا ماڭغان، ئەمما ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتا شەرقىي تۈركلەردىن ئارقىدا قالغان.

ئىزاھلار:

① «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»
②③ «جۇنامە. ياڭ جيەنىنىڭ تەرجىمىھالى»
④ «سۈينامە. داشى چاڭرۇنىڭ تەرجىمىھالى»
⑤ «سۈينامە. ياڭ يىچېننىڭ تەرجىمىھالى»
⑥⑪⑫⑬⑭⑮ «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑦⑧⑩⑯⑰㉒㉓㉘ «سۈينامە. جاڭ سۈنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى»
⑨⑲⑳㉑ «سۈينامە. ژېندى ھەققىدە خاتىرىلەر»
⑱ «سۈينامە. لى چيېنىڭ تەرجىمىھالى»
⑳ «سۈينامە. قىتانلار تەزكىرىسى»
㉔㉘ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 4 ـ قىسىم، 4 ـ بۆلۈم.
㉖ «ئۇلۇغ راھىبلار تەزكىرىسى. جىناگۇپتانىڭ تەرجىمىھالى»
㉗ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، 3 ـ لېكسىيە: «تۈركىستاندىكى تۈركلەر»

# تۈرك قاغانلىقى قاغانلىرىنىڭ سەلتەنەت نەسەبنامىسى

تۈمەن، نامى ئىلىگ قاغان (مىلادىيە ؟ ~ 552 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان) — قارا، تۈمەننىڭ ئوغلى، نامى ئىككىنچى قاغان، ئاي قاغانمۇ دېيىلىدۇ (مىلادىيە 552 ~ 553 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) — ئېركىن، ئۆز ئىسمى ئاشىنا ئېركىن، نامى مۇقان قاغان، تۈمەن قاغاننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 553 ~ 573 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) — تاسپار، تۈمەن قاغاننىڭ ئوغلى، نامى تابا قاغان (مىلادىيە 572 ~ 578 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) — ئالپ، تاسپار قاغاننىڭ ئوغلى، نامى ئالپ قاغان (مىلادىيە 578 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان) — ئىدۇق، تۈمەننىڭ ئوغلى، نامى ئىشبارا قاغان (مىلادىيە 578 ~ 587 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك قاغانلىقى ئىككىگە پارچىلىنىپ، بىر پۈتۈن قاغانلىق تامام بولدى.

## بەشىنچى باب

# پارچىلانغاندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركلەر

تۈرك قاغانلىقى ئىككىگە پارچىلانغاندىن كېيىن ، شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئىجتىمائىي مۇھىت ، تارىخىي مۇساپە ، جۇغراپىيىۋى شارائىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى چوڭ پەرق تۈپەيلىدىن ، ئايرىم تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭدى . شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۆزلىنىشى پەيدىنپەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىگە يېقىنلىشىپ ، ئاخىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلىنىش بولدى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ تارىخىي يۆنىلىشىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى چۈشكۈنلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى .

سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سىياسىي چىرىكلىشىپ ، خەلق قوزغىلاڭلىرى ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ ، جەمئىيەت ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى . شەرقىي تۈركلەر ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار ئىچىدە سۇي سۇلالىسىگە قارشى سەپتە تۇردى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى .

تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق مىللەتلەر سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن ، كۆپلىگەن تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ بېرىپ چارۋىچىلىق ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى ، بىر قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى تاشلاپ دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلاپ ،

مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلەندى، بۇمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. شەرقىي تۈركلەر خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش نەتىجىسىدە، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش يولىدا ئالغا قاراپ زور قەدەم تاشلىدى.

## §1 . شەرقىي تۈركلەرنىڭ سۈي سۇلالىسىگە بېقىنىشى

ئىشبارا قاغان خوتۇنى مەلىكە چيەنجىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن «ئالدىنقى يىلى قار - يامغۇر ياغماي، ئادەم ۋە ماللارنىڭ تەگدىن تولىسى كېسەل ھەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن، يۇرت - ماكانى قەھەتچىلىكتە قالغان . . .»① قىيىن ئەھۋالغا قارىماي، مىلادىيە 582 - يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 2 - يىلى) سۈي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قوزغىغانىدى، سۈي سۇلالىسى خانى ياڭ جيەنمۇ قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىككى تەرەپ بەزىدە غەلىبە قىلىپ، بەزىدە يېڭىلىپ تۇردى. مىلادىيە 583 - يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 3 - يىلى) سۈي سۇلالىسى خانى ياڭ جيەن ياڭ شۇاڭنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ يوللارغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇ بەيداۋ ئېقىنىنىڭ بويىدا ئىشبارا بىلەن ئۇچرىشىپ، شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق، «ئۇنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئېلىپ، ئات، كالا، قويلىرىدىن نەچچە تۈمەننى غەنىيمەت ئالدى، ئىشبارا قاغان قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى.»② شۇنىڭدىن كېيىن، ئىچكى قىسمىدىكى پارچىلىنىش تۈپەيلىدىن كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، مەلىكە چيەنجىنىڭ مەكتۇپ سۇنۇپ بىر ئوغلىنى تۇرغاق قىلىشنى تەلەپ قىلىش ۋاستىسى بىلەن سۈي سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىش نىيىتىنى ئىپادىلىدى. سۈي سۇلالىسى خانى ياڭ جيەن

ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، چىيەنجىنگە «ياڭ» فامىلىسىنى ھەدىيە قىلىپ، مەلىكە «دايى» دەپ نام بەردى. ئەمما، سۈي سۇلالىسى ئەلچىسى يۇچىڭ ئۇنىڭ يېرىگە كەلگەندە، ئىشبارا قاغان يەنە ھەيۋە كۆرسىتىپ ئەسكەرلىرىنى سەپراس تىزىپ، بايلىقىنى پاش قىلىپ، ئۆز ئابرۇيىنى كۆز - كۆز قىلدى. لېكىن، ئاقىۋەت يەنىلا سۈي سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇپ، «مەڭگۈ قارام بولىدىغانلىقى»[3] نى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن تار-تىپ، شەرقىي تۈركلەر بىلەن سۈي سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بې-قىندىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى.

مىلادىيە 587 - يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 7 - يىلى)، ئىشبارا قاغان سىرتقا شىكارغا چىقىپ، «قايتىپ زىخې (紫河) قورغىنىغا كەلگەندە، بارگاھى ئوتتا كۆيۈپ كەتتى، ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت-تىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.»[4]

ئىشبارا قاغاننىڭ ئوغلى يارلۇق بوشاڭ ھەم ئىقتىدارسىز ئىدى، شۇڭا «ئىنىسى قارا چۇر يابغۇ (处罗侯叶护) قاغان بولۇپ بېرىش توغرۇلۇق ئادەم ئەۋەتىلدى.»[5] ئەمما، يارلۇق-نىڭ بوشاڭ ھەم ئىقتىداسىز بولغانلىقى بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ئەمەس، ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئىشبارا قاغان بىلەن قارا چۇر يابغۇنىڭ ئەسلىدە سۈي سۇلالىسىگە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە پىكىر بىردەكلىكى يوق، زىددىيىتى بار بولسىمۇ، بۇ ۋاقىتتا بۇ زىددىيەتلەر تۈگىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا چۇر يابغۇنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشى بولغاننىڭ ئۈستىگە، ھۆكۈمدارلىق ئىقتىدارى بار ئىدى، ئەگەر ئۇ قاغان بولسا، مۇقەررەركى قاغانلىقنىڭ سۈي سۇلالىسى بى-لەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتەلەيتتى. ھالبۇكى، يارلۇق بوشاڭ بولۇپلا قالماي، يەنە كالتە پەملىك ئادەم بولغاچقا، ئىش-بارا قاغان ئۇنىڭدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئەھۋالنىڭ كې-يىنكى تەرەققىياتى ئىشبارا قاغاننىڭ ئەندىشىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ

ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

يارلۇق ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، قارا چور يابغۇغا قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش توغرىلۇق بىرنەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتتى، ئەمما قارا چور يابغۇ بىرمەھەل ئۆزرە ئېيتىپ، مۇقان قاغاندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاكىدىن ئىنىغا ئورۇن ئۆتۈنۈش تۈزۈمىنى بۇزۇپ، ئەجداد ياسىغىنى يوقىتىش «ئەكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى. ئىككى تەرەپ بەش، ئالتە قېتىمدىن كۆپرەك ئۆز ئارا ئۆتۈنۈش ئارقىلىق، ئاخىر قارا چور يابغۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشنى رەت قىلالماي، يابغۇ قاغان دەپ ئاتىلىپ، قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى ھەم دەرھال سۈي سۇلالىسىگە مەلۇم قىلدى. سۈي سۇلالىسى خانى ياڭ جيەن داقا ـ دۇمباق ۋە تۇغ ـ ئەلەملەرنى تارتۇق قىلىپ تەبرىكلىدى.

دەل يارلۇق بىلەن قارا چور يابغۇ قانلىق تەختىگە چىقىشنى بىر ـ بىرىگە ئۆتۈنۈۋاتقان ۋاقىتتا، ئىشبارا قاغان تەرىپىدىن «تۇتۇپ كېلىنگەن»⑥ ئابا قاغان تالاچ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇنچە قېچىپ كەتتى ھەمدە قايتىدىن جانلىنىپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى. يابغۇ قاغان سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، «سۈي سۇلالىسى تارتۇق قىلغان داقا ـ دۇمباق، تۇغ ـ ئەلەملەر بىلەن جابدۇنۇپ، غەربتىكى ئابا قاغانغا يۈرۈش قىلدى. دۈشمەنلەر ئۇلار سۈي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، كۆپلەپ كېلىپ تەسلىم بولدى ھەم ئابا قاغاننى تىرىك تۇتۇپ بەردى.»⑦ يابغۇ قاغان سۈي سۇلالىسى خانىغا ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىلۇق مەكتۇپ سۇندى، سۈي سۇلالىسى خانى ياڭ جيەن گاۋيىڭنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ «كەڭچىلىك قىلىپ ئامان قالدۇرۇش»⑧ تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئابا قاغان تالاچ ئۆلۈمدىن قۇتۇ-

لۇپ قالدى .
مىلادىيە 588 - يىلىدىن 589 - يىلىغىچە (سۈي ۋېندى-نىڭ كەيخۇاڭ 8 - يىلىدىن 9 - يىلىغىچە ) يابغۇ قاغان سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا غەربكە يۈرۈش قىلىپ ، تۈرك قاغانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئورۇن-دىماقچى بولدى . ئەمما ، ئۇلار غەربىي تۈركلەرنىڭ تەۋەسىگە كىرگەندە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى . بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىدى : بىرىنچىدىن ، بۇ ۋاقىتتا تاردۇش قاغان دەل ئاۋارلارغا تاقابىل تۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ ، كۆپ قىسىم ھەربىي كۈچىنى غەربكە قاراتقانىدى ؛ ئىك-كىنچىدىن ، يابغۇ قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ تۇغى ئاستىدا يۈ-رۈش قىلغان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالدا تاردۇش قاغان سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئارازلىشىپ قېلىشنى خالى-مايتتى ؛ ئۈچىنچىدىن ، يابغۇ قاغان قوشۇن چىقىرىشتىكى نى-شانىنى پارسلار دەپ جاكارلىغان بولۇپ ، بۇ تاردۇش قاغانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، پارسلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى چەكلەشكە پايدىلىق ئىدى .
يابغۇ قاغان قوشۇنىنى باشلاپ پارسلارنىڭ تەۋەسىگە كىرگەن-دە ، پارسلارنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى بەھرام چۇبىنىنىڭ قوشۇ-نى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . جەڭدە يابغۇ قاغان بەھرام جۇبىن-نىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ قېلىپ ئوق تېگىپ ئۆلدى . شۇنىڭ بىلەن ، تۈرك قوشۇنى سەركەردىسىز قېلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى[9] .
يابغۇ قاغان جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن ، شەرقىي تۈركلەر يارلۇقنى قاغان قىلىپ تىكلەپ ، ئەلتەرىش چۇر تۇران قاغان دەپ ئاتىدى . تۇران قاغانمۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن دەرھال سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ ئەۋەتتى ، سۈي ۋېندى ياڭ جيەن يابغۇ قاغاننىڭ قەدىناس دوستى جاڭ سۈنشېڭنى تۈركلەر-

گە ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە سوۋغا ـ سالاملارنى ھەدىيە قىلىپ يېڭى قاغاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنى تەبرىكلىدى . شۇ-نىڭدىن كېيىن ، تۇران قاغان سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۇ-زۇلدۇرمەي «تارتۇق» يوللاپ تۇردى .

مىلادىيە 593 ـ يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 13 ـ يىلى ) ، «پالاندى ياڭ چىن تۈركلەرنىڭ يېرىگە قېچىپ كېلىپ ، يالغاندىن پېڭچېڭ بېگى ليۇ چاڭ مەلىكە دايى بىلەن بىرلىشىپ سۈي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش ئۇچۇن مېنى مەخپىي ئەلچى-لىككە ئەۋەتتى ، دېدى . بۇنىڭ بىلەن يارلىق ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ، ئوردىغا تارتۇق ئەۋەتىشنى توختىتىپ قويدى .»[10] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمى-دىمۇ نىزا كۆتۈرۈلدى ، «تۇران قاغان ئىنىسى چىنگۇ شاد (钦羽设) نىڭ قەبىلىسى كۆچىيىپ كەتكەنلىكتىن ، ئەندىشىگە چۈشۈپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى ۋە جەڭدە ئۇنى ئۆلتۈردى .»[11] شۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەر چىقىرىپ سۈي سۇلالىسى چېگرىسىغا پاراكەندىچىلىك سالدى . «بۇ ۋاقىتتا تۈركلەر ئىنتايىن كۈچە-يىپ ، تۇران قاغاننىڭ خوتۇنى يۈۋېن ئۇرۇقىدىن بولغان مەلىكە دايى بولغانلىقتىن ، نەچچە قېتىم چېگرىغا ھۇجۇم قىلدى .»[12] بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى .

## § 2 . شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشلەر

شەرقىي تۈركلەر ئىشبارا قاغاندىن باشلاپ سۈي سۇلالىسى-گە قارام بولغاندىن كېيىن ، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ

ئىتائىتىدىكى بىر يەرلىك ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ، ئىككىسى بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا، سۇي سۇلالىسىنى ھىمايە قىلىش ۋە سۇي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش ماھىيەتتە بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سۇي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش خاراكتېر جەھەتتىن شەرقىي تۈركلەر بىلەن سۇي سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي توقۇنۇش بولۇپ، بۆلگۈنچىلىككە كىرمەيتتى.

يۇقىرىقىدىن بولغان مەلىكە دايى سۇي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي جۇ خانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتكەنلىكىگە ئىزچىل ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن، ئىشبارا قاغان دەۋرىدىكى سۇي سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بولغانىدى. ئىشبارا قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، مەلىكە دايى تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يارلۇققا نىكاھلاپ بېرىلدى. تۇران قاغان يارلۇق تەختكە چىققاندىن كېيىن، سۇي ۋېندى ياڭ جيەن چېن خانلىقىنى يوقاتقاندا قولغا چۈشۈرگەن غەنىيمەتلەرنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن مەلىكە دايىنىڭ شىمالىي جۇ خانلىقىغا بولغان سېغىنىشى يەنە قوزغالدى. «شۇڭا، ئۇ دەرپەردىگە:

گۈللەنمەك ۋە خارابلاشماق مىسالى تاڭ ۋە گۇگۇم،
ئىنسان تەقدىرى ھەم ياپراق كەبى بولار خازان،
باياشادلىق كېتىپ ئۇندا گەر گادايلىق كېلەر بولسا،
شانۇشەۋكەت تەختى ھەم ھامان بىر كۈن بولار گۇمران،
بايلىق ھەم باياشادلىق ھالا بۈگۈن كەتتى نەگە؟
ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتمەكتە كۈن بىزارلىقتا،
كۆي ـ نەغمىسىز ئىچسە شاراب قىلچە بولماس ھۇزۇر ـ كەيپ،
ناخشىسىز ھايات ئىچرە قىينالدى جان ئىنتىزارلىقتا.
ئاجىزە بىر خانىكەمەن، تۇرار يېرىم چۆلى دەشت،

ئۆتكەن كىشىلار ئۆرتەيدۇ بۇ مەيۇس - مىسكىن دىلخانەمنى .
قەدىمدىن كىش مۇشۇنداق نەچارە بۇ قىسمىتىمگە ،
نەزمە بىلەن قىلاي ئىزھار باياۋاندا پىغانىمنى .

دەپ شېئىر يېزىپ كۆڭلىنى ئىزاھار قىلدى . خان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەندى . »[13] دەل شۇ ۋاقىتتا پالاندى ياڭ چىن تۈركلەرنىڭ يېرىگە كېلىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ، ئۆزىنىڭ يالغان سالاھىيىتىنى پاش قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ، تۇران قاغان سۇي سۇلالىسىدىن بارا - بارا يىراقلاشتى ، ھەتتا ئەسكەر ئەۋەتىپ چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى .

سۇي ۋېندى ياڭ جيەن تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن ئالايىتەن جاڭ سۇنشېڭنى تۈركلەرگە ئەۋەتتى . «مەلىكە جاڭ سۇنشېڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھۆرمەتسىزلىك قىلدى ھەم تۈركلەردىن بولغان يېقىن ئادىمى ئانسۇيكا* (安遂迦) نى ياڭ چىن بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتىپ يارلۇقنى قۇتراتتى . جاڭ سۇنشېڭ ئامالسىز پايتەختكە قايتىپ ، ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلدى . »[14] سۇي ۋېندى ياڭ جيەن يەنە جاڭ سۇنشېڭنى تۈركلەرگە ئەۋەتىپ ، ياڭ چىننى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ئەمما ، تۇران قاغان «قول ئاستىمدا بۇنداق ئادەم يوق» دەپ يالغان ئېيتىپ تۇرۇۋالدى[15] . شۇنىڭ بىلەن ، جاڭ سۇنشېڭ ئامالسىز يارلۇقنىڭ ئەمەلدارىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ، «ياڭ چىننىڭ تۇرغان جايىنى بىلىۋالدى ھەم كېچىدە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ يارلۇققا كۆرسەتتى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلىكىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرى بولغانلىقتىن ، تۈركلەر ئىنتايىن غەزەپلەندى . يارلۇق ئانسۇيكا قاتارلىقلارنى تۇتتى ھەمدە جاڭ سۇنشېڭغا تاپشۇرۇپ بەردى . »[16] سۇي ۋېندى ياڭ جيەن مەلىكە دايىنىڭ نامىنى بىكار قىلىپ ، تۇران قاغاننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى . تۇران قاغان «مەلىكىنى ئۆز چېدىـ

ـرىدا قەتلى قىلدى .»[17] ئەمما ، ئۇنىڭ سۆي سۇلالىسىگە بولغان ئىشەنمەسلىك ھېسسىياتى پەسەيمەستىن تېخىمۇ كۈچىيىپ ، تەدـ رىجىي قارشىلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپ ، بۆلگۈنچىلىك يولىغا قاراپ ماڭدى .

يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى رامقان ، نامى تۆلىش بولۇپ ، ئۇ تۇران قاغاننىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن نارازى بولغاچقا ، تۇران قاغاننىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويغانىدى . كېيىن ئۇ يەنە يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى سالاھىيىتى بىلەن سۆي سۇلالىسىگە تويلىشىش تەلىپىنى قويدى ، سۆي ۋېندى ياڭ جيەن «قىزى مەلىكە ئەنيى ( 安义 ) نى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى .»[18] بۇنىڭدىن تۇران قاغان تېخىمۇ غەزەپلەندى . شۇنىڭ بىلەن ، «يارلۇق : ‹مەن ئۇلۇغ قاغان تۇرۇقلۇق رامقانغا يېتەلمەمدىم › ، دەپ ئاچچىقلىنىپ ، ئۇرـ دىغا تارتۇق ئەۋەتىشنى ئۈزۈپ قويدى ھەمدە بىرقانچە قېتىم چېگرىغا ھۇجۇم قىلدى .»[19]

بۇ ۋاقىتتا ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانى تاردۇش قاغان ئالىلىقاچان غەربىي قىسمىنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ ، نەـ شاننى شەرققە قاراتقان بولۇپ ، ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ ، تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، تۈرك خانلىقىنى قايتىدىن قۇـ رۇش نىيىتىدە بولۇۋاتاتتى . تۇران قاغان رامقانغا تاقابىل تۇـ رۇش ئۈچۈن «تاردۇش بىلەن بىرلىكتە رامقانغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى . . .»[20] رامـ قان 5000 دەك چەۋەنداز بىلەن سۆي سۇلالىسى چېگرىسىغا قېچىپ كەتتى . شۇ ۋاقىتتا يەنە «يارلۇقنىڭ ئىنىسى تۇسرۇق* ( 都速六 ) خوتۇنى ۋە ئوغلىنى تاشلاپ»[21] سۆي سۇلالىسى ھۆـ كۈمىتىگە بېقىندى ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قېچىپ كەلگەنلەر «ئىلـ گىر ـ كېيىن بولۇپ . . . بىر تۈمەندىن كۆپرەك كىشىگە يەتـ تى .»[22]

مىلادىيە 599 ـ يىلى (سۆي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 19 ـ

يىلى) ، سۇي ۋېندى ياڭ جيەن رامقانغا ئەل ئىدۇق يامىغ قاغان" دەپ نام بەردى . بۇ ۋاقىتتا «مەلىكە ئەينى ۋاپات بولدى ، خان يەنە قىزى مەلىكە يىچېڭ ( 义成 ) نى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى . ئۇنىڭ قوۋمى ئۈزلۈكسىز كۆچەيگەنلىكتىن ، يارلۇق ئۇنىڭغا يەنە ھۇجۇم قوزغىدى . . . (ئەل ئىدۇق يامىغ قاغان قوۋمىنى باشلاپ ) خېنەنگە كۆچۈپ بېرىپ ، شياجۇ ، شېڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدا نەچچە يۈز چاقىرىم خەندەك كولاپ ، شەرق ، غەرب تەرەپتىن دەريانى توسۇپ ، بۇ جايلارنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئوتلىقىغا ئايلاندۇردى . »[23] تۇران قاغان ئاللىقاچان قوۋمىنىڭ نەزەرىدىن قالغاچقا ، شۇ يىلى «قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى» .[24] شۇنىڭ بىلەن ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئاخىرلاشتى .

مىلادىيە 604 - يىلى (سۇي ۋېندىنىڭ رېنشۇ 4 - يىلى ) سۇي ۋېندى ۋاپات بولۇپ ، ئوغلى ياڭ گۇاڭ ( 杨广 ) تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ سۇي ياڭدى دەپ ئاتالدى . يىلنامىنى دايې دەپ بېكىتتى . بۇ ۋاقىتتا ، ئەل ئىدۇق يامىغ قاغان مەكتۇپ سۇنۇپ : «كەمىنە ھازىر بۇرۇنقى چەت زېمىندىكى تۈركلەرنىڭ قاغانى ئەمەس ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ رايىش پۇقرالىرىدۇرمەن ، ئۆزلىرىنىڭ بىزنى سەلتەنەتلىرى ھىمايىسىگە ئېلىپ ، بىزگە باشپاناھ بولۇپ ، ئۆز ئەللىرىنىڭ ئادەت - يوسۇنى بويىچە بىزنى تەربىيىلىۋېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن ، كەمىنە بۈگۈن ئۆزلىرىدىن بىسوراق قوۋمىمنى باشلاپ كېلىپ قالدىم ، تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىدە تەلىپىمنى رەت قىلماسلىقلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن »[25] دېدى . ئەمما ، سۇي ياڭدى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىدى ھەمدە يارلىق ئەۋەتىپ : «ئىلگىرى شاھىنشاھىمىز دۆلەت قۇرغاندا ، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بۇزماي كەلگەن ، خەلقنى ھىدايەتكە باشلاشتا ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى

ئۆزگەرتمىگەن ، ھەر خەلقنىڭ ئۆزىگە يارىشا رەسىم - يوسۇنى بولىدۇ ، ھەممىسىلا ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئەلادۇر ، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئەل روناق تاپالايدۇ ، قوۋمىڭىزنى ئۆز ئادىتىڭىز بويىچە ئىدارە قىلىسىڭىز ، يەنىلا شاپائىتىمىزگە نائەل بولالايسىز . زېمىنىمىز ئايرىم ، ئوتتۇرىمىزدا پەرق بولسىمۇ ، ئەمما رىشتىمىز مۇستەھكەمدۇر »[26] دېدى . سۇي ياڭدىنىڭ تۇتقان يولى توغرا ئىدى . مىلادىيە 607 - يىلى (سۇي ياڭدىنىڭ دايې 3 - يىلى ) ، ئەل ئىدۇق يامىغ قاغان يەنە يېقىن ۋەزىرلىرىدىن ئىستەمى تېگىن ، ئاشىنا جۇق ، ئاشىنا يىشۇن ، ئەلتەبىر ، شىسغۇس ( 史蜀胡悉 ) قاتارلىقلار بىلەن يەنە مەكتۇپ سۇنۇپ ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇردى . بۇ ۋاقىتتا ، سۇي ياڭدى ياڭ گۇاڭ راھەت - پاراغەت ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن ، ئەل ئىدۇق يامىغ قاغان قاتارلىقلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى . ئەمما ، بۇ شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىللىي كەيپىياتنى ئۆرلىتىۋەتتى . مىلادىيە 608 - يىلى (سۇي ياڭدىنىڭ دايې 4 - يىلى ) ، ئەل ئىدۇق يامىغ قاغان ۋاپات بولدى . «خان ئۈچ كۈن ئوردىغا چىقماي ماتەم بىلدۈردى ھەم ئۇنىڭ ئوغلى قۇتلۇق شادنى قاغان قىلىپ تىكلىدى ھەمدە ئىش بەگ قاغان دەپ ئاتالدى . »[27]

سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ، خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ جەمئىيەت ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي كەيپىيات تېخىمۇ كۈچەيدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلارمۇ سۇي سۇلالىسىگە قارشى سەپكە ئۆتۈپ ، سۇي سۇلالىسىنى ھالاك قىلىشتىكى بىر مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى .

ئىش بەگ قاغاننىڭ سۇي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشى بىلەن ، تۇران قاغاننىڭ سۇي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشى خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان بولۇپ ، ئالدىنقىسى خەلق قوز-

قىلىقى خاراكتېرىگە ئىگە ، كېيىنكىسى بولسا بۆلگۈچىلىككە مەنسۇپ ، بۇنىڭغا ئوخشاش نەزەردە قاراشقا بولمايدۇ .

## 3§ . شەرقىي تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ سۈي سۇلالىسىنى يوقىتىشى

سۈي ياڭدى ياڭ گۇاڭ تارىختا نامى چىققان نادان خانلارنىڭ بىرى بولۇپ ، سۈي ۋېندى ياڭ جيەن تىكلىگەن سەلتەنەت ۋە توپلىغان بايلىقلار ئۇنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت ھەم راھەت ـ پاراغەت سۈرۈشىدىكى دەسمايە بولۇپ قالدى . ئۇ ھەدەپ قەسىر ـساراي سالدۇرۇپ ، باغ ـ گۈلىستانلارنى بىنا قىلىپ ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە بېرىلىپ كەتتى . سۈي ياڭدىنىڭ بۇنداق كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىشى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق كۆن كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى . «يەرلەر قاغجىراپ ، زىرائەتلەر قۇرۇپ ، پۇقرالار يەيدىغان ئاشلىقى ، كىيگۈدەك كىيىمى يوق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . ئوغرى ـ يالغانچىلار كۆپىيىپ ، بۇلاڭچىلىق ، قاراقچىلىق ئەدەپ كەتتى . »[28]

خەلق قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن ، سۈي ياڭدى چارىسىز ئەھۋالدا قالدى ، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرىدى . پېيجۇ سۈي ياڭدىغا ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر بويىچە «ئارىنى بۇزۇش» ھىيلىسىنى قوللىنىش تەكلىپىنى بەردى . «ئىش بەگ قاغاننىڭ قوۋمىنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئوردا مەلىكىلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭ ئىنىسى چاگ شاد (叱吉设 ) قا

نىكاھلاپ بېرىپ ، ئۇنىڭغا ئىنتائەتمەن قاغان دەپ نام بېرىش ئەقلىنى كۆرسەتتى ، ئەمما چاگ قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمىدى . ئىش بەگ قاغان بۇنى ئۇقۇپ كۆڭلىدە قاتتىق ئاغرىندى . »[29] شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى «ئارىنى بۇزۇش» مەغلۇپ بولدى . بۇ ۋاقىتتا ، شەرقىي تۈركلەر سۈي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشتا بىردەك پىكىرگە كەلگەن بولۇپ ، ھېچقانداق زىددىيىتى يوق ئىدى . «ئارىنى بۇزۇش» ھىيلىسى ئىش بەگ قاغاننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانلىقتىن ، ئەسلىدە مۆتىدىل پوزىتسىيىدە بولۇپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركلەرمۇ خەلق قوزغىلىڭى سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى . مىلادىيە 615 ـ يىلى (سۈي ياڭدىنىڭ دايې 11 ـ يىلى ) ، «ئىش بەگ قاغان نەچچە يۈز مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ، . . . خان شەرققە چېكىنىپ يەنمېن دىيارىغا كېلىپ پاناھلاندى . چى بېگى جيەن ھىماتچى قوشۇن بىلەن چۇنشيەن ناھىيىسىنى قوغدىدى ، . . . يەنمېن دىيارىدىكى 41 شەھەرنىڭ 39 ى تۈركلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ ، پەقەت يەنمېن ، چۇنشيەنلا قەپقالدى . تۈركلەر يەنمېنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ ، ئاتقان ئوقلىرى خاننىڭ بارگاھىغا يەتتى ، خان قاتتىق قورقۇپ جاۋ بېگى گاۋغا ئېسىلىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى . . . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەلىكە يىچېڭدىن ياردەم سورىدى ، مەلىكە ئىش بەگ قاغانغا ئادەم ئەۋەتىپ : «شىمالدا ئەھۋال جىددىي ، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى . . . ئىش بەگ قاغان مۇھاسىرىنى بوشىتىپ قايتىپ كەتتى . »[30]

ئىش بەگ قاغاننىڭ ئەسكەر چىقىرىپ سۈي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى . كۆپلىگەن قوزغىلاڭچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشتى . مىلادىيە 615 ـ يىلى (سۈي ياڭدىنىڭ دايې 11 ـ يىلى ) ، «شاڭگۇلۇق ۋاڭ شۇبا ئىسيان كۆتۈرۈپ ، ئۆزىنى

خان دەپ ئاتاپ ، يەن دۆلەتنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى ؛ ئاسىي سەركەردە ۋېي داۋ ئۆزىنى تەڭداشسىز ئەزىمەت دەپ ئاتاپ ، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەتراپىغا توپلاپ ، شىمالدا تۈركلەر بىلەن بىرلەشتى . »[8] مىلادىيە 617 - يىلى (سۇي ياڭدىنىڭ دايې 13 - يىلى ) ، «مايى چېرىكبېشى ليۇ ۋۇجۇ ۋالىي ۋاڭ رېنگۇڭنى ئۆلتۈرۈپ ، ئەسكەر باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، شىمالدا تۈركلەر بىلەن تىل بىرىكتۈردى . »[9] «ليالڭ شۇەيدۇ ئەتراپىغا نەچچە مىڭ ئادەم توپلاپ ، (شوفاڭ ) ئايمىقىنىڭ ياندىش ۋالىيسى تاڭ زۇڭنى ئۆلتۈرۈپ ، ئايماقنى ئۆز قولىغا ئالدى ھەمدە ئۆزىنى باش ۋەزىر دەپ ئاتاپ ، شىمالدا تۈركلەر بىلەن بىرلىشىۋالدى . »[10] شۇ يىلى سۇي ياڭدى قورقۇنچتا تەختتىن چۈشۈپ ، ئوغلى ياڭ يۇ تەختكە چىقىپ ، ئۆزىنى سۇي گۇڭدى دەپ ئاتىدى ، يىلنامىنى يىنىڭ ( 义宁 ) دەپ بېكىتتى . شۇنىڭ بىلەن ، سۇي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى .

بۇ ۋاقىتتا ، جىنياڭ (يەنى تەييۈەن ) باقاۋۇلى لى يۈەن قاتارلىقلارمۇ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ پەيت كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئوغلى لى شىمىن «ئەقىللىق ، زېرەك ھەم ئىستېداتلىق بولۇپ ، سۇي خانلىقىنىڭ مالىمانچىلىقتا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، جاھاننى ئوڭشاش ئىرادىسىگە كېلىپ ، شىرمەت ئەزىمەتلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ ، بايلىقلىرىنى ئايىماي سەرپ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلدى . »[11] ئۇ ئەتراپلىق ھەم پۇختا تەييارلىق قىلىپ ، «خان (ياڭدى ) نىڭ ئاتىسى لى يۈەننى ئوغرىلارغا تاقابىل تۇرالمىغىنى ئۈچۈن جياڭدۇغا ئەكېلىپ سوراققا تارتقانلىقى» نى[12] باھانە قىلىپ ، ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقتى . جىنياڭ ئامبىلى ليۇ ۋېنجىڭ لى يۈەنگە «تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش» تەكلىپىنى

بەردى[38] . لى يۈەن ئۈنىڭ كېيىنگە كىرىپ تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتتى . ئىش بەگ قاغان : «ئەگەر تاڭ بېگى (لى يۈەن) خان بولىدىغان بولسا ، مەن ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيمەن ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن »[37] دەپ ئىپادە بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن لى يۈەن يەنە ليۇ ۋېنجىڭنى تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى . ئۇ ئىش بەگ قاغان بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزۈشتى ، كېلىشىم بويىچە ، ئىش پۈتكەندىن كېيىن «يەر - زېمىن ۋە پۇقرا تاڭ بېگىگە قالىدىغان ، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلار تۈركلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان»[38] بولدى . مىلادىيە 617 - يىلى (سۈي گۇڭدىنىڭ يىنىڭ 1 - يىلى) ، لى يۈەن جىنياڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، ئامبارلاردىكى ئاشلىقلارنى خەلققە تارقىتىپ بېرىپ ، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالاپ ، ئەسكەر يىغىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى . ئىش بەگ قاغان «كاڭشۇلى تېگىن ( 康稍利特勤 ) قاتارلىقلارنى 1000 تۇياق تارتۇق ئات بىلەن جياڭجۇن ئايىمىقىغا ئەۋەتتى ، يەنە 2000 چەۋەندازنى چەڭئەنگە ئاتلاندۇرۇپ»[39] لى يۈەنگە كۈچلۈك ھەمدەم بولدى . بۇ ۋاقىتتا ، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پەقەت جياڭدۇ ، لوياڭ 2000 شەھەرنىلا ساقلاپ قالغانىدى . مىلادىيە 618 - يىلى (سۈي گۇڭدىنىڭ يىنىڭ 2 - يىلى) ، سۈي ياڭدى ئۆزىنىڭ ئوڭ قانات ياساۋۇللار سانغۇنى يۈ ۋېنخۇا تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى . «بارلىق ئۇرۇق - پۇشتى پۈتۈنلەي قەتلى قىلىندى .»[40] شۇنىڭ بىلەن ، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھالاك بولدى .

لى يۈەن چاڭئەننى ئىشغال قىلىپ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە يىلنامىنى ۋۇدې ( 武德 ) دەپ بېكىتتى .

تاڭ سۇلالىسى دەسلەپ قۇرۇلغاندا ، ئىچكى ۋەزىيەت تېخى

مۇقىملاشمىغان بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى قوراللىق كۈچلەر يەنىلا خانلىق تەختىنى ئىگىلەش كويىدا ئىدى. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى لەنجۇ، شىنىڭلارنى ئىگىلىگەن شۆجۇ لياڭ شىدۇ ۋە تۈركلەردىن باغادۇر شاد بىلەن بىرلىشىپ چاڭئەننى ئېلىشنى پىلانلىغان، ئەمما باغادۇر شاد ئۇلارنىڭ غەرەزىنى بىلگەندىن كېيىن لياڭ شىدۇ قاتارلىقلارنىڭ ئەلچىسىنى قايتۇرۇۋېتىپ، بىرلىشىشكە قوشۇلمىغان[41]. شۈبھىسىزكى، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى بېسىقتۇرۇش، ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇشىدا زور رول ئوينىغان.

مىلادىيە 619 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 2 ـ يىلى)، ئىش بەگ قاغان ئالەمدىن ئۆتۈپ، «ئوغلى ساباغ بەگ كىچىك بولغاچقا، . . . ئىنىسى ئىلىگ بەگ شاد تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ»[42]، قارا (处罗) قاغان دەپ ئاتالدى. تاڭ گاۋ زۇ لى يۈەن ئىش بەگ قاغانغا ھازا تۇتۇپ «ئۈچ كۈن ئوردىغا چىقمىدى ھەمدە بارلىق ئەمەلدارلارنى تۈركلەرنىڭ ئەلچىسى ئالدىدا تەزىيە بىلدۈرۈشكە بۇيرۇدى. يەنە ھۆدەيچى جېڭ دېتىڭنى 30 مىڭ توپ شايى بىلەن قارانىڭ يېنىغا ھال سوراشقا ئەۋەتتى.»[43]

جەمئىيەتنىڭ تىنچلىنىشى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن «(ئامبارلار) ئاشلىققا تولۇپ، . . . كىشىلەر سىرتقا چىققاندا ئىشىكلىرىنى تاقىمايدىغان، ئات، كالىلار ئەركىن يايلاپ يۈرىدىغان، يوللاردا يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان، ھەممە يەر باياشادلىققا تولغان مەنزىرە بارلىققا كېلىپ، ئەتراپتىكى ئەللەردىن ئەل بولغانلار 20 تۈمەندىن ئاشتى.»[49] شەرقىي تۈركلەرمۇ «ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان»[50] گۈللىنىشكە ئېرىشتى، ئەمما بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە يېڭى زىددىيەتلەر كېلىپ چىقتى.

## 4 § . شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يېڭى زىددىيەت

يامىغ قاغان دەۋرىدىن قارا قاغان دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى پەيدىنپەي گۈللىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى . ئوتتۇرا ئاسىيادىن تۈركلەرنىڭ يېرىگە كېلىپ سودا قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ ، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ ، بەزىلىرى يەنە شەرقىي تۈركلەرنىڭ يۇقىرى ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ قالدى . خۇددى سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پېيى جۈ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك : « (تۈركلەرنىڭ ) ئىچىدە مەككارلىقتا داڭقى چىققان بىر توپ غۇزلار بولۇپ » ،[48] ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى سوغدىيانالىق كاڭشۇلى* ، كۇشانلىق شىسغۇس ، بۇخارالىق قوبۇرغۇر* ( 侯附国 ) ، غۇز ئوغان* ( 侯祖乌唤 ) قاتارلىقلار ئىدى .

شەرقىي تۈركلەر ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنىڭ شەرقىي تۈركلەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا كىرىشى نەتىجىسىدە ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئورۇن جەھەتتە قاغاندىنلا كېيىن تۇرۇپ ، «ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن بولۇپ قالدى .»[47] مەسىلەن ، كاڭشۇلى «ئەركانبەگ» ئەمىلىدە بولۇپ ، يابغۇ بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھىم يالۋاچ (تاشقى ئالاقە ئەمەلدارى ) ئىدى . شىسغۇس قاتارلىقلار قەبىلىلەرگە ھۆكۈمدارلىق قىلالايدىغان بولۇپ ، شاد بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئىدى . ئۇلارنىڭ ئوي - خىياللىرى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ماددىي مەنپەئەتپەرەسلىكىنى بارغانچە ئاشۇرۇۋەتتى .

ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىنىڭ سودا ئېكىنىنىڭ تەسىرىگە

ئۇچرىغانلىقتىن، شەرقىي تۈرك ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تۇتقان سىياسىتىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە تالان - تاراج قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پوزىتسىيە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئىش بەگ قاغان ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلگەنىدى. قارا قاغانمۇ ئاساسەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. گەرچە سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنىڭ قۇترىتىشىغا ئۇچراپ، لياڭ شىدۇ بىلەن بىرلىشىپ بولاڭ - تالاڭ قىلىش، سۈي خانلىقىدىن شياۋ خانىشنى قانات ئاستىغا ئېلىش قاتارلىق نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەردە بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم سەۋەبلەردىن بولغان بولۇپ، ھەمكارلىشىش يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ھالبۇكى، مىلادىيە 620 - يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 3 - يىلى) نىڭ ئاخىرى قارا قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنىسى تۇر بەگ* (咄苾) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. «. . . قارا ئۆلگەندە، مەلىكە يىچېڭ ئۇنىڭ ئوغلى ئۆشۈر شادنى ئىقتىدارسىز دەپ قارىغانلىقتىن، تەختكە ۋارىسلىق قىلىشنى بىكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، قارانىڭ ئىنىسى تۇر بەگ تەختكە چىقىپ، ئىلىگ قاغان دەپ ئاتالدى.»[48] مەلىكە يىچېڭ ئەسلى سۈي خانلىقىدىن بولۇپ، قارا قاغاننىڭ خانىش شياۋنى قانات ئاستىغا ئېلىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بولغانىدى. قارا قاغان ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە ئوغلى چىقماي، ئىنىسى تۇر بەگنىڭ چىقىشىمۇ روشەنكى مەلىكە يىچېڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى، تۇر بەگ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش قىلىدىغان ئادىمى ئىدى. ئىلىگ قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەمكارلىشىشنى تالان - تاراج قىلىشقا ئۆزگەرتتى. بۇ بىر تەرەپتىن مەلىكە يىچېڭنىڭ كۈشكۈرتكەنلىكىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مەنپەئەت-

پەرەسلىكككە بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن ئىدى .
تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، «ئىلىگ قاغان ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە تايىنىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىش غەرىزىدە بولۇپ ، گەپ ـ سۆز ، ئەدەپ ـ قائىدىدە ئىنتايىن ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەن .»[49] مىلادىيە 620 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 3 ـ يىلى ) ، تېخى چوڭ قاغان بولمىغان ۋاقتىدا قوشۇن تارتىپ لياڭجۇ ئايمىقىنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان ، «نەچچە تۈمەن ئەسكەر بىلەن ئايماق چېگرىسىغىچە قىستاپ بارغان ، (ياڭ ) گۇڭرېن ئەتراپلىق مۇداپىئە كۆرۈپ ، كۆپلەپ بۆكتۈرمە قوشۇن ئورۇنلاشتۇرغاچقا ، قورقۇپ چېكىنىپ كەتكەن . » مىلادىيە 621 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 4 ـ يىلى ) ، قاغانلىققا ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە « . . . بىر تۈمەندىن ئارتۇق چەۋەندازنى باشلاپ ، مايىلىق قاراقچى فەن جۇنجاڭنىڭ 6000 ئادىمى بىلەن بىرلىشىپ يەنمېنغا ھۇجۇم قىلغان ، دىڭشياڭ بېگى لى دائېن قاتتىق زەربە بىلەن ئۇلارنى قوغلىۋەتكەن .»[50] يەنە «شجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىرگەندە ، ئايماقبېگى ۋاڭ جىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قايتىپ كەتكەن .»[51] مىلادىيە 622 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 5 ـ يىلى ) « . . . بىڭجۇ ئايمىقىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان ، يەنە فېنجۇ ، لۇجۇ ئايماقلىرىغا قوشۇن ئەۋەتىپ ئەر ـ ئايال بولۇپ 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنى بۇلاپ كەتكەن .»[52] مىلادىيە 623 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 6 ـ يىلى ) ، «خېڭجۇ ، دىڭجۇ ، يۇجۇ ، يىجۇ ئايماقلىرىغا بېسىپ كىرىپ ، قاتتىق پاراكەندىچىلىك سالغان .»[53] مىلادىيە 624 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 7 ـ يىلى ) ، «جۇنشيەن ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ، نۇرغۇن پۇقرانىڭ جېنىغا زامىن بولغان . . .»[54]
يۇقىرىقى ۋەقەلەرگە قارىتا ، تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىمۇ بىردەك ئەمەس ، بەزىلەر تاڭ گاۋزۇ لى يۈەن بىلەن ئىش بەگ

قاغاننىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم بولغاچقا ، بۇنى توغرا چۈشى-
نىشكە بولىدۇ دەپ قارايدۇ ، ئەمما مېنىڭچە ، بۇنى توغرا چۈشى-
نىشكە بولمايدۇ . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، كېلىشىمدە «چاڭئەن
ئېلىنغاندىن كېيىن يەر - زېمىن ۋە پۇقرا تاڭ بېگىگە قالىدۇ .
ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلار تۈركلەرگە مەنسۇپ بولى-
دۇ »⊛ دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ ، ئىلىگ قاغان كېلىشىم-
نىڭ دائىرىسىدە هالقىپ كەتكەن ؛ ئىككىنچىدىن ، كېلىشىمدە
«چاڭئەن ئېلىنغاندىن كېيىن» دەپ ۋاقىت ئېنىق بېكىتىلگەن
بولۇپ ، يېڭى هاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتنى ئۆز
ئىچىگە ئالمىغان .

ئىلىگ قاغاننىڭ قوللانغان سىياسىتى شەرقىي تۈركلەرنىڭ
ئىچكى قىسمىدا ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .
ئىش بەگ قاغاننىڭ ئوغلى ساباغ بەگ بۇ چاغدا تۆلىش قاغان
ئەمىلىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ ، بىر كىچىك قاغان ئىدى ، ئىلىگ
قاغان تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىرگەندە ، ئۇنىمۇ
هۇجۇمغا ئەۋەتتى . ئۇ لى شىمىن بىلەن يۇجۇ ئايمىقىدا ئۇچراش-
قاندا ، لى شىمىن ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى . «تۆلىش قايىل
بولۇپ ، جەڭ قىلىشتىن يالتايدى . »⊛ شۇنىڭدىن كېيىن ، ئى-
لىگ قاغان ئۇنى نەزەربەند ئاستىغا ئالدى . . . ئۇزۇن ئۆتمەي ،
يەنى مىلادىيە 627 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 1 -
يىلى ) ، «سىر - تاردۇش ، ئۇيغۇر ، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر
ئىسيان كۆتۈرۈپ ، يۇقۇق شادنى قوغلىۋەتتى . »⊛ بۇ «ئىسيان-
لار » بىرىنچىدىن ، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش سەۋەبىدىن بولسا ؛
ئىككىنچىدىن ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنىڭ خانلىقنىڭ
چوڭ هوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان .
گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، ئىلىگ قاغان يەنىلا ئۆز يولىدا مېڭى-
ۋەردى . شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 629 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ
جېنگۇەن 3 - يىلى ) ، «سىر - تاردۇشلارنىڭ قاغانى ئىدۇر

ئىنانچ ئەلچى بىلەن ئوردىغا تارتۇق ئەۋەتىپ»[60] ئاشكارا بۆلۈنۈپ چىقتى. شۇ يىلى «بايىرقۇ، توڭرا، تاتابى قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ ئوردىغا ئەل بولۇشقا كەلدى.»[61] يەنە «تۆلىش قاغان، ئۆشۇر شاد، ئىنال تېگىن" (荫奈特勤) قاتارلىقلارمۇ قوۋمىنى باشلاپ قېچىپ كەلدى.»[62] «جېنگۇەن يىللىرىدا، ماكانلاشتۇرۇلغان تۈركلەر ۋە ئەتراپتىكى باشقا ئەللەردىن ئەل بولۇپ كەلگەنلەر جەمئىي 20 تۈمەندىن ئاشتى.»[63] مىلادىيە 630 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 4 ـ يىلى)، «غوزلارنىڭ كاتتىۋېشى كاڭسۇمى (康苏蜜) قاتارلىقلار خانىش شياۋ ۋە ياڭ جېڭداۋ قاتارلىقلار بىلەن كېلىپ ئەل بولدى.»[64] شۇ يىلى ئىلىگ قاغان تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى جاڭ باۋشياڭ تەرىپىدىن تۇتۇپ كېلىندى. تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن «ئۇنى ئوردا مىراقۇلى قىلىپ، كاتتا ئىلتىپاتلاردىن بەھرىمەن قىلدى. ھالبۇكى، ئىلىگ قاغان ئۆزىدىن ھەسرەتلىنىپ، قاتتىق پىغان چېكىپ...»[65]، مىلادىيە 634 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 8 ـ يىلى) چاڭئەندە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئىلىگ قاغانغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشتا، ئىلىگ قاغانىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇش غەرەزى يوق، پەقەتلا ماددىي مەنپەئەتنى كۆزلىگەن دەپ قارىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئىدى.

## §5. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ شەرقىي تۈركلەردە يولغا قويۇلۇشى

بۇ يەردە دېيىلمەكچى بولغىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن تۈزگەن ۋە يولغا قويغان مىللەتلەر سىياسىتىنى كۆرسىتىدۇ.

تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن تارىختا مىللەتلەر سىياسىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن داڭلىق خان بولۇپ، ئۇنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردە، جۈملىدىن شەرقىي تۈركلەردە يولغا قويۇلۇشى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىساللىرىدىن بىرىدۇر. تۆۋەندە بۇنى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچىدىن، ئىلىگ قاغان ئەسىرگە ئېلىنىشتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە نۇرغۇن تۈركلەر كېلىپ ماكانلاشقان. پەقەت چاڭئەندە ئولتۇراقلاشقانلىرىلا «10 مىڭ تۈتۈنگە يەتكەن.»[65] بەزى تارىخنامىلەردە يەنە «نەچچە 1000 ئائىلىلىك»[66] دەپ خاتىرىلەنگەن. مەيلى «10 مىڭ تۈتۈن» ياكى «نەچچە 1000 ئائىلىلىك» بولسۇن، چاڭئەندە تۈركلەر ھەقىقەتەن خېلىلا كۆپ ئولتۇراقلاشقان، باشقا جايلاردا بولسا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان. تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن تۈركلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، «يۇجۇ ئايمىقىدىن لىڭجۇ، شۇنجۇ، يۇجۇ، خۇاجۇ، چاڭجۇدىن ئىبارەت تۆت ئايماقچە تۇتۇق مەھكىمە قۇرغان. يەنە ئىلىگ قاغاننىڭ زېمىنىنى ئالتە ئايماققا بۆلۈپ، غەربىدە دىڭشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسى، شەرقىدە يۇنجۇڭ تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان.»[67] كېيىن يەنە «بېيكەي، بېينىڭ، بېيشۇ، بېيئەندىن ئىبارەت تۆت تۇتۇق مەھكىمە تەسىس قىلىنغان.»[68] ئۇلاردىن باشقا، يەنە «فېڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى»،[69] «دەيجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى»[70] قاتارلىق تۇتۇق مەھكىمىلەرنىمۇ تەسىس قىلغان. ھەرقايسى تۇتۇق مەھكىمىلىرىدە تۈركلەر خېلىلا كۆپ ساننى ئىگىلىگەن، يەرلىك ئەمەلدارلار باشلامچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق قىلىشنى دېھقانچىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، «ئېتىزلارنى بەرپا قىلىپ، ھەر يىلى مول ھوسۇل ئالغان... ياتلار (تۈركلەر) بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان.»[71]

ئىككىنچىدىن، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان بارلىق تۈرك

قەبىلىلىرى سەركەردىلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەرتىۋە بېرىلگەن ،
«ئاقساقاللىرى سانغۇن ، كەپتاۋۇل قاتارلىق ئەمەللەرگە تەيىن-
لىنىپ ، ئوردىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، بەشىنچى دەرىجىدىن يۇ-
قىرى ئەمەلگە تەيىنلەنگەنلەرلا 100 دىن ئاشقان .»[72] تارىخنامە-
لەرگە قارىغاندا ، ئاشىنا سۇنىش ئىلىگ قاغاننى تۇتۇپ بەرگەن-
لىك تۆھپىسى ئۈچۈن ، «تاڭ تەيزۇڭنىڭ كاتتا ئىنئامىغا مۇ-
يەسسەر بولۇپ ، بېيىنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا ،
ئوڭ قانات ئەسكەرلەر ئۇلۇغ سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىنىپ ، پەزىلەت-
لىك بەگ مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن .»[73] ئۇنىڭ ئوغلى ئاشىنا سا-
دىق ( 阿史那忠 ) مۇ ئىلىگ قاغاننى تۇتۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەن-
لىكى ئۈچۈن ، «سول قانات ياساۋۇللار سانغۇنلۇقىغا تەيىنلە-
نىپ ، دىڭشياڭ ناھىيىسى ئامبىلىنىڭ قىزى ياتلىق قىلىنىپ ،
‹سادىق› دېگەن نام ھەدىيە قىلىنغان .»[74] ئىزگىل*
( 执失思力 ) قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئىلىگنىڭ خوتۇنى خانىش
شياۋنى تۇتۇپ ئەكېلىشتە تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ، «سول
قانات ئەسكەرلەر سانغۇنى بولغان .»[75] تۆلىش قاغان ئەسلىدە شاد
بولۇپ ، ئىلىگ قاغان تەرىپىدىن قاغانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىش-
كەن ، كېيىن ئىلىگ قاغان بىلەن سىغىشالمىغانلىقتىن ، تاڭ
سۇلالىسىگە قېچىپ كەلگەندە ، «ئوڭ قانات ئەسكەرلەر ئۇلۇغ
سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىنىپ ، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ مەر-
تىۋىسىگە ئېرىشىپ ، 700 تۈتۈنلۈك زېمىن بۆلۈپ بېرىلگەن . . .»[76]
ئۇنىڭ «ماكانسىز قالغان»[77] ئىنىسى كەششۇي* ( 结社率 ) مۇ
كەپتاۋۇللۇققا تەيىنلەنگەن . ئۇنىڭدىن باشقا شامبى تېگىن ، ئا-
شىنا شىمار ، ئاشىنا دانار ، ئاشىنا شېر ، قاپىش ئالپ ، ئاشىنا
نىزۇك قاتارلىق قەبىلە سەردارلىرىمۇ ئوخشاشلا سانغۇنلۇق ياكى
تۇتۇقلۇق مەنسىپىگە ئېرىشكەن . تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن تۆلىش-
قا قاغانلىق مەرتىۋىسىنى بەرمەي ، پەقەتلا سانغۇنلۇق ، بەگلىك
ئەمىلىنى بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلىغاندا ، ئۇنىڭغا :

«سىنى قاغان قىلماسلىقىمىدىكى سەۋەب يامىغىنىڭ ئىشى سەۋەبىدىندۇر . بۇرۇنقى قائىدىلەرنى ئۆزگەرتكەندىلا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئۇزاققىچە ئەمىن قىلغىلى بولىدۇ . نەسەبىڭنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىدىن ، ساڭا تۇتۇقلۇق مەنسىپىنى بەردىم ، چوقۇم قانۇنىمغا بويسۇنۇپ ، قوۋمىڭنى ئوبدان باشقۇرۇپ ، پاراكەندىچىلىك سېلىش خىيالىدا بولماسلىقىڭ لازىمدۇر ، بولمىسا ئېغىر جازاغا تارتىلىسەن »[78] دېگەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، شەرقىي تۈرك قاغانلىقى مەۋجۇت بولۇشتىن قېلىپ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن .

ئۈچىنچىدىن ، ئاددىي تۈرك پۇقرالىرى خاتىرجەم ، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىنغان ، ئۆز زېمىنىدا ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن شىمالدىكى ھەرقايسى ئايماقلارغا يارلىق چۈشۈرۈپ ئوبدان دەپنە قىلىشنى بۇيرۇغان . يارلىقتا : «تۈرك قوۋملىرى كۆپ ئاپەتكە ئۇچراپ ، ۋابا ھەم ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ ، جەسەتلىرى دەپنە قىلىنماي ، ئوچۇق دالىدا ئىگە ـ چاقىسىز قالدى . بۇنىڭدىن ئىچىم سىيرىلىپ ھەرقايسى مەھكىمىلەرگە سەددىچىنىڭ جەنۇبىنى تىنچىتىپ ، ئوچۇق قالغان جەسەتلەرلا بولسا ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ تېزلىكتە دەپنە قىلىۋېتىشنى بۇيرۇدۇم ، ھېچكىم بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قالمىغاي ، بۇ مېنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىم بولۇپ قالسۇن »[79] دېيىلگەن . بۇ ئىش تۈرك خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى ياققان .

تۆتىنچىدىن ، ئەل بولغاندىن كېيىن يەنە ئىسيان كۆتۈرگەنلەرگە قىلچىمۇ كەڭچىلىك قىلىنمىغان . مەسىلەن ، تۆلىشنىڭ ئىنىسى كەششۇي ئوردىغا كىرىپ كەپتاۋۇللۇق ئەمەلىگە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ ، ئەمما يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتمەي ، ئاكىسىنىڭ تەنبىھلىرىگە نارازى بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئىسيان كۆتۈرمەكچى دەپ بوھتان چاپلىغان . ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە «كونا قوۋملى-

رىدىن 40 تىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ . . . تۆلىشىنىڭ ئوغلى قاراغۇر* ( 贺逻鹘 ) نى ئېلىپ ئوردىنىڭ سىرتىغا مۆكۈنۈۋالغان . قاتتىق بوران چىققاندا تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ، قالايمىقان ئوق ئېتىپ ياساۋۇللاردىن نەچچە ئون ئادەمنى ئۆلتۈرگەن . قوشبېشى سۈن ۋۇكەي قاتارلىقلار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن . ئۇ ئۇزاققىچە ئېلىشقاندىن كېيىن چېكىنگەن ، ئارقىدىن يەنە ئوردا ئاتخانىسىغا كىرىپ ، 20 دىن كۆپ ئاتنى ئوغرىلاپ ، شىمالغا قېچىپ ، ئۆز قوۋملىرىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولغان . ئەمما ، تىرىك تۇتۇلۇپ كاللىسى ئېلىنغان .»[85] بۇ جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغان ، قورقۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن قاراغۇر قاتارلىقلار بولسا «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە سۈرگۈن قىلىنغان .»[81]

بىراق ، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ھامان بىر فېئودال خان بولغاچقا ، بارلىق تەدبىرلىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان . ئەمما ، ئۇ تۈزگەن مىللەتلەر سىياسىتى كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۆرنەك بولغان . ئۇنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى : بىرىنچىدىن ، ئەل بولۇشتىن ئىلگىرىكىلەر ۋە ئەل بولغاندىن كېيىنكىلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنغان ؛ ئىككىنچىدىن ، تىنچ ياشىغانلار بىلەن ئىسيان كۆتۈرگەنلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنغان ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئىسياننىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن قورقۇپ ئەگەشكەنلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنغان ؛ تۆتىنچىدىن ، ئاددىي پۇقرالار ھايات چېغىدا تۇرمۇشى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، ئۆلگەندە ئوبدان دەپنە قىلىنغان . ئۇنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە ئەرزىيدۇ .

## §6 . شەرقىي تۈركلەر بىلەن سىر ـ تاردۇشلارنىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشى

سىر ـ تاردۇشلار تېلېلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، تۈرك قاغانلىقى مەزگىلىدە تۈركلەرگە بېقىنغان . تۈرك قاغانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن ، سىر ـ تاردۇشلارمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا قارام بولۇپ ، «ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىدە ئولتۇراقلاشقانلىرى ئىش بەگ قاغانغا ، بوغدا تېغى ئېتىكىدە ئولتۇراقلاشقانلىرى غەربىي تۈرك يابغۇسىغا قارىغان . »⑱

تارىخنامىلەردە سىر ـ تاردۇشلارنىڭ تەركىبى ھەققىدە ئۈچ خىل بايان بار .

«كونا تاڭنامە» دە : «سىر ـ تاردۇشلار ئۆزلىرىنى سىر ئۇرۇقىدىن دەيدۇ ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن سىرلار تاردۇشلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئادەملىرىنى قوشۇۋالغاچقا ، سىر ـ تاردۇشلار دەپ ئاتالغان »⑲ دەپ خاتىرىلەنگەن .

«يېڭى تاڭنامە» دە : «سىر ـ تاردۇشلار دەسلەپتە ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ، كېيىن سىرلار تاردۇشلارنى يوقىتىپ ئادەملىرىنى قوشۇۋېلىپ ، سىر ـ تاردۇش دەپ ئاتالغان »⑳ دەپ خاتىرىلەنگەن .

«قانۇنلار قامۇسى» دا يەنە : «ئالدىنقى يەن خانلىقىدىكى مويۇن جۇن دەۋرىدە ، ھۇن تەڭرىقۇتى قاراتۇر* (贺刺头) 35 مىڭ ئادىمى بىلەن كېلىپ ئەل بولغان ، تاردۇشلار شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر »㉑ دەپ خاتىرىلەنگەن .

يۇقىرىدىكىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا ، تاردۇشلار ھۇنلارنىڭ

ئەۋلادى بولۇپ، سىرلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، سىر - تاردۇشلار دەپ ئاتالغان، ھالبۇكى سىرلار بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان. «كونا تاڭنامە» دىكى «ئۆزلىرىنى سىر ئۇرۇقىدىن دەپ ئاتايدۇ» دېيىلگەنلەر دەل شۇلاردۇر. ئۇلارنىڭ سەردارلىرى سىر قەبىلىسى ئىچىدىكى ئىدۇر* (查利吐) ئۇرۇقىدىن بولۇپ، خاتىرىلىنىشىچە بىرىنچى سەردارى ئىش بەگ بولغان.

بوغدا تېغى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان سىر - تاردۇشلار غەربىي تۈرك قاغانى قارانىڭ قاتتىق زۇلمىغا ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، سەردارى ئىش بەگ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ بارلىق تېلې قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. «(تېلېلار) ئىسيان كۆتۈرۈپ، قارادىن يۈز ئۆرۈپ، ئەلتەبىر قاپىدىش قالىن* (俟利发俟契弊歌楞) نى ئەل ئەتمىش باغا قاغان قىلىپ تىكلىگەن، بوغدا تېغىدا ماكانلاشقان سىر - تاردۇشلار سەردارى ئېركىن ئىدۇر كىچىك قاغان بولۇپ تىكلەنگەن.»® مىلادىيە 619 - يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 2 - يىلى)، غەربىي تۈرك قاغانى تولۇق يابغۇ قاغان بىلەن بولغان جەڭدە ئىدۇر ئۆلتۈرۈلدى. مىلادىيە 628 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 2 - يىلى)، ئىدۇرنىڭ ئوغلى ئىنانچ قوۋمىدىن 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئۆتۈكەن تېغى بويىغا كۆچۈپ، بۇ يەردىكى سىر - تاردۇشلار بىلەن قوشۇلۇپ كۈچنى زورايتتى.

بۇ ۋاقىتتا، شەرقىي تۈرك قاغانى ئىلىگ قاغان زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، سىر - تاردۇش، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتتى، ئەمما سىر - تاردۇش قاتارلىق ھەرقايسى تېلې قەبىلىلىرىدىن قاتتىق يېڭىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنانچنىڭ ھەيۋىسى ئېشىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ئۇنىڭغا بېقىنغان، ئىنانچ ئۆزىنى يىنچۇ بىلگە قاغان دەپ ئاتىدى.

مىلادىيە 29 - يىلى (تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگۇەن 3 - يىلى)، ئىنانچ ئىنىسى تولۇق تېگىن (统特勤) نى ئوردىغا ئەۋەتتى. «تاڭ تەيزوڭ ئۇنى كاتتا ئىززەتلەپ، گۆھەر نەقىشلەنگەن خەنجەر ۋە قامچا ھەدىيە قىلىپ»[87]، «قول ئاستىڭدىكىلەر ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزسە خەنجەر بىلەن كاللىسىنى ئال، يېنىك جىنايەت ئۆتكۈزسە قامچا بىلەن ساۋا»[88] دېدى ھەم ئىنانچىنىڭ قاغانلىق نامىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئىلىگ قاغان تۇتۇلغاندىن كېيىن، بەزى تاراپ كەتكەن تۈركلەرمۇ سىر - تاردۇشلارغا بېقىندى. شۇنىڭ بىلەن، سىر - تاردۇشلار شىمالدىكى بىر چوڭ سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ، تەسىر دائىرىسى «شەرقتە موغاللاردىن غەربتە چوڭ يابغۇ (غەربىي تۈركلەر) نىڭ زېمىنىغىچە، شىمالدا قۇلان تېغىدىن جەنۇبتا چوڭ قۇملۇققىچە يېتىپ، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، ئەدىز، توڭرا، بۇقۇت، قۇمۇق، تاتابى قاتارلىق چوڭ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا قارام بولدى.»[89]

سىر - تاردۆرشلار كۈچىنىڭ تېزلىكتە كۈچىيىشى تاڭ تەيزوڭ لى شىمىننىڭ دىققىتىنى تارتتى. مىلادىيە 637 - يىلى (تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگۇەن 3 - يىلى)، «تاردۇشلار ئاقساقىلىنىڭ توقىلىدىن بولغان چوڭ ئوغلى يارمانى تۆلىش قاغان قىلىپ، شەرقتە باشقا قوۋملەرنى ئىدارە قىلىشنى، خوتۇنىدىن بولغان كىچىك ئوغلى باتۇرنى يابغۇ قاغان قىلىپ، غەربتە تاردۇشلارنى ئىدارە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. خان يارلىق چۈشۈرۈپ قوشۇلىدى ھەم ئىززەت - ئېكرام بىلەن مەرتىۋىگە تەيىنلىدى.»[90] تاڭ تەيزوڭ لى شىمىننىڭ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشى دەل «كۆرۈنۈشتە ئىززەتلەپ، ئەمەلىيەتتە كۈچىنى بۆلۈۋېتىش»[91] مەقسىتىدىن بولغانىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ

ماكانلاشقان تۈركلەر بىلەن ئەسلىدىن مۇشۇ جايدا ياشاۋاتقان خەنزۇ دېھقانلار دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا دائىم ماجىرالىشىپ ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن شەرقىي تۈركلەردىن مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە بىرەيلەننى تاللاپ ، بىر قىسىم تۈركلەرنى ئۇنىڭ باشچىلىقىدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈرۈۋېتىشنى قارار قىلدى . نەتىجىدە ئاشىنا شىمار يول باشچى بولۇپ تاللاندى .

مىلادىيە 639 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 13 ـ يىلى ) ، ئاشىنا شىمار بۇيرۇقا بىنائەن شىمالغا ئاتلاندى ، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئۇنى تۈرك قاغانى قىلىپ تەيىنلەپ «مەن سىزنى ئىلىگ نىزۇك ئەل بەگ قاغان قىلىپ تەيىنلىدىم . ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە بۈيۈك تاڭ ئېلىنىڭ ئىتائىتىدە بولغايسىز »[①] دېدى ھەمدە يەنە «سول قانات ياساۋۇللار سانغۇنى ئاشىنا سادىقنى سول قول بىلىگخان ، سول قانات ئەسكەرلەر سانغۇنى ئاشىنا نىزۇك بەگنى ئوڭ قول بىلىگخان قىلىپ تەيىنلەپ»[②] ، ئۇنىڭغا ھەمدەمگە ئەۋەتتى . ئەمما ، ئاشىنا شىمار سىر ـ تاردۇشلاردىن ئەنسىرەپ ، شىمالغا ئاتلىنىشتا تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى . تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئالايىتەن سىر ـ تاردۇشلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ : «ئىلگىرى تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئىلىگنى پۇقرا قىلغانىدىم ، ھالا ئەمدى ئۇلارغا مەرتىۋە بېرىپ ، ئۆز ئېلىگە قايتۇردۇم . سىلەر سىر ـ تاردۇشلار شاپائىتىمگە بالدۇر نائىل بولغان ، تۈركلەر بولسا كېيىن نائىل بولغان ، ئەلۋەتتە ئىلگىر ـ كېيىنلىكنىڭ پەرقى بولىدۇ . ئەگەر سەۋەبسىز چېقىلىشاڭلار ئەسكەر ئەۋەتىپ جازالايمەن »[③] دېدى . لېكىن ، ئاشىنا شىمار يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ، «ئەگەر سىر ـ تاردۇشلار ھۇجۇم قىلىپ قىستاپ

كەلسە، سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ پاناھلىنىشنى تەلەپ قىلـ
دى». * تاڭ تەيزۇڭى لى شىمىن ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى.

ئاشىنا شىمارنىڭ قوۋمىنى باشلاپ شىمالغا كۆچۈشى سىر ـ تاردۇشلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. «ئىنانچ شىمارغا ئۆچلۈك قىلاتتى. شۇڭا، جېنگۇەننىڭ 15 ـ يىلى (مىلادىيە 641 ـ يىلى)... ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى،... ئوغلى تاردۇش شاد (大度设) بۇيرۇق بويىچە 200 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ بەيداۋ ئېقىنى بويىغا ئورۇنلىشىپ، شەنياڭ چوققىسى يېنىدا ئاشىنا شىمارغا ھۇجۇم قىلدى.» * ئاشىنا شىمار سىر ـ تاردۇشلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قوۋمىنى باشلاپ جەنۇبقا چېكىنىدى، تاردۇش شاد ئادەم ئەۋەتىپ سەددىچىنىنىڭ ئۈستىدە ئۇنى قاتتىق ھاقارەتلىدى». * كېيىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياردەمگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قوشۇننى قايتۇرۇپ كەتتى. ئاشىنا شىمار مىلادىيە 644 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 18 ـ يىلى) چاڭئەندە ئۆلدى.

سىر ـ تاردۇشلار ئاشىنا شىمارنى قوغلىۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشىنا ئۇران بەگ باشچىلىقىدىكى ئۆزلىرىگە بېقىنغان تۇركلەردىنمۇ گۇمانلىنىپ، ئۇلارنىڭ شىمالغا كۆچكەن تۇركلەر بىلەن بىرلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاشىنا ئۇران بەگنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاشىنا قوۋمىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ «قېچىپ كەتتى، نەچچە مىڭ چەۋەنداز ئارقىدىن قوغلىغان بولسىمۇ يېتىشەلمىدى،» * ئۇ ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىغا ماكانلىشىپ «ئۆزىنى ئىدۇق قاپىش قاغان دەپ ئاتاپ» * سىر ـ تاردۇشلار بىلەن تىركەشتى.

ئىدۇق قاپىش قاغان سىر ـ تاردۇشلارغا قارشى چىقىپ، شىمالغا ماڭغان ئاشىنا شىمار بىلەن بىرلەشمەيلا قالماي، ئەكسىچە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە دوستانە بولمىغان پوزىتسىيە

تۇتتى ، ئوغلى قامانتا* ( 羯漫陀 ) يىغلاپ تۇرۇپ ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ئاڭلىمىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چوڭ سەردارلىرىدىن قارلۇق نۇركۇر ئەلتەبىر ۋە چۇمۇقۇن باغادۇر ئىركىن* ( 处木昆莫贺咄俟斤 ) قاتارلىقلار ئىلگىر - كېيىن بولۇپ ، ئاسىيلىق قىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى . مىلادىيە 647 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 21 - يىلى ) ، ئاخىر ئالتۇنتاغ ئەتراپىدا تاڭ قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشتى ، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلدى ھەم سول قانات ئەسكەرلەر سانغۇنلۇقىغا ، ئالتۇنتاغ ( 狼山 ) تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىدى .

بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ، بارلىق شەرقىي تۈركلەر پۈتۈنلەي تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ سەردارلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپدارلىرىدىن بولۇپ قالدى .

## ئىزاھلار :

①③④⑤⑥⑦⑧⑪⑬ «سۈينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
②⑰⑱⑲㉑㉓㉕㉖㉗ «سۈينامە . ياڭ شۈاڭنىڭ تەرجىمىھالى»
⑨ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 4 - باب ، 5 - بۆلۈم
⑩⑭⑮⑯㉒㉙ «سۈينامە . جاڭ سۈنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى»
⑫ «سۈينامە . جاڭ سۈنپىڭنىڭ تەرجىمىھالى»
㉔ «سۈينامە . ۋېندى ھەققىدە خاتىرىلەر»
㉘ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 181 - جىلد
㉙㊻ «سۈينامە . پېي جۈنىڭ تەرجىمىھالى»
㉚ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 182 - جىلد
㉛㉜ «سۈينامە . ياڭدى ھەققىدە خاتىرىلەر»
㉝ «سۈينامە . لياڭ شىدۈنىڭ تەرجىمىھالى»

⑭⑮ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 183 ـ جىلد
㊱㊲㊳㊺ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 184 ـ جىلد
㊳㊸㊹㊻㊼㊿㊽㊶㊸㊺㊾㊿㊾㊿㊼ «كونا تاڭنامە . تۆركلەر تەزكىرىسى»
㊵ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆنەكلەر» ، 185 ـ جىلد
㊶ «كونا تەڭنامە . جاڭ چاڭسۇننىڭ تەرجىمىھالى»
㊷ «قانۇنلار قامۇسى . تۆركلەر تەزكىرىسى»
㊹ «يېڭى تاڭنامە . ئوزۇق ـ تۈلۈك ، مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى»
㊾㊾ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» ، 94 ـ جىلد
㊿ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 184 ـ جىلد
53 «كونا تاڭنامە . گاۋ كەيداۋنىڭ تەرجىمىھالى»
54 «كونا تاڭنامە . سۇ شىچاڭنىڭ تەرجىمىھالى»
59 93 «كىتابلار جەۋھىرى» 964 ـ جىلد
60 «كىتابلار جەۋھىرى» 970 ـ جىلد
61 97 «كىتابلار جەۋھىرى» 985 ـ جىلد
62 «قانۇنلار قامۇسى» ، 200 ـ جىلد
65 «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر» ، 9 ـ جىلد
68 «يېڭى تاڭنامە . جۇغراپىيە تەزكىرىسى . خېبېي ۋىلايىتى»
69 70 «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 193 ـ جىلد
71 «كونا تاڭنامە . جاڭ جيەننىڭ تەرجىمىھالى»
73 «كونا تاڭنامە . سۇنشىننىڭ تەرجىمىھالى»
74 «كونا تاڭنامە . ئاشىنا سادىنىڭ تەرجىمىھالى»
75 «يېڭى تاڭنامە . ئىزگىللار تەزكىرىسى»
77 80 «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 195 ـ جىلد
79 «كىتابلار ھەۋھىرى» 42 ـ جىلد
82 «قانۇنلار قامۇسى . تېلېلار تەزكىرىسى»

⑧③⑧⑦⑧⑨⑨①⑨⑥ «كونا تاڭنامە . سىر ـ تاردۇشلار تەزكىرىسى»

⑧⑨ «يېڭى تاڭنامە . سىر ـ تاردۇشلار تەزكىرىسى»

⑧⑤ «قانۇنلار قامۇسى» ـــ «سىر ـ تاردۇشلارغا ئائىت ئەسلى ئىزاھ»

⑧⑥ «سۇينامە . تېلېلار تەزكىرىسى»

⑧⑧⑨⑩ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» ، 96 ـ جىلد

⑨② «تاڭ مەكتۇپلىرى . تۈركلەردىن لى شىمارغا قاغان مەرتىۋىسىنى بېرىش ھەققىدە پۈتۈك»

⑨⑤ «تەيپىڭ يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» ، 904 ـ جىلد

⑨⑧⑨⑨ «يېڭى تاڭنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»

# شەرقىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ سەلتەنەت نەسەبنامىسى

ئىشبارا قاغان ، ئىلىگ قاغان تۈمەننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 578 ~ 587 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — قارا چۇر يابغۇ قاغان ، ئىلىگ قاغان تۈمەننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 587 ~ 588 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — تۇران قاغان ، ئىشبارا قاغاننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 588 ~ 599 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — يامىغ قاغان ، قارا چۇر يابغۇنىڭ ئوغلى (مىلادىيە 599 ~ 608 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — ئىش بەگ قاغان ، يامىغ قاغاننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 608 ~ 619 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — قارا قاغان ، يامىغ قاغاننىڭ ئوغلى ، ئىش بەگنىڭ ئىنىسى (مىلادىيە 619 ~ 620 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — ئىلىگ قاغان ، يامىغ قاغاننىڭ ئوغلى ، ئىش بەگ ، قارالارنىڭ ئىنىسى (مىلادىيە 620 ~ 630 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — ئىلىگ نىزۇك ئەل بەگ قاغان ، يامىغ قاغاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى (مىلادىيە 639 ~ 644 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) .

ئەسكەرتىش : ئىلىگ قاغاندىن ئاشىنا شىمارغىچە توققۇز يىل قاغان تىكلەنمىگەن .

## ئالتىنچى باب

# پارچىلانغاندىن كېيىنكى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەگرى - توقاي مۇساپىسى

غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەر ئوخشاش بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۆلۈنۈشى ئىچكى قىسىمدا ھۆكۈمرانلارنىڭ سىغىشالماي ئۆز ئالدىغا يول تۇتقانلىقىدىن بولغان.

غەربىي تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى يول باشچىسى ئىستەمى بولۇپ، ئۇ تۈرك قاغانلىقىنى قۇرغان ئىلىگ قاغان تۇمەننىڭ ئىنىسى ئىدى. ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، ئېفتالىتلارغا، پارسلارغا قارشى كۆرەشتە، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن ئالاقە باغلاشتا زور تۆھپە كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنى، جەڭگە قابىل ئون سەردارى بولسىمۇ، ئەمما قاغانلىقتا يەنىلا يابغۇ ئەمىلىدە تۇرۇپ كەلگەن. تۇمەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قاغانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش سەۋەبىدىن زىددىيەت بارا - بارا ئۆتكۈرلەشكەندە، ئۇ قاغانلىق تەختىنى تالىشىش ماجىرالىرىغا پەقەتلا ئارىلاشمىغان، پۈتۈن ئۆمرىدە نۇرغۇن ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىپ، قاغانلىقنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆز ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلغان، ئۇ بىر مەشھۇر سىياسىئون ھەم ئىستىبداتلىق ھەربىي ئالىم ئىدى.

ئىستەمى گەرچە غەربىي تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى يول باشچىسى بولسىمۇ، ئەمما بۆلۈنۈش ئۇنىڭدىن باشلانمىغان. غەربىي تۈركلەرنىڭ تۈرك قاغانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشىنى تىلغا ئالغاندا، تاردۇش قاغان (达头可汗) نىڭ شەرقىي تۈرك قاغانلىرىدىن ئابا قاغاننىڭ ئىشبارا قاغانغا قارشى چىقىشىنى قوللىغانلىقىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

تاردۇش قاغاندىن باشلاپ بۆلۈنۈپ چىققان غەربىي تۈركلەرنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپىسى شەرقىي تۈركلەرنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە قارىغاندا مۇرەككەپ ھەم ئەگرى - توقاي بولغان. مەسىلەن، ئۇرۇشلار ئۇزۇلمىگەن، زىددىيەتلەر كۆپەيگەن. پارچىلانغاندىن كېيىن يەنە پارچىلانغان. بۇمۇ كېيىنكىلەرگە بەزى قىيىن ھەم گۇمانىي مەسىلىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يەنىلا بىر ئومۇمىي تونۇشقا كېلەلەيمىز.

غەربىي تۈركلەر تاردۇش قاغاندىن باشلاپ ئايرىم تەرەققىيات يولىغا ماڭغاندىن تارتىپ قارلۇقلار باش كۆتۈرۈپ چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا 200 يىلغا يېقىن دەۋر سۈرۈپ، جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر قۇرغان خانلىقلار ئىچىدە ئەڭ ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ھەم تۈركلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەتتىكى ئامىللىرى تۈپەيلىدىن، غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن «يەرلىك مىللەتلەر» پەيدىنپەي تۈركلىشىش يولىغا ماڭغان ھەمدە بۇ كېيىنكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

نىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى ، يابغۇ تۈرك بولغان . خاتىرىلەرگە قارىغاندا ، ئۇ « (تولۇق ) يابغۇ قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى تاردۇش شاد ، . . . »⑨ بولۇپ ، توخارلارنى ئىدارە قىلىپلا قالماستىن ، يەنە «تۆمۈر قاپقىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىمۇ ئىدارە قىلغان . »⑩ يەنە شاشنىڭ «پادىشاھىمۇ غەربىي تۈركلەر تەرىپىد-دىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، تېگىن ئەمىلىدىكى بەگ ئۇلارغا ھۆكۈمراند-لىق قىلغان . »⑪

## 2 . قۇدىلىشىپ تۇغقان بولۇش

قۇدىلىشىپ تۇغقان بولۇش غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆز ھۆ-كۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتىكى بىر مۇھىم ۋاستىسى بول-غان . تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، سۈلى «پادىشاھى بوي* (裴 ) جەمەتىدىن بولۇپ ، ئۆزىنى ئاماچى* (阿摩支 ) دەپ ئاتىغان ، . . . تۈركلەردىن ئۆيلەنگەن . »⑫ قۇمىد «پادىشاھى تۈركلەرنىڭ تاردۇش قەبىلىسىدىن بولغان . . . »⑬ يەنە كۇسەن پادىشاھى ئەلباشى بەگ «گاۋزۇڭ (لى جى ) تەرىپىدىن . . . قايتا كۇسەن پادىشاھى بولۇپ تەيىنلىنىپ ، نار كەرتەم* (那利羯猎颠 ) بىلەن دۆلىتىگە قايتۇرۇلغان . ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئوردىغا سالامغا كەلگەندە ، نار كەرتەم* ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان خوتۇنىنى خانغا تارتۇق قىلماقچى بولغان ، پادىشاھ بۇنى توسيالماي قالغان . تېخى يەنە «ئىدىقۇت پادىشاھى چۇجيەن ئۆلگەندە ، ئوغلى بايار* (伯雅 ) تەختكە چىققان ، ئۇنىڭ مومد-سى تۈرك قاغانىنىڭ قىزى بولغاچقا ، تۈركلەر ئۇنىڭدىن ئۆزلى-رىنىڭ ئادىتىگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلغان . بايار خېلى ئۇزۇن-غىچە تىركىشىپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ ، تۈركلەر مەجبۇرلىغان-لىقتىن ئامالسىز بويسۇنغان . »⑮ ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە «سوغد-يانا پادىشاھى تاش بەگ* (代失毕 ) تۈركلەردىن تاردۇش قا-غاننىڭ قىزىنى ئالغان . »⑯ «كىنىگىت پادىشاھى تۈرگە-

چى* ( 突骑支 ) قىزىدى غەربىي تۈركلەرنىڭ ۋەزىرى كۆل چۇر* ( 屈利啜 ) نىڭ ئىنىسىغا ياتلىق قىلغان...»[17] «ۋارد-ئاستانا پادىشاھى تۈرك ئۇرۇقىدىن بولغان.»[18] بۇ تەدبىرلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپلا قالماي، يەنە غەربىي يۇرتتىكى «يەرلىك مىللەتلەر» نىڭ تۈركلىشىش قەدەمىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

## 3. مۇھىم جايلاردا قوشۇن تۇرغۇزۇش

غەربىي تۈركلەر غەرب تەرەپكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، «قارا قاغان... كۆپىنچە ئۇسۇنلارنىڭ يېرىدە تۇرغان، يەنە ئىككى كىچىك قاغان تىكلەپ قول ئاستىدىكى قوۋملارنى ئىدارە قىلغان، بىرى شاش دۆلىتىنىڭ شىمالىدا تۇرۇپ ھەرقايىسى ھۇن (غۇز) ئەللىرىنى باشقۇرغان، يەنە بىرى كۇسەنىنىڭ شىمالىدىكى يۇلدۇزدا تۇرغان.»[19] يابغۇ قاغان تەختتىكى مەزگىلدە يەنە «كۇسەنىنىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغدا بارگاھ قۇرغان.»[20] «تولۇق يابغۇ قاغان بارگاھنى يەنە شاش دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاققا كۆچۈرگەن.»[21] ئومۇمەن بارگاھ قۇرۇلغان جايلار مۇقەررەر ھالدا مۇھىم جايلار بولۇپ، مۇئەييەن ساندا قوشۇنمۇ تۇرغۇزۇلغان، بارگاھ يۆتكەلسىمۇ، قوشۇنلار ئۆزگەرمىگەن. مىلادىيە 647 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 21 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇسەنگە ھۇجۇم قىلىپ، پادىشاھى ئەلباشى بەگنى ئەسىر ئالغان. «ۋەزىرى نار قېچىپ غەربىي تۈركلەردىن ھەم ئۆز ئېلىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن كېلىپ جەڭگە چۈشكەن...»[22] نار جەڭگە قاتناشتۇرغان غەربىي تۈرك قوشۇنى ئېنىقكى، يۇلدۇز ياكى ئاقتاغدا تۇرۇشلۇق تۈرك قوشۇنلىرى بولغان مىڭبۇلاقتا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارمۇ ئەلۋەتتە ئاز بولمىغان.

توخارلار ئەسلىدە غەربىي يۇرتتىكى چوڭ ئەللەرنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىن «پادىشاھ جەمەتىنىڭ نەسەبى ئۈزۈلۈپ، قەبىلە

سەردارلىرى كۆچ تالىشىپ ، ھەرقايىسى ئۆزلىرىنى ھۆكۈمدار ساناپ ، جاي ـ جايلارنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن ، 27 ئەلگە بۆلۈنۈپ كەتكەن . »[23] بۇ 27 ئەل ئىچىدىكى بۇخارا ئېلىدە بىر ساڭرام بولۇپ ، تاڭ سۇلالىسى راھىپى خۇيتساڭ (شۈەنزاڭ) غەربىي دىيارغا نوم ئالغىلى بارغاندا ، بۇ ساڭرام ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن : « . . . ھىندۇقۇش تېغىنىڭ شىمالىدا بۇ ساڭرام ئۆزىنىڭ ئېسىللىكى بىلەن تەڭداشسىز ئىكەن ، ئۇ-نىڭدىكى بۇتلار ۋە قەسىرلەر ئاجايىپ ئېسىل گۆھەر ـ مەرۋايىت-لار بىلەن زىننەتلەنگەنلىكتىن ، ھەرقايىسى ئەللەرنىڭ ھۆكۈمراد-لىرى پۇرسەت بولسىلا ئۇنى بۇلىۋېلىش خىيالىدا ئىكەن ، بۇ ساڭرامدا ۋايشىراۋانا دېۋا ( 毗沙门天 ) ھەيكىلى بولۇپ ، قات-تىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىكەن . يېقىن ئەتراپتىكى تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانىنىڭ ئوغلى ئىستەمى يابغۇ قاغان قوۋمىنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىپ ، ئادەملىرىنى باشلاپ ساڭرامنى قورشاپ ، گۆھەر ـ مەرۋايىتلارنى بۇلىۋالماقچى بوپتۇ . يولغا چىقىپ مەنزىلگە ئاز قالغاندا دالىدا بىر ئاخشام قونۇپتۇ . شۇ ئاخشىمى ئۇنىڭ چۈشىدە ۋايشىراۋانا دېۋا زاھىر بولۇپ ، ئۇنىڭغا : «سەن قايسى ھالىڭ بىلەن ساڭرامنى بۇزماقچى بولىسەن ؟» ، دېگىنىچە ئۇزۇن يالماد-نى ئۇنىڭ مەيدىسىدىن تىقىپ ، دۈمبىسىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن قاغان چۆچۈپ ئويغىنىپ ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ ، قول ئاستىدىكىلەردىن چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ ھەم راھىبلارنى تەكلىپ قىلىپ گۇناھىغا توۋا قىلىپتۇ ، ئەمما را-ھىبلار تېخى قايتماستىنلا ئۇ ئۆلۈپتۇ . »[24] بۇ رىۋايەتنىڭ ئىشەن-چىلىكلىك دەرىجىسى چوڭ بولمىسىمۇ ، ئەمما غەربىي تۈركلەر ھەقىقەتەنمۇ توخارلار زېمىنىدا قوشۇن تۇرغۇزغان .

تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، مىلادىيە 659 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 4 ـ يىلى ) ، «سىغىرلاردىن ئېر-كىن تۇمەن سۈلى ، قارغىلىق ، كاۋانتا ئۈچ ئەلنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ ، ئۇدۇننىڭ تۇپلىڭىنى مەغلۇپ قىلغان . »[25] ئېركىن تۇ-

مەن غەربىي تۈركلەرنىڭ پامىر ئەتراپلىرىدا تۈرۈشلۈق قوشۇن-لىرىنىڭ سەردارى ئىدى. شۇڭا، ئۇ سۇلى قاتارلىق ئۈچ ئەل-نىڭ قوشۇنىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ھەرىكەت قوز-غاپ، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى ناھايىتى تېزلا تىنچىتقان. بۇنىڭ-دىن غەربىي تۈركلەرنىڭ پامىر ئەتراپلىرىدا قوشۇن تۇرغۇزغان-لىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

### 4. سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە قارىتىۋېلىش

غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىگە قارام ھەرقايسى ئەل-لەرگە قارىتا سىياسىي جەھەتتە ئوخشاشلا ئۆزىگە قارىتىۋېلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلارغا خېلىلا كۆپ ئىگىلىك ھوقۇقى بەرگەن. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيەت ئاپپاراتى ۋە قو-شۇنى، ئۆز سىياسىتى ۋە ياساق - تۈزۈملىرى، ئۆزىگە خاس دىنىي ئېتىقادى بولغان، ھەتتا چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلالى-غان ھەمدە چەت ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتەلىگەن. ھالبۇكى، سىيا-سىي جەھەتتە ئۆزىگە قارىتىش غەربىي تۈركلەر ھاكىمىيىتىنىڭ چۇۋالچاقلىقىنى ئاشكارىلاپ، ھەرقايسى ئەللەر ئۆز ئالدىغا ھا-كىمىيەت بۆلۈۋېلىش ھادىسىلىرى كۆپەيگەن، شۇڭا ئىچكى ئۇ-رۇش شەرقىي تۈركلەرگە قارىغاندا كۆپ بولغان.

## §2. تاردۇشنىڭ شەرقىي تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىككىگە پارچىلىنىشى شەرقىي تۈرك-لەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىشبارا قاغان ئىدۇقتىن، غەربىي تۈركلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تاردۇش قاغان تاردۇدىن باشلانغا-نىدى.

ئىشبارا قاغان ئىدۇق ئابا قاغان تالاچ بىلەن ئەلگ ئالىي قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە كەسكىن زىددىيەتلىشىپ قالغان بولۇپ، سۈي سۇلالىسىگە قارشى ئۇ-رۇشتا ئىشبارا قاغان ئابا قاغاندىن كۆڭلى بۆلۈندى دەپ گۇمان قىلىپ، ھەربىي يۈرۈشتىن قايتىش جەريانىدا ئۇنىڭ قوۋمىنى باسقۇن قىلدى ھەم ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئابا قاغان غەربتىكى تاردۇشنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ ۋاقىتتا، تاردۇش قاغان غەربىي قىسمىنىڭ چېگرا ئىش-لىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئابا قاغانىنىڭ كېلىشى بىلەن تاردۇش قاغانىنىڭ ئىشبارا قاغانغا قاتتىق غەزىپى قوزغالدى، شۇنىڭ بىلەن «ئۇ ئابا قاغاننى شەرققە ئاتلاندۇردى ھەم قوۋمى-دىن 100 مىڭ چەۋەندازنى ئىشبارا قاغانغا قارشى ھۇجۇمغا ماڭدۇردى.»⑳

ئابا قاغانىنىڭ شەرققە قوشۇن تارتىپ ئىشبارا قاغان بىلەن جەڭ قىلىشى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى ئىشى ئىدى. ئەمما، تاردۇش قاغانىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئابا قاغانغا ھەمدەمدە بولۇشى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاشكارا بۆلۈنگەنلىكىنى ئىپادى-لىدى.

ئىشبارا قاغان سۈي سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى. ھالبۇكى، ئابا قاغان بولسا ھۇجۇمنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردى. سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىشبارا قاغاننى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتىن قوللاپ، ئاخىر ئابا قاغاننى يېڭىشكە ھەم تىرىك تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدى، نەتىجىدە ۋەزىيەت ۋاقىتلىق تىنچلاندى.

بۇ ۋاقىتتا، تاردۇش قاغان غەربىي قىسىم چېگرىسىدىكى تەھدىتنى يوقىتىپ، شەرقىي قىسىمغا قول تىقىشقا باشلىغان-دى. شەرقىي تۈركلەرگە ئىشبارا قاغانىنىڭ ئوغلى يارلۇق (تۇ-

ران قاغان ) ھۆكۈمدار بولغانىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىۋاسىتە توقۇنۇشۇشقا باشلاپ ، «نەچچە قېتىم تۇتۇشتى ، خان كېلىشتۈرگەندىن كېيىن ، ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى .»[27]

تۇران قاغان پالاندى ياڭ چىننىڭ ئېزىقتۇرۇشى ھەم مەلىكە دايىنىڭ كۈشكۈرتۈشى ، شۇنداقلا يەنە تويلىشىش تەلىپى ماقۇللۇققا ئېرىشەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ، سۇي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يىراقلىشىشقا باشلىدى . شۇ ۋاقىتتا ، قارا چۇر يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى رانقانمۇ سۇي سۇلالىسىگە تويلىشىش تەلىپىنى قويدى . سۇي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى رانقاننى «ئەسلىدىن سادىق»[28] دەپ قارىغانلىقتىن ، تۇران قاغانغا قارىغاندا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ ، ئۇنىڭ تويلىشىش تەلىپىگە قوشۇلدى . بۇنىڭ بىلەن تۇران قاغان تېخىمۇ غەزەپلەندى .

تاردۇش قاغان شەرقىي تۈركلەردە كۆرۈلگەن يېڭى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ، تۇران قاغان بىلەن ئەپلەشتى ھەم بىرلىكتە رانقانغا ئەسكەر تارتتى ، «يارلۇق (تۇران قاغان ) بىلەن تاردۇ (تاردۇش قاغان ) رامقانغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى . . . رامقان كېچىدە 5000 چەۋەندازى بىلەن قېچىپ ، سۇي سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ سۇنشېڭنىڭ ھوزۇرىغا پاناھ تارتىپ كەلدى .»[29] سۇي ۋېندى ياڭ جيەن ئۇنىڭغا ئەل ئىمدۇق يامىغ قاغان دەپ نام بەردى ، ئۇرغۇن تۈركلەر ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ئەل بولدى .

تۇران قاغان يامىغ قاغاننىڭ ئىشى سەۋەبىدىن سۇي سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى ، تاردۇش قاغانمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ سۇي سۇلالىسى چېگرىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى . مىلادىيە 598 - يىلى (سۇي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 18 - يىلى ) ، «تاردۇش قاغان چېگرىغا تېگىش قىلدى ، ياڭ سۇ لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈش باشبوغى بولۇپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندى . . تاردۇش ئېغىر زەربە يەپ ، ئادەملىرى قاتتىق چىقىمغا ئۇچرى-

دى .»[38] ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇلمەي داۋاملىشىشى خەلققە زور ئاپەت ئېلىپ كەلدى ، نۇرغۇنلىغان تۈركلەر يامىغ قاغانغا ئەل بولدى . مىلادىيە 599 ـ يىلى (سۈي ۋېيدىنىڭ كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى ) ، «تۈران قول ئاستىدىكىلەرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى .»[39] بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، «تاردۇش قاغان ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ » ،[40] تۈركلەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى .

مىلادىيە 600 ـ يىلى (سۈي ۋېيدىنىڭ كەيخۇاڭ 20 ـ يىلى ) ، بىلگە قاغان تاردۇش قول ئاستىدىكى قوشۇنلىرىنى باشلاپ ، يامىغ قاغانىنىڭ كۈچىنى يوقىتىش ئۈچۈن ، سۈي سۇلالىسى چېگرىلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى ، «خان جىن بېگى ياڭ گۇاڭ بىلەن ياڭ سۇنى لىڭۋۇ ۋىلايىتىدىن ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى ، خەن بېگى ياڭ لياڭ بىلەن شى ۋەنسۇينى مايى ۋىلايىتىدىن ئاتلاندۇردى . . . ئۇلار داجىن تېغىغا كەلگەندە ، تاردۇش بىلەن ئۇچراشتى ، . . . تاردۇش قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ، نەچچە مىڭ ئادىمى ئۆلۈپ شىمالغا نەچچە يۈز چاقىرىمچە چېكىندى .»[41] شۇ يىلى يەنە جىن بېگى ياڭ گۇاڭ لىڭجۇ ئايمىقىدا بىلگە قاغانىنىڭ قوشۇنى بىلەن دۇقۇرۇشۇپ قالدى ، تۈرك قوشۇنى جەڭ قىلمايلا چېكىندى ، ئەمما يولدا جاڭ سۇنشېڭ باشلىغان سۈي سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ، «جاڭ سۇنشېڭ تۈركلەر سۇ ئىچىدىغان بۇلاققا زەھەر سېلىپ ئېقىتىۋەتتى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادىمى ۋە چارۋىسى ئۆلدى ، تۈركلەر ‹تەڭرى بىزگە بالا ياغدۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ › دەپ قاتتىق چۆچۈپ ، يېرىم كېچىدە قېچىپ كەتتى ، جاڭ سۇنشېڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مىڭدىن ئارتۇقىنىڭ كاللىسىنى ئالدى .»[42]

سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلگە قاغان يامىغ قاغانغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانلىقتىن ، ئالايىتەن 20 مىڭ زاپاس قوشۇن تۇرغۇزغانىدى . مىلادىيە 601 ـ يىلى (سۈي ۋېيدىنىڭ

رېنشو 1 ـ يىلى ) ، بىلگە قاغان ئەسكىرىي كۈچىنى مەركەزلەشـ تۈرۈپ قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ، سۈي سۇلالىسى قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولدى ، « (خەن ) خۇلۇك قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققان بولسىمۇ ، ئادەملىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلدى ، . . . »[⑨] بىلگە قاغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ داۋاملىق ھۇجۇم قوزغاپ ، يۈنجۇ ، شياجۇ ئايماقلىرىنى ئېلىپ ، يامىغ قاغاننىڭ يېرىگە قىستاپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئالايىتەن جاۋ جۈڭچېڭنى ئەۋەتىپ «جىنىخې ، دىڭشياڭ ئىككى شەھەرنى بىنا قىلىپ ، يامىغنى ئورۇنلاشتۇردى . »[⑩]

ئۇرۇش نەتىجىسىدە ، يامىغ قاغان ھېچقانداق تالاپەتكە ئۇچرىمىدى ، ئەمما بىلگە قاغاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت چوڭقۇرلىشىپ كەتتى . مىلادىيە 603 ـ يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ رېنشو 3 ـ يىلى ) ، «تېلېلاردىن سىغىر ، بايىرقۇ ، ھۇن ، قاسار ، ئەدىز ، بۇقۇت قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق قەبىلە تاردۇشتىن يۈز ئۆرۈپ ، ئوردىغا ئەل بولۇشقا كەلدى . »[⑪] ئىچكى مالىمانچىلىقتا بىلگە قاغان تىزگىنلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدى ھەم يامىغ قاغاننى يوقىتىپ تۈركلەرگە خوجا بولۇش مەقسىتىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز «غەربتىكى ئازارلارنىڭ يېرىگە قېچىپ كەتتى . »[⑫]

تاردۇش قاغاننىڭ شەرقىي تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىيالى بەربات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىلگە قاغان دېگەن نامىمۇ ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالدى .

تاردۇش قاغان نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان غەربىي يۇرتقا قايتماي ، غەربتىكى ئازارلارنىڭ يېرىگە قېچىپ كېتىدۇ ؟ بۇ ئېھتىمال تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولۇشى مۇمكىن : بىرىنچىدىن ، ئۇ ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ يۈرگەن ۋاقىتتا ، غەربىي تۈركلەر ئۇنىڭ نەۋرىسى تارمان ( 达漫 ) نى

قاغان قىلىپ تىكلىگەن بولۇپ ، تارماننىڭ شياڭ ( 向 ) ئۇرۇ-
قىدىن بولغان ئانىسى سۈي سۇلالىسىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا ،
ئۇ سىياسىي جەھەتتە مۇقەررەر ھالدا سۈي سۇلالىسىگە ئېغىش
خاھىشىغا ئىگە بولغان ، شۇڭا تاردۇش بۇنىڭدىن خۇدۇكسىرەپ ،
قايتىپ بېرىشقا جۇرئەت قىلالمىغان ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۇرۇشلار-
دا غەربىي تۈرك سەردارلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ ،
پەقەت ئۆز جېنىنىلا ئامان ساقلاپ قالغانلىقتىن ، ئۇ قوۋم -
قېرىنداشلىرىغا يۈز كېلەلمەسلىك تۇيغۇسىدا بولغان .

## § 3 . غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقى ۋە پارچىلىنىشى

تاردۇش قاغان شەرقىي تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندە ، غەربىي تۈركلەرنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق قاغانغا قالغانىدى . تۇغلۇق قاغان ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل بولۇپ قالغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ھوقۇقى يەنە ئوغلى ئىنال ( 泥利 ) غا قالدى ، ئىنالمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل بىلەن ئۆلۈپ ، ئۇنىڭ شياڭ ئۇرۇقىدىن بولغان خوتۇنى ئادەت بويىچە ئىنىسى بارس* ( 婆实 ) قا ياتلىق بولدى . مىلادىيە 581 - يىلىدىن مىلادىيە 600 - يىلىغىچە (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 1 - يىلىدىن 20 - يىلىغىچە) بولغان ئارىلىقتا بارس خاتۇنى بىلەن سۈي سۇلالىسى ئوردىسىغا باردى . ئوردا ئۇلارغا كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتتى . كېيىن ئىنالنىڭ شياڭ ئۇرۇقىدىن بولغان خاتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى تارمان قاغان بولۇپ تىكلىنىپ ، نۇر كۇر قارا قاغان دەپ ئاتالدى .

نۇر كۇر قارا قاغان «ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلغانلىقتىن»[⑩] . نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ، بۇنىڭ بىلەن ئىچكى

مالىمانچىلىق پەيدا بولدى .

مىلادىيە 605 ـ يىلى (سۈي ياڭدىنىڭ دايې 1 ـ يىلى ) ، «قارا قاغان تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى ، يەنە سىر ـ تاردۇشلارنىڭ مالىمانچىلىق كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرىدىن نەچچە يۈز كىشىنى ئۆلتۈردى ، بۇنىڭ بىلەن تېلېلار ئىسيان كۆتۈردى .»[40] نۇر كۇر قارا قاغاننىڭ تېلېلارنىڭ مالىمانچىلىق كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرىشى پۈتۈنلەي «گۇمانلىنىدىشى» دىن بولغانمۇ ئەمەس ، خۇددى بىز ئالدىنقى پاراگرافتا بايان قىلغاندەك ، بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن تېلې قەبىلىلىرى تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى غەربىي يۇرتتىكى تېلېلارغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى . ھالبۇكى ، قارا قاغاننىڭ «ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرىدىن نەچچە يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈشى» ھەقىقەتەنمۇ تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ .

دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭمۇ قارشىلىقىنى قوزغىدى ، غەربىي تۈركلەرنىڭ قابىش قەبىلىسى سەردارى قالىن* ( 歌楞 ) نىڭ باشچىلىقىدا تېلېلارنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشتى ، قوزغىلاڭچىلار بىرلىكتە قالىننى ئەل ئەتمىش باغا قاغان قىلىپ تىكلىدى ، كېيىن يەنە «سىر ـ تاردۇشلاردىن ئېركىننىڭ ئوغلىنىمۇ كىچىك قاغان قىلىپ تىكلىدى .»[41] نۇر كۇر قارا قاغان باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ ، ئەكسىچە ئۆزى مەغلۇپ بولدى . بۇنىڭ بىلەن «باغانىڭ ھەيۋىسى ئېشىپ ، ئەلنىڭ كۆڭلىنى رام قىلدى ، ئەتراپتىكى ئەللەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ ، ئىۋىرغول ، ئىدىقۇت ، كىنگىت قاتارلىقلار ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .»[42]

ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇش ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدا قارشىلى-

شىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . تۇغلۇقنىڭ ئوغلى ، نۇر كۆر قارا قاغاننىڭ تاغىسى يامغۇ قاغاننىڭ كۈچى زور بولسىمۇ ، ئەمما ئورۇن جەھەتتە نۇر كۆر قارا قاغاندىن تۆۋەن تۇرىدىغان بولۇپ ، «نۇر كۆر قارا قاغانغا ئىتائەت قىلغىنىغا»[43] كۆڭلىدە نارازى ئىدى ، نۇر كۆر قارا قاغاننىڭ زوراۋانلىقى ئۇنىڭ بۇ خىل كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى .

سۈي سۇلالىسى نۇر كۆر قارا قاغاننىڭ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ، شياڭ ئورۇقىدىن بولغان ئانىسىنى ئىنتايىن سېغىنغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ، «ياڭدى ئوردا مۇراسىمبېگى سۈي جۇنسۇنى مەكتۇپ بىلەن ھال سوراشقا ئەۋەتتى (مىلادىيە 608 ـ يىلى ، سۈي ياڭدىنىڭ دايې 4 ـ يىلى ) . . .»[44] سۈي جۇنسۇنىڭ ۋەزىپىسى نۇر كۆر قارا قاغاننى سۈي سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىشقا قايىل قىلىش ئىدى ، ئۇ نۇر كۆر قارا قاغانغا مۇنۇلارنى ئېيتتى : بىرىنچى ، تۈرك قاغانلىقى ئىككىگە پارچىلانغاندىن بۇيان ، ئىچكى ئۇرۇش ئۈزۈلمەي ، خەلق خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىدى ؛ ئىككىنچى ، يامىغ قاغان سۈي سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ غەربىي تۈركلەرنى تىنچىتىشنى تەلەپ قىلدى ، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈردى ؛ ئۈچىنچى ، خان نۇر كۆر قارا قاغاننىڭ شياڭ ئورۇقىدىن بولغان ئانىسىنىڭ ھەربىي ھەرىكەت قوللانماسلىقىنى ئۆتۈنۈشى بىلەن بۇنىڭغىمۇ ماقۇللۇق بىلدۈردى ، ئەمما نۇر كۆر قارا قاغاننىڭ ئەل بولۇشىنى تەلەپ قىلدى ؛ تۆتىنچى ، نۇر كۆر قارا قاغان ئەل بولغاندىن كېيىن ، يامىغ قاغان بىلەن ئوخشاش ئىلتىپاتقا مۇيەسسەر بولىدۇ ھەم ئۆز ئېلىنى روناق تاپقۇزۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ . نۇر كۆر قارا قاغان ئانىسىنى تولىمۇ سېغىنغانلىقتىن ، «تىزلىنىپ تۇرۇپ باش ئۇرۇپ يارلىقنى قوبۇل قىلىپ»[45] ئەل بولۇشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

ئەمما ، نۇر كۆر قارا قاغان قىسمەن كۈچلەرنىڭ چەكلى-

مىسكە ئۇچرىغانلىقتىن، ۋاقتىدا ھەرىكەتكە كېلەلمىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يابغۇ قاغاننىڭ ئەلچىسى چەگىنەنگە كەلدى. سۈي سۇلالىسى نۇر كۇر قارا قاغاننى ئوردىغا كېلىشكە مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن، يابغۇ قاغاننىڭ ئەلچىسىگە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى، «خان (سۈي ياڭدى) شەپقەت سارىيىدا ئەلچىنى قوبۇل قىلدى ھەم ئۇنىڭغا: ‹قارا قاغان ئەگەر ئىتائەت قىلىشنى خالىمىسا، مەن يابغۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى چوڭ قاغان قىلىمەن›، دېدى...»[46] ئەلچى قايتىپ بېرىپ بۇ گەپلەرنى يابغۇغا ئېيتقاندىن كېيىن، «يابغۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، دەررۇ قاراغا ھۇجۇم قىلدى.»[47] بۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاشكارا پارچىلىنىش كۆرۈلدى. بۇ قېتىمقى پارچىلىنىش غەربىي تۈركلەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق پارچىلىنىشى ئىدى، بۇ قېتىمقى پارچىلىنىش گەرچە «ئاغا-ئىنىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ئۆزئارا گۇمانلىنىشى»[48]دىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما سۈي سۇلالىسىنىڭ «ئارىنى بۇزۇشى» ئاساسىي رول ئوينىغانىدى.

يابغۇ قاغان سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، «نۇر كۇر قارا قاغاننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، نۇر كۇر قارا قاغان خاتۇنى ۋە ئوغلىنى تاشلاپ، نەچچە مىڭ چەۋەندازى بىلەن شەرققە قاچتى. يولدا يەنە بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئىدىققۇتنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ شىمالىي تەڭرىتاغقا بېرىپ پاناھلاندى.»[49] سۈي ياڭدى ئۇنىڭ شياڭ ئۇرۇقىدىن بولغان ئىنىسىنى ئەلچى بىلەن ئەۋەتىپ ئۇنى ئوردىغا بېرىشقا ماقۇل كەلتۈردى. ئۇلارغا ئەگىشىپ ئوردىغا بارغانلاردىن يەنە كۆل تارد شاد* (阙达设) ۋە دانار تېگىن قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار كېيىن سۈي ياڭدى تەرىپىدىن ئوخشاشلا مۇناسىپ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتى.

نۇر كۇر قارا قاغان غەربىي تۈركلەردىن ئايرىلغاندىن كې-

يىن ، يابغۇ قاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانىغا ئايلىنىپ ، ئەسلىدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ ، ھۆكۈمرانلىقى «شەرقتە ئالتۇنتاغدىن غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە يېتىپ ، قاشقوۋۇق ( 玉门关 ) نىڭ غەربىدىكى بارلىق ئەللەر ئۇنىڭغا قارام بولدى .»[50]

ئۇزۇن ئۆتمەي ، يابغۇ قاغان ئۆلۈپ ئىنىسى تولۇق يابغۇ قاغان تەختكە چىقتى . ئۇ باتۇر ھەم پاراسەتلىك بولۇپ ، بارگاھىنى شاش دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاققا كۆچۈرۈپ ، بارلىق قارام ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ئەلتەبىر مەرتىۋىسىنى بەردى ھەم بىردىن تۇتۇق ئەۋەتىپ ، «ئۇلارنىڭ باج - سېلىق تاپشۇرۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىپ»[51] ، ھۆكۈمدارلىق جەھەتتە زور نەتىجە قازاندى .

مىلادىيە 618 - يىلى (سۈي گۇڭدىنىڭ يىنىڭ 2 - يىلى ) ، سۈي سۇلالىسى گۇمران بولۇپ ، تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندا ، تولۇق يابغۇ قاغان تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قوللايدىغانلىقىنى ۋە دوستلۇقىنى بىلدۈردى . مىلادىيە 619 - يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 2 - يىلى ) ، «غەربىي تۈركلەردىن تولۇق يابغۇ قاغان ، ئىدىقۇت پادىشاھى كيۇبايار" ( 麴伯雅 ) لار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى .»[52] مىلادىيە 620 - يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 3 - يىلى ) ، يەنە «ئەلچى ئەۋەتىپ رەڭدار گۆھەر تارتۇق قىلدى .»[53] بۇ ۋاقىتتا ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىلىگ قاغان «بايلىقىنىڭ كۆپلۈكىگە ، ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە تايىنىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قول سېلىش نىيىتىدە بولدى ، گاۋزۇ (لى يۈەن ) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئەمىن تاپقۇزۇش بىلەن بەند بولغانلىقتىن ، سىرتقا قاراشقا چولى تەگمەي ، ئۇنىڭغا يول قويۇپ كاتتا ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى ، ئەمما ئىلىگ گەپ - سۆزدە ھاكاۋۇرلىشىپ ، تەلەپلىرى ھەددىدىن ئاشتى . . .»[54] ھەمدە ئەسكەر ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ

چېگرىلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى . بۇ سەۋەبتىن گاۋزۇ لى يۈەن تولۇق يابغۇ قاغاننىڭ ئەلچىسىگە «بىرلىشىپ شىمالنى بېسىقتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى . تولۇق يابغۇ 5 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 5 ـ يىلى ) قىشتا زور قوشۇن بىلەن ئاتلىنىشقا ماقۇل بولدى .»⑮ ئىلىگ قاغان بۇنى ئۇققاندىن كېيىن قاتتىق قورقۇپ ، تولۇق يابغۇ قاغانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭ قوشۇن چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ھەمدەم بولۇشىنى توسۇماقچى بولدى . تولۇق يابغۇ قاغان «ئۆز ھەيۋىسىگە تايىنىپ ، ئېلىدىكىلەرگە شەپقەتسىزلىك قىلىپ ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقتىن »⑯ ، ئىچكى زىددىيىتى كۆپىيىپ كەتتى ، بۇنىڭ بىلەن «بىرلىشىپ شىمالنى بېسىقتۇرۇش» پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى .

مىلادىيە 628 ـ يىلى ( تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۈەن 2 ـ يىلى ) ، غەربىي تۈركلەرگە قارام قارلۇقلار ئاۋۋال ئىسيان كۆتۈرۈپ ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى قاتتىق پاتىپاراقچىلىقتا قالدى ، تولۇق يابغۇنىڭ ئىنىسى باغادۇر تولۇق يابغۇ قاغاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى قاغان قىلىپ تىكلەپ ، «باغادۇر ئەل قۇتلۇق بەگ قاغان دەپ ئاتالدى .»⑰ ئەمما ، باغادۇر ئۆزىنىڭ قېرىنداشىنى ئۆلتۈرۈپ ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانى بولۇۋالغان بولغاچقا ، غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭغا بويسۇنماي ، تولۇق يابغۇ قاغاننىڭ يەنە بىر ئىنىسى باغا شادنىڭ ئوغلى نىزۇكنى ئەڭ ئالىي قاغان قىلىپ تىكلىمەكچى بولدى . «بىراق نىزۇك بۇنىڭغا ئۇنىماي ، باغادۇرنىڭ توپىلىڭىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن ، سوغدىياناغا قېچىپ كەتكەن تولۇق يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى ئەلتەرىش تېگىننى ئەكېلىپ قاغان قىلدى . ئۇ ئىلىگ بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان دەپ ئاتالدى .»⑱

بۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەردە ئىككى ئالىي قاغان بارلىققا كېلىپ ، «داۋاملىق بىر ـ بىرىگە قوشۇن تارتىشىپ . . . ئەلنى

ئاپەتكە دۇچار قىلدى .»[49] شۇنىڭ بىلەن ، غەربىي تۈركلەر يەنە پارچىلاندى ، بۇ قېتىمقى پارچىلىنىش پەقەت ئىچكى نىزا سەۋەبىدىن بولغانىدى . مىلادىيە 630 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 4 ـ يىلى ) ، ئىلىك بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغانغا ئەگەشكەنلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ ، ئەسلىدە باغادۇرنى ھىمايە قىلىدىغان قوۋملارمۇ كۆپلەپ ئىلىك بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغانغا ئەل بولدى . «ئىلىك بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان ئەسكەر تارتىپ باغادۇرغا ھۇجۇم قىلدى ، باغادۇر مەغلۇپ بولۇپ ئالتۇنتاغقا قاچقاندا ، نىزۇك تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى »[50] .

ئىلىك بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان گۇمانخور ھەم پاراسەتسىز بولغانلىقتىن ، ھەرقايسى تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىشىدىن تەشۋىشلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن نەچچە يۈز ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى ، يەنە زور تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن ئەل قاغان* ( 乙利 ) (ئىلىك بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان ئۇنىڭغا كىچىك قاغان مەرتىۋىسىنى بەرگەن ) دىنمۇ گۇمانلىنىپ ، «ھېچ سەۋەبسىز لا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، قول ئاستىدىكىلىرى بۇنىڭدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ ، ئۆز جېنىنىڭ قايغۇسىدا قالدى .»[51] كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى ، ئۇ ئۆزىنى ئەڭ ئالىي قاغان قىلغان نىزۇكنى «قەستلەشكە ئۇرۇنۇپ »[52] ، ئۇنى كىنگىتقا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى ، بۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈرك قوۋملىرى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ بىرلىكتە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى . مىلادىيە 632 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 6 ـ يىلى ) ، ئىلىك بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان «يېنىك چەۋەندازلىرىنى باشلاپ ، سوغدىياناغا قېچىپ بېرىپ شۇ يەردە ئۆلدى . ئېلىدىكىلەر نىزۇكنى كىنگىتتىن ئەكېلىپ قاغان قىلىپ تىكلىدى ، ئۇ تۇغلۇق قاغان دەپ ئاتالدى .»[53]

تۇغلۇق قاغان نىزۇك مىلادىيە 618 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇ-

نىڭ ۋۇدې 1 ـ يىلى ) دىن مىلادىيە 626 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇ-نىڭ ۋۇدې 9 ـ يىلى ) غىچە چاڭئەنگە كۆپ قېتىم بېرىپ ، لى شىمىن بىلەن ئاغا ـ ئىنە بولۇشۇپ ، ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەت-تە بولغانىدى . ئەڭ ئالىي قاغان بولغاندىن كېيىن ، ئۇ دەرھال ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئىتائەتمەنلىك بىلدۈردى . تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن «ھۆددىچى مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرى ليۇ شەنيىننى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا تۇغلۇق قاغان دەپ نام بەردى .»⑧ مىلادىيە 634 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 8 ـ يىلى ) ، تولۇق باشلىق بەگ تۇغلۇق قاغان كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپ ، «ئىنىسى توڭا شاد تەختكە چىقىپ ، ئىشبارا ئەلتەرىش قاغان دەپ ئاتالدى . »⑨ شۇنىڭدىن كېيىن ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچ-كى قىسمىدا تۈرلۈك نىزا ۋە قارشىلىششلار ئۇزۇلمىدى .

## § 4 . غەربىي تۈركلەردە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇلمەي داۋاملىششى

توڭا شاد غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانى — ئەلتە-رىش قاغان بولغاندىن كېيىن ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنى ئون قەبىلىگە ئايرىدى ، بۇ ئون قەبىلىنى يەنە ئىككىگە بۆلۈپ ، ئوڭ شاد ۋە سول شاد دەپ ئاتىدى . قەبىلە ۋە شادلارغا سەردارلارنى تەسىس قىلدى . «ھەربىر قەبىلىگە بىردىن ھۆكۈمدار تەيىنلىنىپ ، ئون شاد دەپ ئاتالدى ، ھەربىر شادقا بىردىن ئوق تارقىتىپ بېرىلگەنلىكتىن ، يەنە ئون ئوق دەپمۇ ئاتالدى . بۇ ئون ئوق يەنە ئوڭ شاد ۋە سول شادقا ئايرىلىپ ، ھەربىر شادنىڭ قارمىقىدا بەشتىن ئوق تەسىس قىلىندى ، سول شاد بەش تۇغلۇقلار دەپ ئاتالدى ھەمدە بەش ئۇلۇغ چۇر تەسىس قىلىنىپ ، ھەربىر چۇر بىردىن ئوقنى

باشقۇردى ، ئۇلۇغ شاد بەش ساداقلىقلار دەپ ئاتالدى ھەمدە بەش ئېركىن تەسىس قىلىنىپ ، ھەربىر ئېركىن بىردىن ئوقنى باشقۇردى ، ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئون ئوقلۇقلار دەپ ئاتال-دى . كېيىن ھەربىر ئوق بىر قەبىلە ئاتىلىپ ، ئۇلۇغ ئوقبېشى باش سەردار بولدى . بەش تۇغلۇقلار سۇيئاب دەرياسىنىڭ شەرقىگە ، بەش ساداقلىقلار سۇيئاب دەرياسىنىڭ غەربىگە ماكانلاشتى ؛ شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئون ئوق قەبىلىلىرى دەپ ئاتالدى .»[60]

ۋەھالەنكى ، ئەلتەرىش قاغاننىڭ بۇ خىل «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» تەدبىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتمەيلا قالماي ، ئەكسىچە غەربىي تۈركلەرگە ، ھەتتا غەربىي يۇرتقا ئاپەت ئېلىپ كەلدى .

## غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇش

ئەلتەرىش قاغاننىڭ سىياسىتى غەربىي تۈرك قوۋملىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى ، «قوۋمنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى قېلىپ ، ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتتى ، كېيىن تولۇق تۇدۇن-نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ، قول ئاستىدىكىلىرى تىرىپىرەن بو-لۇپ كەتتى . . . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنىسى بۆرى شادنى ئېلىپ كىنگىتقا قېچىپ كەتتى .»[61]

تولۇق تۇدۇن ئاسكىل كۈل ئېركىن بىلەن بىرلىشىپ ، خەلقنى يىغىپ يۇقۇق شادنى ئەڭ ئالىي قاغان قىلىپ تىكلەپ ، ئەلتەرىشنى كىچىك قاغان قىلىپ قويدى . ئەمما ، كېيىن تولۇق تۇدۇنمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، يۇقۇق شادمۇ بەش ساداقلىقلاردىن چۇ ئېركىن* ( 众倏斤 ) نىڭ زەربىسىگە ئۇچ-راپ ، ئەلتەرىش قاغان يەنە ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى .

ۋەھالەنكى ، غەربىي تۈركلەر ئەلتەرىش قاغاننى يەنىلا دۈش-مەن ئورنىدا كۆرۈپ ، يۇقۇق شادنى ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان قىلىپ تىكلىدى . مىلادىيە 538 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېن-

گۈەن 12 ـ يىلى ) ، ئەلتەرىش قاغان بىلەن ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان جەڭ قىلدى ، كۈچى تەڭلىشىپ قالغانلىقتىن ، ئاخىر ئىلى دەرياسىنى پاسىل قىلىپ بېكىتىپ ، «دەريانىڭ غەربى تۇغلۇققا ، شەرقى ئەلتەرىشكە تەۋە بولىدىغان بولدى .»[68] شۇنىڭدىن كې- يىن ، ئىچكى ئۇرۇش ئاساسەن بەش تۇغلۇقلار بىلەن بەش ساداقلىقلار ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىپ ، غەربىي تۈركلەر ئاخىر پارچىلاندى .

مىلادىيە 639 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۈەن 13 ـ يىلى ) ، ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان بەش ساداقلىقلاردىن تۇدۇن ئەلتەبىر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ قوزغىدى ، ئەلتەرىش قاغان بېسىقتۇرالماي «ئامالسىز فەرغانىگە قېچىپ بېرىپ ، شۇ يەردە ئۆلدى .»[69] بەش ساداقلىقلارنىڭ سەردارلىرى ئەلتەرىش قاغاننىڭ ئىنىسى كانا* ( 伽那 ) نىڭ ئوغلى بابۇ* تېگىن ( 薄布特勤 ) نى قاغان قىلىپ تىكلەپ ئىلىگ بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان دەپ ئاتىدى . بابۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇقىنى بىلدۈردى . تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىنمۇ مەكتۇپ ئەۋەتىپ ھال سورىدى . مىلادىيە 641 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۈەن 15 ـ يىلى ) ، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن يەنە ئالايىتەن سول قانات سانغۇن جاڭ داشۈەينى مەرتىۋە بېرىشكە ئەۋەتتى ھەمدە «دۇمباق ۋە تۇغ ئىنئام قىلدى .»[70]

ھالبۇكى ، ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈ- كىگە تايىنىپ ، ئىلىگ بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغانغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قوزغاپ تۇردى . بۇ ئارىلىقتا ، ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى . تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشنى توختىتىپ يارىشىشىنى ، بۇنىڭ تۈركلەر ھەم غەربىي يۇرتقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، ئەمما ھېچقان- داق ئۈنۈمى بولماي ، غەربىي تۈركلەر يەنىلا يېغىلىقتىن قۇتۇ- لالمىدى .

## غەربىي تۈركلەرنىڭ قارام ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشى

غەربىي تۈركلەر ئۆز ئىچىدە توختىماي نىزالىشىپ تۇرغانلىقتىن، قارام ئەللەرنى ئىدارە قىلىشقا يېتىشىپ بولالماي، ھەرقايسى قارام ئەللەر ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈشۈپ كۈچىنى زورايتىشقا باشلىدى. ئىدىقۇت بۇلارنىڭ ئەڭ تىپىكى ئىدى. غەربىي تۈركلەرگە قارام ئەللەر ئۆز كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇردى. ھالبۇكى، سودا يولى ئىدىقۇتتىن ئۆتىدىغان بولغانلىقتىن، ئىدىقۇت ھۆكۈمرانى كيۈۋېنتاي (麴文泰) پايدىنى كۆزلەپ تالان ـ تاراج خاراكتېرىدە باج يىغىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن كىنگىت باشچىلىقىدىكى ئەللەر تاڭ سۇلالىسىگە مەكتۇپ بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، «(كىنگىت ئېلىنىڭ) پادىشاھى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈي سۇلالىسى مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغاندىن بويان قۇملۇق يولى ئېتىلىپ، غەربىي يۇرت ئەللىرىنىڭ تارتۇق يوللاشتا ئىدىقۇتتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانلىقتىن، چوڭ قۇملۇق يولىنى قايتىدىن راۋانلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. خان بۇنىڭغا قوشۇلدى، ئەمما ئىدىقۇت پادىشاھى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، ئۇلارنىڭ چېگرىلىرىنى قاتتىق تالان ـ تاراج قىلدى،»[71] شۇنداقلا يەنە مىلادىيە 638 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 12 ـ يىلى) ئۇلارنىڭ «بەش شەھىرىنى بېسىۋېلىپ، 1500 دەك ئادەمنى بۇلاپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.»[72] شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى.

پامىرنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئەللەردىمۇ ئەمىنلىك بول-
مىدى . مىلادىيە 642 - يىلى (تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگوەن
16 - يىلى ) ، «ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان . . . توخارلارغا
ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى . »[13] شۇ يىلى يەنە
«سوغديانا ، ماغىيانغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنىمۇ مەغلۇپ
قىلدى . »[14] بۇ ئەللەر تولۇق يابغۇ قاغان مەزگىلىدىلا غەربىي
تۈركلەرگە بېقىنغان بولۇپ ، ئەگەر ئۇلار غەربىي تۈركلەرگە
قارشى ھەرىكەتلەردە بولمىغان بولسا ، ئېنىقكى ئىلىگ بەگ تۇغ-
لۇق قاغان ئۇلارغا قوشۇن تارتىپ يۈرمەيتتى .

پامىر ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقان ، ئەسلىدە غەربىي تۈركلەر-
گە قارام بولغان سىغىر قەبىلىسىمۇ تىنچ تۇرمىدى ، شۇ سەۋەب-
تىن ئۇلارنىڭ سەردارى تۇمەن ( 都曼 ) كېيىن سۇلى ، قارغى-
لىق ، كاۋانتا ئۈچ ئەلنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ ئۇدۇننى ئىككى
قېتىم مەغلۇپ قىلدى .

ئومۇمەن ئېيتقاندا ، غەربىي تۈركلەردە بۇ مەزگىلدە ئىچكى
ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى ، ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان ئۆزىنىڭ كۈچ-
لۈكلۈكىگە تايىنىپ ئىلىگ بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغانغا ئەسكەر
تارتتى ھەمدە ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ قەتلى قىلدى . ئىلىگ بەگ
تۇغلۇق قاغان گەرچە بەش ساداقلىقلارنى قوشۇۋالغان بولسىمۇ ،
ئەمما بەش ساداقلىقلار ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى ھەمدە بارا - بارا
ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇرۇش كۆپ
خىللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى .

غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى «يىپەك يولى» نىڭ
نورمال سودىسىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى . ھالبۇكى ، تاڭ سۇلا-
لىسى بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى ، شۇڭا تاڭ تەيزۇڭ لى شى-
مىن غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىشنى قارار قىلدى .

## § 5 . تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشىدىكى
## تۆت قورغىنى

«يىپەك يولى» نىڭ بىخەتەرلىكى ھەم راۋانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا قوشۇن چىقىرىپ ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇردى ، بۇنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبى ياكى تۈترۈكى ئىدىقۇتنىڭ «يىپەك يولى» دا زومىگەرلىك قىلىشى ۋە ئاشكارا تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ھەرىكەتلەردە بولۇشى ئىدى .

**تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىدىقۇتقا يۈرۈش قىلىشى**

تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىدىقۇتقا يۈرۈش قىلىشىدا مۇنداق تۆت تۈرلۈك سەۋەب بار ئىدى : بىرىنچىدىن ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا غەربىي يۇرتتىكى ئىۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل ) ئىچكى جەھەتتە سۈي سۇلالىسىگە بېقىنغان ، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇ يەردە ئىۋىرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلغان بولۇپ ، كېيىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن ، ئۇ غەربىي تۈركلەرگە بېقىنغانىدى . مىلادىيە 630 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 4 ـ يىلى ) ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىلىگنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىغا ئەگىشىپ كېيىن ، «ئىۋىرغول ھۆكۈمدارى . . . قول ئاستىدىكى يەتتە شەھەرنىڭ سەردارى بىلەن كېلىپ ئەل بولدى ، شۇنىڭ بىلەن غەربىي ئىۋىرغول ئايمىقى تەسىس قىلىندى .»⑮ ئەمما ، ئىدىقۇت پادىشاھى كيۇۋېنتاي بۇنىڭدىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ ، قاغانبۇت شەھىرىدە تۇرۇشلۇق غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇسى ئاشىنا ئالپ بىلەن بىرلىشىپ ئىۋىرغول — تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئىۋىرغول ئايمىقىغا

ھۇجۇم قىلدى[76]، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا قاراپ تۇرالمىدى؛ ئىككىنچىدىن، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن كېيۇۋېنتايغا يېقىن ۋەزىرى «ئاشىنا گۇ» (阿史那矩) (ئېھتىمال غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىدىقۇتتا تۇرۇشلۇق تۇدۇنى بولۇشى مۇمكىن) نى ئوردىغا ئەۋەتىش خۇسۇسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما كېيۇۋېنتاي ئۇنى ئەۋەتمەي، ئەلچى دورغاب كېيويۇڭ (麴雍) نى ئۆزرە سوراشقا ئەۋەتتى، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنى ئۆزلىرىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىدى؛ ئۈچىنچىدىن، سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن نۇرغۇنلىغان خەنزۇلار ئىدىقۇتقا قېچىپ بارغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كېيۇۋېنتايغا ئۇلارنى «ئامان - ئېسەن قايتۇرۇۋېتىش» نى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما «كېيۇۋېنتاي ئۇلارنى تۇتۇپ قالدى»؛ تۆتىنچىدىن، ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئۆتۈپ كېلىۋاتقان سىر - تاردۇشلارنى قورقۇتۇپ، ئۇلارغا ھەيۋە قىلىپ، «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن قاغان تىكلەپ، تاڭ خانى بىلەن تەڭ بولۇۋالدىڭلار، ھەممىلا ئىشتا ئۇلارنىڭ ئەلچىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتىڭلار، مۇشۇنداق بولۇۋەرسە مەن كېلەر يىلى قوشۇن چىقىرىپ ئېلىڭلارنى تالان - تاراج قىلىمەن»[77] دەپ تەھدىت سالدى. بۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن چىقىرىشىدا يېتەرلىك ئاساس بولالايتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، كىنگىت پادىشاھى تۇرگەچى ئەلچى ئەۋەتىپ ئىدىقۇتنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلىقىنى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ ئادالەتنى ياقلىشىنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، مىلادىيە 640 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 14 - يىلى)، «خۇجۇنجى (侯君集) يارغول ئايمىقىنىڭ ئالىي باشبوغلۇقىغا تەيىنلىنىپ...، تۈرك قاپىشىنىڭ چەۋەندازلىرىدىن نەچچە تۈمەن ئەسكەرنى باشلاپ جازا يۈرۈشىگە ئاتلاندى.»[78] كېيۇۋېنتاي تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يۈرۈشكە

ئاتلانغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىلچە ئەنسىرىمەس-تىن ئېلىدىكىلەرگە: «‹تاڭ ئېلى بىزدىن 7000 چاقىرىم يىراقلىقتا، ئارىلىقتا 2000 چاقىرىمدەك گىياھسىز قۇملۇق بار، سوغۇق شامال، پىژغىرىم ئىسسىق جاندىن ئۆتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا تاڭ قوشۇنى قانداقمۇ يېتىپ كېلەلىسۇن؟ مەن ئىلگى-رى ئوردىغا بارغاندا چىن، لوڭ ۋىلايەتلىرىنىڭ شىمالىدا شە-ھەرلەرنىڭ چۆللىشىپ كەتكەنلىكىنى، سۈي زامانىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرگەن. ھالا بۈگۈن ئۇلار مېنى جازالاشقا كەلسە، ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق يېتىشتۈرەلمەي-دۇ. 3 تۈمەندىن تۆۋەن ئەسكەر كەلسە، مەن بىمالال تاقابىل تۇرالايمەن. ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا، ئۇلارنى تارمار قىلىشقا قۇربىم يېتىدۇ. ئەگەر شەھەرگە باستۇرۇپ كەلسە، 20 كۈنگە قالمايلا يەيدىغىنى تۈگەپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ چاغدا مەن قوغلاپ جاجىسىنى بېرىمەن. مۇشۇنداق تۇرۇق-لۇق غەم يېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى!›» دېدى. ئەمما، تاڭ قوشۇ-نىنىڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كې-يىن، قورقۇنچ ئىچىدە كېسەل بىلەن ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى كيۇجىشېڭ (麹智盛) پادىشاھ بولدى.»[79]

كيۇۋېنتايىنىڭ دەسلەپتە ھېچقانداق ئەنسىرىمەسلىكىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانبۇت شەھىرىدە تۇرۇش-لۇق يابغۇسى ئاشىنا ئالپىنىڭ ئۇنى قوللاپ، «ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەنلىكى»[80] ئىدى. ئەمما، ئاقىۋەتتە خوجۇنجى قوشۇنى باش-لاپ ئىدىقۇت شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، قاغانبۇت شەھە-رىدىكى ئاشىنا ئالپمۇ «شەھەرنى تاشلاپ»[81] تەشۋىش ئىچىدە كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئىشبارا ئەلتەرىش قاغانمۇ فەرغانىگە قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن كيۇۋېنتاي تايانچىسىز قالدى.

كيۇجىشېڭ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تەختكە چىققاندىن كېيىن، دەرھاللا تاڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى خوجۇنجىغا مەكتۇپ

ئەۋەتىپ ، «خانىنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگىنى ئالدىنقى پادى-
شاھتۇر ، تەڭرى ئۇنى جازالىغاچقا ، ئۆز بېشىنى ئۆزى يېدى .
كەمىنە ئەمدىلا تەختكە چىقتىم ، كەڭچىللىك قىلىنىشنى ئۆتۈن-
مەن !»[8] دېدى . خۇجۇنجى جاۋاب مەكتۇپ قايتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا
گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ ، ئۆزىنى باغلاپ بارگاھقا كېلىشنى
ئېيتتى . ئەمما ، كيۇجىشېڭ بارمىدى . شۇنىڭ بىلەن ، تاڭ
قوشۇنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى ، كيۇجى-
شېڭ ئامالسىز شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى . شۇ
يىلى تاڭ سۇلالىسى «ئىدىقۇتتا قوچو ئايمىقىنى ، قاغانبۇت
شەھىرىدە بەشبالىق ئايمىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە ناھىيىلەرنى
تەسىس قىلدى . يىماۋ ( 乙卯 ) يىلى ، يەنە يارغول شەھىرىدە
ئەنشى قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ ، قوشۇن
تۇرغۇزۇپ قوغدىدى .»[8] شۇنىڭدىن باشلاپ ئىدىقۇت تاڭ سۇلا-
لىسىگە قارام بولدى .

## تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كىنگىتقا ھۇجۇم قىلى-
شى

ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش
ئۈچۈن ، قارام ئەللەرگە قارىتىلغان قۇدىلىشىش تەدبىرىنى كۇ-
چەيتكەنىدى ، شۇڭا «ۋەزىرلەردىن كۆل چۇر ئىنىسىغا تۇرگەچى-
نىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ھەمدەم
بولۇش توغرىسىدا ئەھدىلەشتى ۋە ئوردىغا تارتۇق يوللىمىدى .»
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىدىقۇتنى باستۇرۇشى كىنگىتقا پايدى-
لىق ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلىق
ئۆچى ئېلىنغانىدى . ھالبۇكى ، ئۇنىڭ ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈچەيگەنلىكتىن ، ئۇمۇ تاڭ سۇلالى-
سىدىن يىراقلىشىپ ، «ئوردىغا تارتۇق ئەۋەتمەي» ، تاڭ سۇلالى-
سى ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى ئاشكارىلاپ

قويدى . شۇنىڭ بىلەن ، تۇنجى ئەنشى قورۇقچىبېگىلىكىگە تەيىنلەنگەن گو شياۋكې قوشۇن چىقىرىپ جازالاشنى تەلەپ قىلدى . دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ، كىنگىت پادىشاھى نەۋرە ئىنىلىرىدىن «ئىدۇق» ( 颉鼻 ) ، لىبات» ( 栗婆弟 ) ، يابغۇ (بۇ يابغۇمۇ تۇرگەچىنىڭ ئىنىسى ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى غەربىي تۈرك هۆكۇمرانلىرى قارام ئەللەر پادىشاھلىرىنىڭ كۈچىنى بۆلۈۋېتىش ئۈچۈن ئۆز يېقىنلىرىنى يابغۇ قىلىپ تەيىنلەش ئىستراتېگىيەسىنى قوللانغان ) ئۈچەيلەن ئوردىغا ئەل بولۇشقا كەلدى .»[⑩] شۇنداق قىلىپ ، مىلادىيە 644 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 18 ـ يىلى ) ، گو شياۋكې بۇيرۇقتا بىنائەن كىنگىتقا يۈرۈش قىلدى . ئۇ قاپشىنىڭ ئىنىسى لىباقۇن» ( 栗婆准 ) نىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇدۇل كىنگىت پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ بېرىپ ، تۇرگەچىنى ئەسىر ئېلىپ ، لىباقۇننى كىنگىتقا نائىب پادىشاھ قىلىپ ، غەلىبە بىلەن قايتتى . تۇرگەچى بىلەن ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشقا ئەھدىلەشكەن غەربىي تۈرك ۋەزىرى كۆل چۇر قوشۇن باشلاپ ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ ، تاڭ قوشۇنى ئاللىقاچان چېكىنىپ كەتكەنلىكتىن ، لىباقۇننى تۇتقۇن قىلدى . لىباقۇننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى «سىربا ئاناچى» ( 薛婆阿那支 ) پادىشاھ بولۇپ ، ئۆزىنى شاھخان» ( 瞎干 ) دەپ ئاتاپ ، لىباقۇننى كۇسەننىڭ ئۆلتۈرۈشىگە تاپشۇرۇپ بەردى .»[⑪] شۇنىڭ بىلەن ، بۇ يەنە تاڭ قوشۇنىنىڭ كۇسەنگە يۈرۈش قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

## تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كۇسەنگە ھۇجۇم قىلىشى

كۇسەن پادىشاھلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىدىن باشقا ، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تارىختىن بۇيانقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن دوستانە ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن ،

بولۇپمۇ بەي ( 白 ) جەمەتىدىكىلەر ھۆكۈمران بولغاندىن باشلاپ
سۇۋاتەر* ( 苏伐叠 ) (ئۇمۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەلتەبىر مەر-
تىۋىسىنى قوبۇل قىلغان ) تەختكە ئولتۇرغان مەزگىلگىچە ، ئەي-
نى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئىگىلەپ تۇرغان سۇلالە —
تاڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇرغاند-
دى .

مىلادىيە 647 - يىلى (تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگۇەن 21 -
يىلى ) ، كۇسەن پادىشاھى سۇۋاتەر ئالەمدىن ئۆتۈپ ، ئورنىغا
ئىنىسى ئەلباشى بەگ پادىشاھ بولدى ، تەخمىنەن كىنگىت پادى-
شاھى تۈرگەچى قىزىنى غەربىي تۈركلەردىن كۆل چۇرنىڭ ئىنى-
سىغا نىكاھلاپ بەرگەن ۋاقىتتا ، غەربىي تۈركلەرمۇ ئاشىنا خان-
زۇر* ( 阿史那汗族 ) نىڭ قىزىنى ئەلباشى بەگكە نىكاھلاپ
بەردى . شۇنىڭ بىلەن ، «ئۇ ئەدەپ - قائىدىنى ئۇنتۇپ ، قوشنا
ئەللەرنى تالان - تاراج قىلدى .»⊛

بۇ يەردىكى «قوشنا ئەللەرنى تالان - تاراج قىلىش» گەرچە
تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرۈلمەيدىغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇنىڭدىن
ئۇنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭىيىش غەرەزىدە بولغانلىقىنى پەرەز
قىلىش مۇمكىن . تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى كىنگىتقا ھۇجۇم قىل-
غاندا ، ئۇ قوشۇن باشلاپ كىنگىتقا ھەمدەم بولغانىدى . ئارىدىن
ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن
تىكلەنگەن كىنگىت پادىشاھى لىباقۇننىڭ كاللىسىنى ئالدى ،
تاڭ سۇلالىسى بۇنى ئەلۋەتتە سۈرۈشتۈرمەي قالمايتتى . شۇنىڭ
بىلەن ، مىلادىيە 647 - يىلى (تاڭ تەيزوڭنىڭ جېنگۇەن
21 - يىلى ) تاڭ تەيزوڭ لى شىمىن «ئالايىتەن كۇنچيۇ ئايمىقى-
نىڭ ھەربىي يۈرۈش ئالىي باشبوغى ، سول قانات شىرمەت
چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى ئاشىنا شېر ،
ئورۇنباسار ئالىي باشبوغ ، ئوڭ قانات شىرمەت چەۋەندازلار
ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى قاپىش ئالپ ، ئەنشى قورۇق-

چىببىگى گو شياۋكې قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئە-
ۋەتتى ھەمدە تېلېلارنىڭ 13 ئايىمىقى، تۈرك، تىبەت، تۈيغۇنلار-
نى قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشىگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى.»[40] مىلا-
دىيە 648 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 22 ـ يىلى)،
تاڭ قوشۇنى قوۋۇقتىن چىقىپ، ئىدىققۇتتا ئالدى بىلەن غەربىي
تۈركلەرنىڭ ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغانغا قاراشلىق چىگىل،
چۇمۇل ئىككى قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى، ئاندىن غەربكە ئىل-
گىرىلەپ كىنگىتقا يېتىپ بېرىپ، سىربا ئاناچى شاھخانىنى ئە-
سىر ئېلىپ، تۈرگەچىنىڭ ئىنىسى باقالى* (婆伽利) نى كىنى-
گىت پادىشاھى قىلىپ تەيىنلىدى (يەنە بىر قاراشتا بىر نەۋرە
ئىنىسى شەناقۇن* (先那准) پادىشاھ بولۇپ تەيىنلەنگەن دەپ
قارىلىدۇ). ئاندىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، كۇسەن تەۋەسىگە
يېتىپ باردى. «كۇسەن قورقۇپ، نۇرغۇن شەھەرلىردىن
ۋاز كەچتى، ... پادىشاھ باش بەگ* (布失毕) ... باخان
شەھىرىنى قاتتىق ساقلىدى، ئاشىنا شېرمۇ كۈچلۈك ھۇجۇم
بىلەن ... شەھەرنى ئىشغال قىلدى ھەم باش بەگ بىلەن
كەرتەمنى تۇتۇپ»[41] غەلىبە بىلەن قايتتى.
كۇسەن پادىشاھى ئەلباشى بەگ ئەسىر ئېلىنىپ چاڭئەنگە
يالاپ ئاپىرىلغاندىن كېيىن، كۇسەننىڭ ئىچكى قىسمىدا مەز-
ھەپلەر كۈرىشى كەسكىنلىشىپ كەتتى. كۇسەننىڭ ۋەزىيىتىنى
تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تاڭ گاۋزۇڭ لى جى مىلادىيە 650 ـ يىلى
(تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي 1 ـ يىلى) ئەلباشى بەگنى يەنە
قايتىدىن كۇسەن پادىشاھى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە ئۇنى كۇسەن-
گە قايتىشقا بۇيرۇدى. ئەلباشى بەگ كۇسەنگە قايتقاندىن كې-
يىن، ۋەزىيەتتە ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى. شۇنىڭ بى-
لەن، ئۇ چاڭئەنگە بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ھەمدە ئاقىۋەت
غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆلدى. مىلادىيە 658 ـ يىلى (تاڭ
گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 3 ـ يىلى)، سول قانات ئەسكەرلەر

ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى ياڭ جۇ يارلىققا بىنائەن كۆسەنگە يەنە ھۇجۇم قوزغىدى. كۆسەن باش ۋەزىرى كەرتەم قاتارلىقلار گەرچە سىرتقى ياردەمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچ پايدىسى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ قوشۇنى شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، كەرتەم ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى تۇتۇپ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدى ھەمدە ئۇ يەردە كۆسەن تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، ... باش بەگنىڭ ئوغلى سۇكە* (素稽) نى كۆسەن پادىشاھى، قوشۇمچە تۇتۇق قىلىپ تەيىنلىدى.»[⊗] تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە كىنگىت تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، شۇ يىلى يەنە «ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۆسەنگە كۆچۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا قايتىدىن قوچو تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئىدىققۇت ئەمىن قىلىندى.»[⊗]

تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىككى قېتىم كۆسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشى غەربىي يۇرتنى قاتتىق زىلزىلىگە سالدى. ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ كۆسەنگە كۆچۈرۈلۈشى، شۇنداقلا كىنگىت ۋە كۆسەن تۇتۇق مەھكىمىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئوخشاشلا زور ئىنكاس قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. مىلادىيە 675 - يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شاڭيۈەن 2 - يىلى)، ئۇدۇندە كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، سۇلىدا سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى.

تاڭ سۇلالىسى قۇرغان قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئاپپارات، شۇنداقلا ئەڭ ئالىي ھەربىي قوماندانلىق ئاپپاراتى ئىدى، باشقا ھەربىي ئاپپاراتلاردىن يەنە ھەربىي مەھكىمە، قورۇل، قەلئە، قورغان قاتارلىقلار بار ئىدى. ئەنشىدىكى تۆت قورغان تارىختىكى مەشھۇر تۆت قورغان

بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۆت قورغانغا دائىر مەسىلىلەر تارىختا يې-شىش تەس سىرلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەنشىدىكى تۆت قور-غان قايسى تۆت قورغاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ يېڭى، كونا «تاڭنامە. كۇسەن تەزكىرىسى» دە ئوخشاشلا مۇنداق خاتىرىلەن-گەن: «(ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى) ئۇدۇن، سۇلى، سۇيئاب (ۋە كۇسەن) نى باشقۇرىدۇ، بۇلار تۆت قورغان دېيىلى-دۇ.» بۇ يەردىكى مەسىلە، بىرىنچى، سۇيئابتا قاچان قورغان تەسىس قىلىنغان؟ ئىككىنچى، بۇ تۆت قورغاننىڭ ئارىسىدا نېمە ئۈچۈن كىنگىت يوق؟ دېگەندىن ئىبارەت.

مىلادىيە 649 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 23 ـ يىلى)، ئاشىنا ئالپ ئىسيان كۆتۈردى. مىلادىيە 957 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 2 ـ يىلى)، ئاشىنا ئالپىنىڭ ئىس-يانى تىنچىتىلىپ، «ئۇنىڭ يېرى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە بۆلۈۋې-تىلدى... ھەم ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىن-دى.»⑩ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللىشىگە قارىغاندا، بۇ ۋاقىت-تىكى تۆت قورغان «كۇسەن، كېرىيە (ئۇدۇن)، كىنگىت، سۇلى»⑪ ئىكەن. دېمەك، بۇ ۋاقىتتا كىنگىت قورغىنى بولغان، سۇيئاب قورغىنى بولمىغان.

ئۇنداقتا، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى سۇيئابنى قاچان ئىگىلى-گەن؟ ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىلادىيە 679 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ تيلو 1 ـ يىلى)، پېي شىڭجيەن بۇيرۇقتا بىنائەن قالدۇق ئىسيانكارلاردىن ئاشىنا تاماچى قاتارلىقلارنى جازالاپ، ۋاڭ فاڭيىنى سۇيئاب قەلئەسىنى بىنا قىلىشقا قالدۇرغان. شۇ-نىڭدىن باشلاپ سۇيئابتا قوشۇن تۇرغۇزۇلۇپ، قورغان تەسىس قىلىنغان ۋە ئۇ ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىغان، شۇنىڭ بىلەن ئەنشىدىكى تۆت قورغان ئىچىدە سۇيئاب قورغىنى پەيدا بولغان.

ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق تۆت قورغان

ئچىدە، كىنگىت قورغىنى بىلەن سۇيئاب قورغىنى داۋاملىق بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ھېلى ئۇ پەيدا بولسا، ھېلى بۇ پەيدا بولۇپ تۇرغان. بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، ۋاڭ فاڭيى سۇيئابنى ئىگىلەشتىن ئىلگىرى، تۆت قورغاننىڭ ئىچىدە كىنگىت بار ئىدى. مىلادىيە 670 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنخېڭ 1 ـ يىلى)، تىبەتلەر كۇسەننىڭ باخان قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلغاندا، تاڭ سۇلالىسى «كۇسەن، ئۇدۇن، كىنگىت، سۇلى قاتارلىق تۆت قورغاندىن ۋاز كەچكەن.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ۋاقىتتىكى تۆت قورغان كىنگىتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ھالبۇكى سۇيئابنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. مىلادىيە 679 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ تىياۋلۇ 1 ـ يىلى)، پېيى شىڭجيەن ئاشىنا تاماچىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، قوچودا تۆت قورغاننىڭ كېڭىشى ئۆتكۈزۈلگەندىمۇ، كىنگىت قاتناشقان. پەقەت ۋاڭ فاڭيى سۇيئابنى ئىگىلەپ، ئۇ يەردە قوشۇن تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن سۇيئاب قورغىنى بارلىققا كېلىپ، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كىنگىت قورغىنى ئەمەلدىن قالغان. سۇيئاب قورغىنى بولغانلىقتىن، ئاشىنا قاپىش مىلادىيە 682 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭچۇن 1 ـ يىلى) ئىسيان كۆتۈرگەندە، ۋاڭ فاڭيى تېزلىكتە ئىسياننى تىنچىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

بەزى ئالىملار يەنە ۋاڭ فاڭيى سۇيئابنى ئىگىلەشتىن ئىلگىرىلا، سۇيئاب قورغىنى مەۋجۇت بولغان دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسى سۇيئاب يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولىغا جايلاشقان، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قورغان تەسىس قىلىش زۆرۈر بولغان دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا ئاشىنا سادىق ۋە ئاشىنا ئالپنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئاشىنا سادىق قوچو ئايمىقىنىڭ قوماندانى بولۇپ، سۇيئابتا تۇرمىغان؛ بەشبالىق تۇتۇقى بولغان ئاشىنا ئالپنىڭ

باشقۇرۇش دائىرىسىمۇ غەربىي قىسىم ۋە غەربىي شىمالدىكى تالاس ئېقىنىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئەتراپلىرى بولۇپ، سۈيئابنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ سۈيئاب ئايمىقى دېگەن نام ئۇچرىمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ قاراشنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ.

مىلادىيە 719 ـ يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 7 ـ يىلى) ئارىلىقىدا، غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۈرگەشلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى، سۈيئابتىكى تۈركلەر ئۇلار بىلەن كېلىشەلمىگەنلىكتىن، كىنگىتتىكى غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى سۈيئابقا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىش تەلىپىنى قويدى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە سۈيئابتىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىش غەرەزىمۇ بار ئىدى. تاڭ شۈەنزۇڭ لى لوڭجى ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى ھەمدە سۈيئاب قورغىنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كىنگىت قورغىنىنى قايتىدىن تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى، «كىنگىت پادىشاھى رۇڭنۇنتۇر* (龙嫩突) ئۆلۈپ، يىنتۇر بايان* (焉吐佛延) تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئون ئوق قەبىلىلىرىنىڭ قاغانى سۈيئابقا بېرىپ ماكانلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنشى ھېراۋۇلى تاڭ جىياخۇي كىنگىتنى تۆت قورغان قاتارىغا كىرگۈزۈپ، كىنگىت، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇنلەرگە غەربىي يۇرتتىكى سودىگەرلەردىن ئاشلىق ئېلىش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈردى.»③ شۇنىڭ بىلەن، كىنگىت قورغىنى يەنە سۈيئاب قورغىنىنىڭ ئورنىنى ئالدى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگۈچىلىك كىنگىت قورغىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 19 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. سۈيئاب قورغىنى بولسا 42 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. قورغانلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەمما يەنە بۇ ئۆزگىرىشلەر تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە كۆپ تالاش ـ تارتىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى.

## § 6 . ئاشىنا ئالپىنىڭ تەسلىم بولۇشى ۋە ئىسيان كۆتۈرۈشى

ئاشىنا ئالىپ غەربىي تۈركلەرنىڭ بوۋىسى ئىستەمىنىڭ بەشىنچى ئەۋلادى بولۇپ، ئاتىسى ئەل بۆرى شاد يابغۇ تېكىن ئىدى. ئىلىنگ بەگ تۇغلۇق قاغان ئۇنىڭ تاغىسى ئىلىنگ بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بەش ساداقلىقلارنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلىنگ بەگ تۇغلۇق قاغانغا ئەل بولغانىدى. ئىلىنگ بەگ تۇغلۇق قاغان ئۇنىڭغا يابغۇ ئەمەلىنى بېرىپ، ئۇنى ئاشىنا بايانغا قاراشلىق جايلارنى باشقۇرۇشقا قويغان بولۇپ، «ئۇ كۆپىنچە تالاس ئېقىنى بويىدا تۇرۇپ، قوچۇنىڭ شىمالىغا 1000 چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىدىكى چىگىل، چۇمۇل، قۇشۇ، قارلۇق، بەش ساداقلىقلار قاتارلىق قوۋملارنى ئىدارە قىلغانىدى.»[91]

مىلادىيە 642 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 16 - يىلى)، ئىلىنگ بەگ تۇغلۇق قاغان ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە تايىنىپ، «تاڭ ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، غەربىي يۇرتقا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئىۋىرغول ئايمىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.»[92] يېڭى تەيىنلەنگەن قورۇقچىبەگ گو شياۋكې يېنىك چەۋەندازلاردىن 2000 نى باشلاپ ئۇنىڭغا توسۇپ زەربە بېرىپ، ئۇرقۇت* ( 乌骨 ) دېگەن جايدا ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. كېيىن ئۇ «چىگىل، چۇمۇل ئىككى قەبىلىنى تەگرىتاغدا مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندا»،[93] يەنە گو شياۋكې تەرىپىدىن زەربە بېرىپ چېكىندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن چۇمۇللارغا ئەل بولدى.

ئىلىنگ بەگ تۇغلۇق قاغان ئىلىنگ بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بەش ساداقلىقلارنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، بەش ساداقلىقلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ئۇنىڭغا بويسۇنماي،

تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ باشقا قاغان تىكلەشنى ئۆتتۈرىغا قويغان ، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئۇلارنىڭ تەلىپىگە يارىشا ئەسلىدىكى بەش ساداقلىقلاردىن بولغان ئەلتەرىش قاغانىنىڭ نەۋ-رىسى ئىلىگ بەگ يابغۇنى قاغان قىلىپ تەيىنلىدى . ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغان بولغاندىن كېيىن ، بەش ساداقلىقلارنىڭ كۆپى ئۇ-نىڭغا ئىتائەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئىلىگ بەگ تۇغلۇققا هۇجۇم قوزغىدى .

دەل ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغان ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغانغا هۇجۇم قوزغىماقچى بولغان ۋاقىتتا ، ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان سوغدىيانا بىلەن «ماغىياننى مەغلۇپ قىلىپ ، نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشكەن ، قول ئاستىدىكىلەرگە بۆلۈپ بەرمىگەنلىكتىن ، سەر-دارى نىزۇك چۇر" (泥熟啜) ئولجىلارنى ئىگىلىۋالغان ، بۇ-نىڭدىن ئىلىگ بەگ تۇغلۇق غەزەپلىنىپ نىزۇك چۇرنىڭ كاللى-سىنى ئالغان ، شۇنىڭ بىلەن قوۋمى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ، نىزۇك چۇرنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن قارلۇقلار" (胡禄屋) ئۇنىڭغا هۇجۇم قىلغان ، ئۇ قوۋمى تاراپ كەتكەنلىكتىن ، ئىس-فىجئاب شەهىرىگە بېرىپ پاناهلىنىۋالغانىدى .»® ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئىسفىجئاب شەهىرىگىچە باردى . «ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قوشۇننى باشلاپ شەهەردىن چى-قىپ ، قاتتىق هەيۋە - سۈرەن بىلەن هۇجۇمغا ئۆتتى . بەش ساداقلىقلار تاقابىل تۇرالماي ، نۇرغۇن ئادەملىرى ئۆلدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى . تۇغلۇق نۇسرەت قازىنىپ ، كونا قوۋملىرىنى يىغىپ ، ئۇلارغا سوقۇشتا ئادىمىدىن بىرى قالسىمۇ ، مەن هەر-گىز بويسۇنمايمەن »® دەپ توخارلارنىڭ يېرىگە قېچىپ كەتتى .

ئاشىنا ئالىپ قوچودا جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىق-تىن ، ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغانىنىڭ غەربكە ئىلگىرىلىشىنى تو-سۇشقا ئامالسىز قالدى ، شۇڭا ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغانىنىڭ ئالدىدا گۇناهى بارلىقىنى بىلەتتى . ۋەهالەنكى ، ئاشىنا ئالىپقا

قاراشلىق بەش توغلۇقلار قەبىلىلىرىدىن «چۇمۇقۇن، جىشبىتى (执<摄>舍提)، بابى* (婆匐) قاتارلىقلار ئاشىنا ئالپىنىڭ گۇناھى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئىلىگ بەگ توغلۇق قاغاننىڭ ئالدىغا بارغاندا، قاغان غەزەپلىنىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن نەچچە مىڭ چېدىرلىق كىشى ئاستىرتىن ئاشىنا ئالپقا بېقىندى.»[96] تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتتا (ياكى سەل ئىلگىرىرەك) يەنە ئاشىنا بايانمۇ ئاستىرتىن ئاشىنا ئالپقا ئىتائەت قىلدى.

مىلادىيە 648 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 22 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى قوۋۇقتىن چىقىپ كۇسەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، «ئاشىنا ئالپ بۇنى ئاڭلاپ يول باشلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.»[97] بۇ جەرياندا ئۇ چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئۇنى سول قانات شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەپ، بەشبالىقتىكى باغا قەلئەسىدە بەشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنى تۇتۇقلۇققا قويدى.

ئاشىنا ئالپ بىر قارا نىيەت بولۇپ، بەش سادىقلىقلاردىن كېلىپ چىققان (ئۇلارنىڭ بوۋىسى ئىشبارا ئەلتەرىش قاغان ئىدى) ھەمدە بەش توغلۇقلارنىڭ يابغۇسى بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى تاج ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى ئۆستۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ۋاقىتتا غەربىي تۈركلەر مەيلى بەش سادىقلىقلار بولسۇن ياكى بەش توغلۇقلار بولسۇن، بىر كۈچلۈك يادرودىن ئايرىلىپ قالغانىدى، شۇڭا بۇمۇ ئاشىنا ئالپنى پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بەشبالىق تۇتۇقى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، «تاراپ كەتكەنلەرنى مەخپىي توپلاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە رام قىلدى.»[98] مىلادىيە 649 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 23 ـ يىلى)، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئاشىنا ئالپ بۇنى ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ ياخشى

پۇرسەتتى دەپ قاراپ، قوچو ۋە بەشبالىقنى ئىگىلەش قەستىدە بولدى. ئۇنىڭ غەرەزى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يەتكەندىن كېيىن، تاڭ گاۋزۇڭ لى جى ئالاقىچى چياۋ باۋمىڭنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى ھەم ئاشىنا ئالپىنىڭ ئوغلى دۇيۇن" ئوردىغا كىرىپ ياساۋۇل بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئوڭ قانات شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ كەپتاۋۇللۇقىغا تەيىنلىدى، بۇ ئارقىلىق ئاشىنا ئالپىنىڭ قوچو ۋە بەشبالىقنى ئىگىلەش قەستىنى توستى. ۋەزىيەت تۇراقلىششقا قاراپ يۈزلەنگەندىن كېيىن، تاڭ گاۋزۇڭ لى جى دۇيۇننى يەنە يۇرتىغا قايتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. مىلادىيە 650 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي 1 ـ يىلى)، دۇيۇن يۇرتىغا قايتىپ «دادىسىنى قوۋمىنى باشلاپ غەربكە كېتىشكە قايىل قىلدى ھەمدە ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، قوۋملىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئاشىنا ئالپ ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتاپ، كۇنەس ۋە قاش دەرياسى بويىدىكى مىڭبۇلاقتا بارگاھ قۇردى. بەش تۇغلۇقلار ۋە بەش ساداقلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، ئەسكىرى نەچچە يۈز مىڭغا يەتتى، . . . ئۇ باغادۇر يابغۇ بولدى.»

مىلادىيە 651 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي 2 ـ يىلى)، ئاشىنا ئالپ ئوغلى دۇيۇننى بەشبالىققا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇپ، بوغدا قەلئەسى ۋە باركۆلدىكى نۇرغۇن ناھىيىلەرنى بېسىۋېلىپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاپ ـ تالىدى. گاۋزۇڭ لى جى سول قانات ھەربىي ئەمەلدارلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى لياڭ جيەنفاڭ، ئوڭ قانات شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى قاپىش ئالپ قاتارلىقلارنى 3 تۈمەن ئەسكەر بىلەن ھۇجۇمغا ئەۋەتتى، ئۇلارغا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ 5 تۈمەن چەۋەندازى قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن 8 تۈمەن كىشىلىك قوشۇن دۇيۇننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، «60

تەك ئاتامىننى تەسلىم قىلدۇرۇپ ، 1 تۈمەندىن كۆپرەك ئادەمـ
ـنى ئۆلتۈرۈپ ھەم ئەسىر ئېلىپ ، 7 تۈمەن تۇياق چارۋىسىنى غەنىيـمەت ئالـدى ، چۇمۇللاردىن تېـگىن ئېركىن قارچىغا* ( 时健俟斤合支贺 ) قاتارلىقلارمۇ كېلىپ ئەل بولدى . »[99]

مىلادىيە 653 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي 4 ـ يىلى ) ، توخارلارنىڭ يېرىگە قېچىپ كەتكەن ئىلىنگ بەگ تۇغلۇق قاغان ئالەمـدىن ئۆتتى ، ئوغلـى ئىـلىنگ بەگ تاردۇش شاد* ( 颉苾达度设 ) يىنچۇ يابغۇ دەپ ئاتىلىپ ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ، «ئاشىنا ئالپقا جازا يۈرۈشـى قىلىشنـى تەلەپ قىلدى . »[100] شۇ يىلى «بەشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، . . . بەشبالىق ئايمىقى تەسىس قىلىندى . »[101]

مىلادىيە 656 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 1 ـ يىلى ) ، چېڭ جىجيې بۇيرۇققا بىنائەن جازا يۈرۈشى قىلدى . ئەمما ، ئورۇنباسار ئالىي باشبوغ ۋاڭ ۋېندۇ ساختا پەرمان بىلەن ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقتىن ، خەلقنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ ، بۇ قېتىمقى يۈرۈش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشـ
ـتى .

مىلادىيە 657 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 2 ـ يىلى ) ، سۇ دىڭفاڭ ، رېن ياشياڭ ، شياۋ سىيې ھەم دەشتى ماكان تۇتۇقى ، ئۇيغۇر سەردارى بارۇن* ( 婆闰 ) قاتارلىقلار ئاشىنا ئالپقا يەنە جازا يۈرۈشى قىلدى . ئاشىنا بايان ، ئاشىنا نىزۇك قاتارلىقلارمۇ سلاۋچىبەگ بولۇپ تەيىنلىنىپ ئوخشاش ۋاقىتتا يۈرۈشكە ئاتلاندى . قوشۇن ئەرتىش دەرياسىغا يېتىپ كەلگەندە ، «ئىشبارا (ئاشىنا ئالپ ) ئون ئوقلاردىن 10 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ جەڭگە چىقتى . . . نەتىجىدە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ، نەچچە تۈمەن ئادەمدىن ئايرىلىپ ، 30 چاقىرىم نېرىغا چېكىندى . »[102] بەش ساداقلىقلار ۋە بەش تۇغلۇقلار ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ تەسلىم بولدى . «ئىشبارا شاش دۆلىتىنىڭ شىمـ

لىدىكى سۇتۇغ» (苏咄) شەھىرىگە بارغاندا، ئۇزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئات سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. شەھەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئىجۇق تارقان» (伊沮达官) يالغاندىن كاتتا زىيا- پەت بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالدى ھەمدە ئۇلار شەھەرگە كىرگەن- دىن كېيىنلا تۇتۇپ شاش دۆلىتىگە يوللاپ بەردى. شياۋ سىيې شاش دۆلىتىگە بارغاندا، شاش دۆلىتىدىكىلەر ئاشىنا ئالپنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى.»[103] شۇنىڭ بىلەن، ئاشىنا ئالپنىڭ توپىلىڭى ئاخىر تىنچىتىلدى.

ئاشىنا ئالپ ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، شياۋ سىيېغا: «مەن تارمار بولۇپ مەھبۇسقا ئايلاندىم. ئىلگىرىكى خان (تەيزۇڭنى كۆرسىتىدۇ) ماڭا كۆپ شاپائەت قىلغان، ئەمما مەن ئاسىيلىق قىلغانلىقىمدىن، ھالا بۇگۈن تەڭرى غەزەپلىنىپ مې- نى جازالىدى. ئاڭلىشىمچە، تاڭ قانۇنىدا كاللا كېسىش جازاسى ئاۋات رەستىدە ئىجرا قىلىنىدىكەن، مەن ئۆلگەندىن كېيىن خان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىپ، ئىلگىرىكى خاندىن گۇناھىنى تىلىسەم دەيمەن.»[104] دېدى. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ گاۋزۇڭ لى جى ئۇنىڭ توۋا قىلغانلىقىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلدى.

ئاشىنا ئالپ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنى ئايماق ـ ناھىيىلەرگە ئايرىلىپ، «تېنىق- نۇر ۋە ئىسسىقكۆلدىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكىمە- سى تەسىس قىلىندى... ئاشىنا نىزۇك سول قانات ياساۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى، ئىسسىقكۆل قورۇقچىبەگلىكىگە تە- يىنلىنىپ،... بەش تۇغلۇقلارنى باشقۇرۇشقا قويۇلدى؛ ئاشىنا بايان ئوڭ قانات ياساۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى، تېنىقنۇر قورۇقچى- بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ،... بەش ساداقلىقلارنى باشقۇرۇشقا قويۇلدى... ھەرقايسى قەبىلىلەردىن ئەل بولغانلار قوۋمىنىڭ

ئاز ــ كۆپلۈكى ، ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ، ئايماق بەگلىكىدىن تۆۋەن مەنسەپلەرگە تەيىنلەندى .»[105] يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىدى . ئاشىنا ئالپ ئۆلگەندىن كېيىن ، ئىلىگ قاغاننىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىپ ، قىسقىچە تەرجىمھالى ئويۇلغان ئابىدە تىكلەندى .

## 7 § . غەربىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق ھەرىكەتلىرى

ئاشىنا ئالپ تىنچىتىلغاندىن كېيىن ، تاڭ گاۋزۇڭ لى جى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئاشىنا نىزۇكقا شىڭشىۋاڭ قاغان （兴昔亡可汗） مەرتىۋىسىنى بېرىپ ، بەش تۇغلۇقلارنى باشقۇرۇشقا قويدى . ئاشىنا بايانغا جۇ ۋاڭجۇ قاغان （继往绝可汗） مەرتىۋىسىنى بېرىپ ، بەش ساداقلىقلارنى باشقۇرۇشقا قويدى .

تاڭ سۇلالىسى «ئون ئوقلار» غا گەرچە مۇشۇنداق تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ ، ئەمما غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا تىنچىمىدى . بىر تەرەپتىن تىبەتلەر غەربىي يۇرتنى ئىگىلەش قەستىدە بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەبلەر قەدەممۇقەدەم قىستاپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا خۇسۇسىي ئاداۋەت ۋە قەبىلىلەر ئارا نىزا يەنىلا تۈگىمىگەنىدى .

مىلادىيە 659 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 4 ـ يىلى ) ، پامىرنىڭ غەربىدە كۆچمەن چارۋىچى سىغىر قەبىلىسىنىڭ سەردارى تۇمەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

توپىلاڭ كۆتۈردى . ئۇ تىبەتلەر بىلەن ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن بىرلىشىپ ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈچ شەكىللەندۈردى ھەمدە قوشۇن چىقىرىپ سۇلى ، قارغىلىق ، كاۋانتا ، ئۇدۇننى بېسىۋال. دى . ئەمما ، سۇ دىڭفاڭ قارشى قوشۇن باشلاپ بېرىشى بىلەنلا «تۇمەن قاتتىق ھودۇقۇپ ، جەڭدە يېڭىلىپ قەلئەسى ئىچىگە كىرىپ بېكىنىۋالدى ، كېچىسى تاڭ قوشۇنلىرى ھەر تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ قەلئەنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا ، ئۇ قورقۇپ كېتىپ قەلئەدىن چىقىپ تەسلىم بولدى .»[106]

ئاشىنا نىزۇك ۋە ئاشىنا بايان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئۆزئارا كېلىشەلمەيدىغان بولغاچقا ، ئاشىنا نىزۇكنىڭ غەربىي تۈركلەردىكى ئابرۇيى ئاشىنا بايانغا قارىغاندا ئۈستۈنرەك ئىدى . مىلادىيە 632 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 6 ـ يىلى) ، غەربىي تۈركلەردىن ئىلىگ بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان ئورۇنسىز قىرغىنچىلىق قىلىپ ، غەربىي تۈركلەر مالىمانچىلىققا چۈشۈپ قالغاندا ، نىزۇك (يەنى ئاشىنا نىزۇك) قوۋمى تەرىپىدىن تۇغ. لۇق قاغان بولۇپ تىكلەندى . تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن «ھۆدەيچى مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرى ليۇ شيەنىيىننى ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭغا تو. لۇق باشلىق بەگ تۇغلۇق قاغان دەپ نام بەردى .»[107] ئەمما ، ئاشىنا بايان بۇنىڭغا قارشى چىقتى ھەمدە «ئاشىنا نىزۇكنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى قاغان بولماقچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئاشىنا نىزۇك تەختىدە خاتىرجەم ئولتۇرالماي ، قوۋملىرىدىن چىگىل ، چۇمۇللارنى باشلاپ ئوردىغا بەيئەت قىلدى .»[108] قاغانلىق مەر. تىۋىسى يەنىلا نىزۇكقا قالدى .

سۇ دىڭفاڭ سىغىرلارغا زەربە بەرگەن ۋاقىتتا ، ئاشىنا نى. زۇك ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغاننىڭ ئوغلى يىنچۇ يابغۇنى ئۆلتۇ. رۇپ ، بەش تۇغلۇقلار ئىچىدە تېخىمۇ زور ئابرۇي قازاندى ، بۇ يەنە ئاشىنا باياننىڭ ھەسەتخورلۇقىنى ئۆرلىتىۋەتتى . مىلادىيە 662 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ 2 ـ يىلى) ، كۇسەن

ۋەزىرى كەرتەمىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى توپىلاڭ كۆتۈرگەندە ، تاڭ
گاۋزۇڭ سۇ خەيجېڭنى جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە
«شىڭشىۋاڭ قاغان (ئاشىنا نىزۇك ) بىلەن جۇۋاڭجۈ قاغان
(ئاشىنا بايان ) غا ئەسكەر چىقىرىپ ھەمدەم بولۇش توغرىسىدا
پەرمان چۈشۈردى .»[109] ئاشىنا بايان «ئاشىنا نىزۇككە ئاداۋەت
ساقلاپ كەلگەنلىكى ھەم ئۇنىڭ قوۋمىنى قوشۇۋېلىش غەرەزى
بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭغا ئىسيان كۆتۈرمەكچى دەپ تۆھمەت چاپلى-
دى .»[110] شۇنىڭ بىلەن ، سۇ خەيجېڭ ئاق - قارىنى سۈرۈش-
تۈرمەيلا ئاشىنا بايانىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ، يالغاندىن ئاشىنا
نىزۇكنى بارگاھقا كېڭەشكە چاقىرتىپ ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . «بۇ-
نىڭ بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەر شىڭشىۋاڭ قاغانغا ئۇۋال قىلىن-
غانلىقىدىن نارازى بولۇپ ، كۆڭۈللىرى بۆلۈنۈپ كەتتى . جۇ-
ۋاڭجۈ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن ، ئون ئوقلار سەردارسىز قالدى .»[111]

بۇ ۋاقىتتا ، ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان ئاشىنا تاماچى گەر-
چە ئىلگىرىكى قاغانلار بىلەن ھېچقانداق قېرىنداشلىق مۇناسىۋى-
تى بولمىسىمۇ ، غەربىي تۈركلەرنىڭ «سەردارسىز قالغان پۇر-
سىتىدىن پايدىلىنىپ» ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىۋالدى ھەمدە
غەربىي يۇرتقا كىرگەن تىبەتلەر بىلەن ئالاقە ئورناتتى . مىلادىيە
662 - يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ 2 - يىلى ) ، بەشبالىقنى
ئىگىلىۋېلىپ سىلاۋچىبەگ بولۇۋالدى . مىلادىيە 671 - يىلى
(تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنخېڭ 2 - يىلى ) ، تاڭ گاۋزۇڭ لى جى
ئۇنى ئالايىتەن «سول قانات شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخاند-
سىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى ، قوشۇمچە بەگيان تۇتۇقلۇقىغا تەيىن-
لەپ ، بەش تۇغلۇقلارنى ئىدارە قىلىشقا قويدى .»[112] ئەمما ، بۇ
ئاشىنا تاماچىنى قانائەتلەندۇرمەيلا قالماستىن ، ئەكسىچە ئۇنىڭ
تىبەتلەر بىلەن بەك تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى
سۈردى . مىلادىيە 679 - يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ دياۋلۇ 1 -

يىلى ) ، ئۇ تىبەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھ-كىمىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ، «كۇسەن ، سۇلى قاتارلىق تۆت قور-غاننى بېسىۋالدى .»[113]

تىبەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىشى ، تۆت قورغاننىڭ ئېلى-نىشى ئاشىنا تاماچىغا پايدىلىق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاۋۋال ئاشىنا تاماچىنىڭ كۈچىنى تىنچى-تىشنى قارار قىلدى . قانداق ھەرىكەت قوللىنىش مەسىلىسىدە ، ئورددا كۆپ تالاش ـ تارتىشلار بولدى . ئاخىر پېي شىڭجيەننىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىنىپ ، پارس شاھزادىسى ئىنالچى· ( 泥涅师 ) ئۇزىتىپ قويۇش باھانىسىدە ئۇ تىرىك قولغا چۈشۈرۈلىدىغان بولدى . پېي شىڭجيەن قوچوغا بېرىپ ، تۆت قورغاننىڭ سەردار-لىرىنى يىغدى ھەم زور قوشۇن بىلەن كېچە ـ كۈندۈز جىددىي يۈرۈش قىلدى . ئاشىنا تاماچى تەييارلىقسىز بولغانلىقتىن ، «چوڭ قوشۇننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا نېمە قىلارىنى بىلمەي ، ئوغلى ھەم ئىنىلىرى بولۇپ 500 ئادەمنى باشلاپ بارگاھقا قول باغلاپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ تىرىك قولغا چۈشۈرۈلدى .»[114]

مىلادىيە 679 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ دياۋلۇ 1 ـ يىلى ) ، ۋاڭ فاڭيىنىڭ سۇيئاب قەلئەسىنى بىنا قىلىشى بىلەن سۇيئاب قورغىنى تەسىس قىلىندى ھەمدە ۋاڭ فاڭيى ئەنشى قورۇقچى-بەگلىكىگە تەيىنلەندى . مىلادىيە 682 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭ-نىڭ يۇڭچۇن 1 ـ يىلى ) ، يەنە غەربىي تۈركلەردىن بولغان قەبىلە سەردارى ئاشىنا قاپىشمۇ توپىلاڭ كۆتۈردى . ۋاڭ ناھايى-تى تېزلا ئۇنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى . «ئاشىنا قاپىش كۆكۈت قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى ، ئەنشى قورۇقچىبېگى ۋاڭ فاڭيى قوشۇن باشلاپ قۇتقۇزۇشقا باردى ھەمدە ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ئۇرغۇن ئادىمىنى ئەسىر ئالدى . . . شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەر تىنچىتىلدى .»[115]

مىلادىيە 685 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ چۇيگوڭ 1 ـ يىلى)، ۋۇ زېتيەن جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئاشىنا نىزۇكنىڭ ئوغلى يۈەنچىڭ (元庆) نى ئىسسىقكۆل تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ شىڭشىۋاڭ قاغان دېگەن ئەمىلىنى بەردى؛ ئاشىنا باياننىڭ ئوغلى قۇسار تېنىقنۇر تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغىمۇ ئاتىسىنىڭ جۇۋاڭجۈ قاغان دېگەن ئەمىلىنى بەردى. بۇ ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈپ بۆلۈنۈپ كەتكەن قۇتلۇق قاتارلىقلار قۇرغان شىمالىي تۈرك قاغانلىقى (كېيىنكى بابتا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ) غەربىي تۈركلەرگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىۋەردى. «شۇنىڭ بىلەن، ئون ئوقلار تەرەپ ـ تەرەپكە تاراپ كەتتى.»[116]

قۇسار قوۋمىدىن 6 ~ 7 تۈمەندىن ئارتۇقراق ئادەمنى يىغىپ ئىچكىرى رايونلارغا كۆچۈپ كەتتى. يۈەنچىڭ مەككە ۋەزىرلەرنىڭ بۆھتان چاپلىشى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

قۇتلۇق قاتارلىقلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدىكى بەزى سەردارلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئاشىنا تۇزمۇ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، مىلادىيە 693 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ چاڭشو 2 ـ يىلى) تىبەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، يوللارغا بۆلۈنۈپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى. بىراق، ئۇ «سوغ بۇلاق» (ۋاڭ) تا (冷泉) شياۋجيې بىلەن قىلغان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ كەتتى. نىزۇك سۇيئاب قورغىنىنىڭ باسقاۋۇلى خەن سىجوڭ تەرىپىدىن بارس شەھىرى* (没斯城) دە قاتتىق مەغلۇپ قىلىندى.»[117]

مىلادىيە 700 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ جيۇشى 1 ـ يىلى)، قۇسار «سول قانات ياساۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى، قوشۇمچە غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قوشۇننىڭ ئالىي باشبوغلۇقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇز ئېلىدىكىلەرنى ئەمىن تاپقۇزۇش توغرىسىدا پەرمان

ئالدى .»[118] ئەمما، بۇ ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتا غەربىي تۈركلەر-نىڭ باشقا قەبىلىسى بولغان تۈرگەشلەر كۈچەيگەنلىكتىن، ئۇ يۇرۇش قىلىشقا پېتىنالماي، ئاخىر چاڭئەندە ئۆلدى. كېيىن ۋۇ زېتيەن يەنە ئاشىنا يۈەنچىڭنىڭ ئوغلى ئاشىنا شان (阿史那献) نى ئون ئوقلارنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سىلاۋچىبەگ، بەشبالىق باش قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، شىڭشىۋاڭ قا-غان مەرتىۋىسى بەردى. ئاشىنا بايانىڭ ئوغلى ئاشىنا ھىدايەت (阿史那怀道) نىمۇ ئون ئوقلار قاغانى، قوشۇمچە تېنىقنۇر قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ۋەھالەنكى، بۇ ۋاقىتتا كەل-گەندە غەربىي تۈركلەر ئاللىقاچان ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالغان بولۇپ، تۈرگەشلەر ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى.

**ئىزاھلار:**

①⑲ «سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى. غەربىي تۈركلەر»

②⑳㉑㊿(51)(53)(54)(55) «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ ئاخىرى»

③④(64)(67)(72)(73)(75)(76)(67)(68)(69)(70)(56)(59)(61)(62)(63)(65)(66) «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ ئاخىرى»

⑤㉓⑭(99)(102)(106)(108)(116) «يېڭى تاڭنامە. كۇسەن تەزكىر-سى»

⑥ «يېڭى تاڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى»

⑦ «يېڭى تاڭنامە. توخارلار تەزكىرىسى»

⑧⑩⑱ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 12 ـ جىلد

⑨ «شەپقەتكار تەزكىرىسى»، 2 ـ جىلد

⑪ «يېڭى تاڭنامە. سوغديانا تەزكىرىسى»

⑫ «يېڭى تاڭنامە. سۇلى تەزكىرىسى»

⑬ «يېڭى تاڭنامە. قۇمىد تەزكىرىسى»

⑮ «سۇينامە. ئىدىقۇت تەزكىرىسى»

⑯ «سۇينامە. سوغديانا تەزكىرىسى»

⑰(71)(72)(85)(86)(94) «يېڭى تاڭنامە. كىنگىت تەزكىرىسى»

(22)(23)(24) «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ، 1 ـ جىلد
(25) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 200 ـ جىلد
(26)(27)(29)(32)(47)(48) «سۇينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
(28)(37)(38) «سۇينامە . جاڭ سۇنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى»
(30) «سۇينامە . يانسۇننىڭ تەرجىمىھالى»
(31) «سۇينامە . ۋېندى ھەققىدە خاتىرىلەر»
(33) «سۇينامە . شى ۋەنسۇينىڭ تەرجىمىھالى»
(34) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 179 ـ جىلد
(35) «سۇينامە . خەن خوڭنىڭ تەرجىمىھالى»
(36) «سۇينامە . جاۋ جوڭچىڭنىڭ تەرجىمىھالى»
(39)(45)(43)(44)(46)(49) «سۇينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى . غەربىي تۈركلەر»
(40) «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»
(41)(42) «سۇينامە . تېلېلار تەزكىرىسى»
(52) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 187 ـ جىلد
(58)(78)(79) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 193 ـ جىلد
(64) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 194 ـ جىلد
(60)(70)(73)(74)(77) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 196 ـ جىلد
(89)(90)(91)(92)(93) «يېڭى تاڭنامە . ئىدىققۇت تەزكىرىسى»
(82)(83)(84)(85)(86) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 195 ـ جىلد
(80)(81) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 198 ـ جىلد
(82)(95)(96) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 199 ـ جىلد
(83)(84)(87)(97)(100)(101)(103)(104) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 200 ـ جىلد
(88) «غەربىي تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ، فېڭ چېڭجۈننىڭ ئىزاھىغا قارالسۇن .

⑱ «يېڭى تاڭنامە. قاپىش ئالپىنىڭ تەرجىمىھالى»
(105) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 194 ـ جىلد
(107)(109) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 201 ـ جىلد
(110) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 202 ـ جىلد
(111) «كونا تاڭنامە. تىبەتلەر تەزكىرىسى»
(112) «يېڭى تاڭنامە. پېي شىڭجيەنىڭ تەرجىمىھالى»
(113) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 203 ـ جىلد
(114) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 204 ـ جىلد
(115) «يېڭى تاڭنامە. تىبەتلەر تەزكىرىسى»

# غەربىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ سەلتەنەت نەسەبنامىسى

ئىستەمى (يابغۇ مەرتىۋىسىدە تۇرغان ، ئىلىگ قاغان تۇمەننىڭ ئىنىسى ) — تاردۇش قاغان ، ئىستەمىنىڭ ئوغلى ، بىلگە قاغان دەپمۇ ئاتالغان (مىلادىيە 576 ~ 603 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — ئىنال قاغان ، تاردۇش قاغاننىڭ نەۋرىسى ، تۇغلۇق قاغاننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 599 ~ 603 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — نۇر كۇر قارا قاغان ، ئىنال قاغاننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 603 ~ 611 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — يابغۇ قاغان ، ئىنالنىڭ ئوغلى ، نۇر كۇر قارا قاغاننىڭ ئىنىسى (مىلادىيە 611 ~ 618 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — تولۇق يابغۇ قاغان ، ئىنالنىڭ ئوغلى ، يابغۇ قاغاننىڭ ئىنىسى (مىلادىيە 618 ~ 628 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — باغادۇر ئەل قۇتلۇق بەگ قاغان ، يانسۇ تېگىننىڭ ئوغلى ، تولۇق يابغۇنىڭ ئىنىسى (مىلادىيە 628 ~ 630 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — ئىلىگ بەگ ئىشبارا ئىستەمى يابغۇ قاغان ، تولۇق يابغۇنىڭ ئوغلى (مىلادىيە 630 ~ 632 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — تۇغلۇق قاغان ، تاردۇ قاغان دەپمۇ ئاتالغان ، باغادۇر ئەل قۇتلۇق بەگنىڭ ئوغلى (مىلادىيە 632 ~ 634 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — ئىشبارا ئەلتەرىش قاغان ، تۇغلۇق قاغاننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 634 ~ 639 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان ، نەسەبى ئېنىق ئەمەس (مىلادىيە 638 ~ 653 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) .

ئىشبارا ئەلتەرىش قاغان — ئىلىگ بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان ، ئەلتەرىشنىڭ جىيەنى ، كاناننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 639 ~ 641 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغان ، ئەلتەرىشنىڭ نەۋرىسى ، ئەل كۈچلۈش ئىلىگ بەگ قاغاننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 641 ~ 650 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) — ئىشبارا قاغان ، ئەلتەرىشنىڭ جىيەنى ، بۆرى شادنىڭ ئوغلى (مىلادىيە 651 ~ 657 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) .

شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي تۈركلەردە چوڭ قاغان بولماي ، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن شىڭشۋاڭ قاغان بىلەن جۇۋاڭجۈ قاغانلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەمدە ئوخشاشلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرلىرىدىن بولغان .

## يەتتىنچى باب

# شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھالاك بولۇشى

شىمالىي تۈرك قاغانلىقى يەنە كېيىنكى تۈرك قاغانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان شەرقىي تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، شەرقىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن كېيىن ، جەنۇب ، شىمال دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ ، جەنۇبىي قىسىمدىكىلىرى يەنىلا شەرقىي تۈركلەر دەپ ئاتالغان ، شىمالىي قىسىمدىكىلىرى بولسا شىمالىي تۈركلەر دەپ ئاتالغان . ئۇلار ئەسلىدىكى تۈرك قاغانلىقى بىلەنمۇ ، شۇنداقلا غەربىي تۈرك قاغانلىقى ھەم شەرقىي تۈرك قاغانلىقى بىلەنمۇ خاراكتېر جەھەتتە مۇئەييەن پەرقلىنىدۇ .

شىمالىي تۈرك قاغانلىقى بىلەن ئەسلىدىكى تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى ، ئەسلىدىكى تۈرك قاغانلىقى پۈتۈن مەملىكەت ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالغان ھەم كۆچلۈكلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ۋەزىيەتتە قۇرۇلغان بولۇپ ، جۇرجان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇلدارلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش جەريانىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ قاغانلىق بولۇپ قۇرۇلغان . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ھەققانىيەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغان . ھالبۇكى ، شىمالىي تۈرك قاغانلىقى بولسا پۈتۈن مەملىكەت پەيدىنپەي چوڭ بىرلىككە كېلىش ۋەزىيىتىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان مەزگىلدە قۇرۇلغان بو-

لۇپ ، تارىخنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە قارشى يول تۇتقان .
شىمالىي تۈرك قاغانلىقى بىلەن غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى ، غەربىي تۈرك قاغانلىقى ئەسلىدىكى تۈرك قاغانلىقى ئاساسىدا سەلتەنىتىنى يۈرگۈزگەن ھەم ئۇزاق مەزگىل بىر مۇستەقىل سىياسىي گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان . گەرچە بەزى ئابرۇيلۇق شەخسلەر سۈي سۇلالىسىگە ياكى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا مۇستەقىل ھالەتتە بولغان ۋە بۇ ئەھۋال تاكى ئاشىنا ئالپ توپىلىگى تىنچىتىلغىچە داۋاملاشقان . ھالبۇكى ، شىمالىي تۈرك قاغانلىقى بولسا ، شەرقىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغاندىن كېيىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىققان .
ئەمدى شىمالىي تۈرك قاغانلىقى بىلەن شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى ، ئۇلار ئوخشىمىغان يولدا ماڭغان ، بىرى تارىخنىڭ يۈزلىنىشىگە بېقىپ يول تۇتقان ، يەنە بىرى تارىخ ئېقىمىغا قارشى يول تۇتقان .
شىمالىي تۈرك قاغانلىقى سەلتەنەت سۈرگەن يىللاردا نۇرغۇن جەڭگە ماھىر سەركەردىلەر ۋە پاراسەتلىك يول باشچىلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ قاغانلىقنىڭ خاراكتېرىنى پەقەتلا ئۆزگەرتەلمىگەن . چۈنكى ، ئىستىبداتلىقلار بىلەن ھاكىمىيەت خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان ئۇقۇم بولۇپ ، ھاكىمىيەت خاراكتېرىنى چىقىش قىلىپ ، ئىستىبداتلىقلارنى ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەس ، ئەكسىچە ئىستىبداتلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ ، قاغانلىقنىڭ خاراكتېرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشمۇ توغرا ئەمەس .
تاڭ سۇلالىسى شىمالىي تۈرك قاغانلىقىغا بار كۈچ بىلەن ئۆزگىچە تارتىش سىياسىتىنى قوللانغان .

## 1 § . شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ
## قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مىلادىيە 639 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 13 ـ
يىلى )، تۆلىش شاد قاغان ساباغ بەگنىڭ ئىنىسى كەشىشۈي
«تۆلىش شادقا ئەگىشىپ ئوردىغا كىردى ھەمدە كەپتاۋۇل بولۇپ
تەيىنلەندى ، ھورۇن ھەم تەييارتاپ بولغانلىقىدىن ، ئاكىسىنىڭ
كەنپەلىرىدىن ئاغرىنىپ ، ئۇنىڭغا ئىسيان كۆتۈرمەكچى دەپ
بوھتان چاپلىدى . شۇنىڭ بىلەن خانىنىڭ ئۇنىڭدىن رايى قايتىپ
ئۇزۇنغىچە ئىلتىپات كۆرسەتمىدى . كەشىشۈي كونا قوۋملىرىدىن
40 تىن ئارتۇق ئادەمنى توپلىدى ھەمدە چىن بېگى تۆتىنچى
جىسەكتە ئوردىدىن چىقىدۇ ، شۇ چاغدا دەرۋازىدىن باستۇرۇپ
كىرىپ ، ئوردا ئىشىكىدىن ئۇدۇل كىرگىنىمىزچە ئۇنىڭ سارد-
يىغا كىرىپ ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ ، كاتتا ئىنئامغا ئېرىشىمىز
دەپ ئويلىدى . جياشېن يىلى ، تۆلىشنىڭ ئوغلى قاراغۇر
( 贺罗鹘 ) نى ئېلىپ ئوردىنىڭ سىرتىغا مۆكۈنۈۋالدى . قاتتىق
بوران بولغانلىقتىن چىن بېگى چىقمىدى . كەشېشۈي تاڭ ئېتىپ
كېتىشتىن ئەنسىرەپ مالىمان كۆتۈرۈپ ، . . . ياساۋۇللاردىن
نەچچە ئون ئادەمنى ئۆلتۈردى ، قوشبېشى سۇن ۋۇكەي قاتارلىق-
لار قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ . . .چېكىندۈردى ، كېيىن ئۇ يەنە
ئوردا ئاتخانىسىغا كىرىپ 20 دىن كۆپرەك ئاتنى ئوغرىلاپ
شىمالغا قاچتى . . . ئەمما ، تىرىك تۇتۇلۇپ كاللىسى ئېلىندى .»[1]
مىلادىيە 641 ـ يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 15 ـ
يىلى ) ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ سىغىر قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈر-
دى . «ئۇلار دەسلەپتە دەيجۇ ئايمىقىنىڭ ۋۇتەي ناھىيىسىدە ما-
كانلاشقانىدى ، تاردۇشلارغا قوشۇلۇپ كېتىشنى كۆزلىگەنلىك-
تىن ئىسيان كۆتۈردى . دەيجۇ ئەسكەرلىرى قوغلاپ قىستاپ

كەلدى ، ئالدىدىن يەنە لى جىنىڭ ئەسكەرلىرى يولۇقتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئالدى ـ ئارقىدىن تەڭ زەربىگە ئۇچراپ قاچىدىغانغا يول تاپالماي ، جىلغا ئىچىگە بېكىنىۋالدى . ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، ئاۋۋال خوتۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، ئاندىن بار كۈچى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى ، ئەمما مەغلۇپ قىلىندى . . . »[2] ئۇلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، قەيسالغانلىرى ئالتۇنتاغ ئەتراپىدا سەرسانلىقتا يۈرۈۋاتقان قاپشىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى .

مىلادىيە 651 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي 2 ـ يىلى ) ، غەربىي تۈركلەردىن ئاشىنا ئالپ ئىسيان كۆتۈردى ، بۇ شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارا نىيەتلەرگە زور ئىلھام بولدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى پائالىيىتىنى باشلىدى .

مىلادىيە 679 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ دياۋلۇ 1 ـ يىلى ) «10 ـ ئايدا ، تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىكى ئاشىدىر ئۇران بەگ قول ئاستىدىكى ئىككى شاد بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ ، ئاشىنا نىزۇك بەگنى قاغان قىلىپ تىكلىدى . 24 ئايماقنىڭ سەردارلىرىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ تەڭلا ئىسيان كۆتۈردى . »[3] تاڭ گاۋزۇڭ لى جى شياۋ سىيې ، لى جىڭجيا قاتارلىقلارنى قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى ، «شياۋ سىيې ، لى جىڭجىيالار دەسلەپكى جەڭلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قازىنىپ پۇختا تەييارلىق قىلمىغانلىقتىن ، قاتتىق قار ـ شىۋىرغانغا دۇچ كېلىپ ، ئەسكەرلەرنىڭ سوغۇقتا جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئىسيانچىلار كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى ، شياۋ سىيې ئامالسىز بارگاھنى يىغىشتۇرۇپ قوشۇننى چېكىندۈردى . ئەمما ، ئىسيانچىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ، نۇرغۇن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالدى . »[4] بۇنىڭ بىلەن تاڭ گاۋزۇڭ لى جى يەنە پېي شىڭجىيەننى جازا يۈرۈشى

قىلىشقا ئەۋەتتى. مىلادىيە 680 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ دىياۋلۇ 2 ـ يىلى)، پېي شىڭجيەن قارا تاغ* (黑山) دا ئاشىدىر ئۇران بەگ بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئاشىنا نىزۇك بەگنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئاشىدىر ئۇران بەگنى تىرىك تۇتۇپ (بۇ يەردە خاتالىق بار، يەنى ئاشىدىر ئۇران بەگ بۇ چاغدا تىرىك تۇتۇلمىغان) قايتتى. ئۇنىڭ قالدۇق قوۋملىرى ئالتۇنتاغقا بېرىپ پاناھلاندى... كېيىن يەنە ئىلىگىنىڭ ئوغلى بۇيانىي شياجۇ ئايمىقىدىن ئەكېلىپ قاغان قىلىپ تىكلىدى.»⑤ مىلادىيە 681 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭلۇڭ 1 ـ يىلى)، تاڭ گاۋزۇڭ لى جى پېي شىڭجيەننى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى، ئاشىنا بۇيان «قورقىنىدىن جەڭ قىلىشقا پېتىنالماي، پېي شىڭجيەنگە ئەلچى ئەۋەتتى ھەمدە ئاشىدىر ئۇران بەگنى باغلاپ كېلىپ تەسلىم بولدى (بۇ خاتىرە تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن، يەنى ئاشىدىر ئۇران بەگ مۇشۇ چاغدىلا ئاندىن تۇتۇلغان).»⑥

ئاشىنا بۇيان قاتارلىقلار تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالدۇق كۈچلىرىدىن قۇتلۇق پۇرسەت تېپىپ يوشۇرۇنچە قېچىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەملىكەت ئىچى ۋەزىيىتىمۇ قۇتلۇقنىڭ ھەرىكىتىگە پايدىلىق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، غەربىي يۇرتتا تىبەتلەرنىڭ كۈچى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان، غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قىسىم قالدۇقلىرىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقاچقا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دىققەت ـ نەزەرى غەربىي يۇرتتا بولغانلىقتىن، قۇتلۇقنىڭ ئاجىز كۈچىگە قاراشقا چولى تەگمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ گاۋزۇڭ لى جى ئىچكى قىسىمدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئوردا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، شىمالىي قىسىمدىكى چېگرىلارغا قاراشقا يېتىشىپ بولالمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، قۇتلۇق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈچنى زورايتىپ، ئاخىر شىما-

لىي تۈرك قاغانلىقىنى قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى .
قۇتلۇق شەرقىي تۈركلەردىن ئىلىگ قاغاننىڭ شىرىم قېرىندىشى بولۇپ ، ئاشىنا ئۇرۇقىدىن ئىدى . بوۋىسى بولسا ئەسلىدە تەگرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئوڭ شادى ، يۈنجۇڭ تۇتۇقى شارىر يۈەنيىڭ (舍利元英) نىڭ قول ئاستىدىكى بىر تۇتۇق چۇر ئىدى . ئاشىدىر ئۇران بەگ قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرگەندە ، ئۇمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قاتناشتى . كېيىن ئاشىدىر ئۇران بەگ ، ئاشىنا بۇيانلار تەسلىم بولغاندا ، ئۇ «تاراپ كەتكەنلەرنى يىغىپ ، چوغاي تېغىغا بېرىپ پاناھلاندى .»[7]
دەسلەپتە ، ئۇنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ ، «ئارانلا 70 ئادىمى بار ئىدى .»[8] كېيىن ئەسكىرىي ئىشلارغا كامىل ئاشىدىر يۈەنجېن (阿史德元珍) مۇ بىر قىسىم ئادىمىنى باشلاپ چوغاي تېغىغا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ، قۇتلۇقنىڭ كۈچى ئېشىپ «ئادىمى 5000 غا يەتتى .»[9] ئاشىنا يۈەنجېننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي غەرەزى بار ئىدى . ئەمما ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت جەھەتتىكى خاتالىقىمۇ بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئىدى . تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى دەل «ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى» بولۇپ ، ئۇلار ئاشىنا بۇيان ، ئاشىدىر ئۇران بەگ قاتارلىقلارنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن ، كەچۈرۈم قىلمايلا قالماستىن ، «بەلكى ئۇلار بىلەن قوشۇپ جەمئىي 54 ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغاندى»[10] . بۇ ئەلۋەتتە تۈرك قوۋملىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىماي قالمايتتى . ئاشىنا يۈەنجېننىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ، ئۇنىڭ بۇ خىل قارشىلىق كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى . قۇتلۇق «تاراپ كەتكەنلەرنى يىغىپ» چوغاي تېغىنى پاناھلاپ تۇرۇۋاتقاندا ، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ يېنىغا پاناھلىق تىلەپ باردى . «قۇتلۇق ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، ئۇنى ئاپا تارقان قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئەسكىرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويىدى .»[12] ئۆزد-

نى بولسا ئەلتەرىش قاغان دەپ ئاتاپ، ئىنىسى بۆگۈ قاغانغا شاد مەرتىۋىسىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، شىمالىي تۈرك قاغانلىقى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۇ تەسىرىنى كېڭەيتىش ۋە تۈرك قوۋملىرىنى «يىغىش» ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا پاراكەندىچىلىك خاراكتېرىدە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قوزغىدى. مىلادىيە 682-يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ كەيياۋ 2-يىلى)، «قۇتلۇق چېگرىغا بېسىپ كېلىپ، لەنجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ۋاڭ دېماۋنى ئۆلتۈردى.»[13] يەنە «بىڭجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كېلىپ، دەيجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى شۆ رېنگۇي بىلەن تۇتۇشتى.»[14] مىلادىيە 684-يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭچۇن 2-يىلى)، «دىڭجۇ، گۇيجۇ ئايماقلىرىغا باستۇرۇپ كەلدى.»[15] شۇ يىلى يەنە «تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى»[16] ۋە «ۋېيجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كەلدى.»[17] مىلادىيە 684-يىلى (تاڭ جۇڭزۇڭنىڭ ۋېنمىڭ 1-يىلى)، «شوجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كېلىپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاپ-تالىدى.»[18] قۇتلۇق قاتارلىقلار گەرچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ چۇغاي تېغىدىكى ھالىتىنى پەقەتلا ئۆزگەرتەلمىدى. «كېيىك، توشقانلارنى يەپ كۈن كەچۈردى... دۈشمەنلىرى ئەتراپىدا قۇشلاردەك ئەگىپ يۈردى.»[19] بۇنداق قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، چوقۇم چۇغاي تېغىدىن چىقىپ ھەرىكەتلىنىش زۆرۈر ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن پەم-پاراسەتلىك ھەم چوڭقۇر پىكىرلىك تۇنيۇقۇق قۇتلۇققا چۇغاي تېغىنى تاشلاپ، تۈركلەرنىڭ ئانا ماكانى بولغان ئۆتۈكەن تېغىغا بېرىش تەكلىپىنى بەردى. تۇنيۇقۇقنىڭ قايسى ۋاقىتتا قۇتلۇققا ئەگەشكەنلىكى تارىخنامىلەردە ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن، ئەمما ئۇ ئاشىنا يۈەنجېن بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇتلۇققا قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى قاغانلىق

قۇرۇلغاندا ، قۇتلۇق ئۇنىڭغا بويلا تارقان مەرتىۋىسىنى بەرگەن .
تۇنيۇقۇق «ئايغاقچىلارنىڭ مەلۇماتى» غا ئاساسەن قۇتلۇققا تاڭ سۇلالىسى ، ئۇيغۇرلار ھەمدە قىتانلارنىڭ بىرلىشىپ قاغانلىققا ھۇجۇم قىلىش غەرەزى بارلىقىنى ئېيتتى ھەمدە «مۇبادا ئۇلار بىرلىشىۋالسا ، بىز تايانچىسىز قالىمىز»[20] دېدى . تاڭ سۇلالىسى ، ئۇيغۇرلار ۋە قىتانلارنىڭ بىرلەشكەنلىكى توغرىسىدا تارىخنامىلەردە ئېنىق خاتىرە يوق ، ئەمما مۇشۇنداق ئېھتىماللىق بارلىقىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ : تۇنيۇقۇقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە ئاساسلىنىپ مۇشۇنداق پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەقىقەتەنمۇ ئاقىلانىلىك ئىدى . ئۇ ئاجايىپ دانالىق بىلەن قۇتلۇققا : «يۇقىقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان ، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي ؛ ئەگەر يۇقىقا قېلىن بولۇپ كەتسە ، ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ ، ئىنچىكە توم بولۇپ كەتسە ، ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە توختايدۇ»[21] دېدى ھەمدە ئاۋۋال ئۈچ تەرەپنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ قىيىن شارائىتنى ئۆزگەرتىپ ، ئاندىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرىگە زەربە بېرىش ئارقىلىق ھەممىسىنى بىتچىت قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، «شەرقتە قىتانلار ، جەنۇبتا تابغاچلار ، غەربتە غەربىي تۈركلەر ، شىمالدا ئوغۇزلاردىن بولۇپ 2000 ~ 3000 كىشىلىك قوشۇن كېلىشى مۇمكىن»[22] دېدى .
قۇتلۇق شۇنىڭ بىلەن تۇنيۇقۇققا تەپسىلىي پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئېيتتى ھەم «ئۇنىڭ ئۆتۈنگەن ئۆتۈنچىسىگە قوشۇلۇپ ، ‹ئۆز كۆڭلۈڭچە ئىش قىلغىن› دېدى .»[23] تۇنيۇقۇق ئاۋۋال ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىپ ، ئاندىن چۇغاي تېغىدىن چىقىپ ئۆتۈكەن تېغىغا بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە «ئۆتۈكەن تېغىغا بارساقلا جەنۇب ، شىمال ، غەرب ، شەرقتىكى قوۋملارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ‹بىزگە ئىتائەت قىلىدۇ› دېدى .»[24] قۇتلۇق ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى . تەخمىنەن مىلادىيە 686 ـ يىلى (ۋۇ

زېتيەننىڭ چۈيگۇڭ 2 ـ يىلى) ، قۇتلۇق ئادەملىرىنى باشلاپ چۇغاي تېغىدىن چىقىپ يۈرۈشكە ئاتلاندى . «ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار) توغلا (دەرياسى) نى بويلاپ كەلدى . (ئۇلارنىڭ) ئەسكىرى 3000 ، تۈركلەر 2000 ئىدى . ئۇلار سوقۇشتى ، تەڭرى ساقلاپ . . . تۈركلەر تارمار قىلدى . (ئۇلار) دەرياغا چۈشتى . قايتىش يولىدا يەنە نۇرغۇنى ئۆلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى كەلدى . »[25] خەنزۇچە تارىخنامىلەردىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال خاتىرىلەنگەن ياكى «توڭرا ، بۇقۇت قاتارلىق قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈردى»[26] دەپ قەيت قىلىنغان . شۇ يىلى ۋۇ زېتيەن تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى باسقاۋۇلغا ئۆزگەرتتى .

قۇتلۇق قوشۇن باشلاپ چۇغاي تېغىدىن ئايرىلىپ ئۆتۈكەن تېغىغا كەلگەندىن كېيىن ، خۇددى تونيۇقۇقنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك ، كۈچى تېز ئاشتى . مىلادىيە 687 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ چۈيگۇڭ 3 ـ يىلى) ، «قۇتلۇق بىلەن ئاشىنا يۈەنجېن يەنە چاڭپىڭغا باستۇرۇپ كەلدى ، . . . خېيچىدا چاڭ جى قايتۇرما زەربە بەردى . شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ، ئۇلار يەنە شوجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كەلدى ، چاڭ جى يەنرەن ۋىلايىتىنىڭ ئۇلۇغ باشبوغى بولۇپ ، خۇاڭخۇادۇيدا ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى . . . ئوڭ قانات قوۋۇق ياساۋۇلخانىسىنىڭ كەپتاۋۇلى سۈەن باۋبى يەنە سەرخىل ئەسكەرلەردىن 13 مىڭنى باشلاپ ، ئۇلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلاندى . ئەمما ، قۇتلۇقنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ پۈتۈن قوشۇنى قىرىلىپ كەتتى . . . ۋۇ زېتيەن قاتتىق غەزەپلىنىپ قۇتلۇققا بۇزرۇك دېگەن مەرتىۋىنى بەردى . »[27] شىمالىي تۈرك قوشۇنى بۇنىڭ بىلەن قاتتىق كۆرەڭلەپ ، كۈچى تېخىمۇ ئۇلغايدۇ .

مىلادىيە 692 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ تيەنيۈ 2 ـ يىلى) ، «قۇتلۇق ئۆلدى ، ئوغلى كىچىك بولغاچقا ، ئىنىسى تەختكە

چىققتى .»⑳ بايانچۇر تەختكە چىققاندىن كېيىن ، تاڭ سۇلالىسىگە تۇتقان ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى . تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ كۈچىنى نەزەردە تۇتۇپ ، بەزلەش ۋە ئۆزىگە تارتىش تاكتىكىسىنى قوللاندى ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى قارشىلىشىش ۋە سىلىقلىشىش ئىچىدە داۋاملاشتى .

مىلادىيە 693 ـــ 694 ـ يىللىرى (ۋۇ زېتيەنىنىڭ چاڭشو 2 ـ يىلىدىن 3 ـ يىلىغىچە ھەم يەنزەي 1 ـ يىلىغىچە ) ئارىلىقىدا ، «بايانچۇر يەنە چېگرىغا تېگىش قىلدى . ‹شۆ ، خۆەيىيى شىمالىغا يۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنلار ئۇلۇغ باشبوغى ، لى دوزو ، سۇ فاڭخۇيلار سانغۇن . . . ھۆدەيچى لى جاۋدې ھەربىي يۇرۇش دورغابى ، سۇمۇرغ سارىيىنىڭ ياندىشبېگى ، خانلىق مۇئەككىلى سۇ ۋېيداۋ ھەربىي يۇرۇش ئەمىرلەشكىرى بولۇپ ، قاپىش مىڭ ، كەبۇد رېنشى ، چاچا جۇڭيى قاتارلىق 18 سەركەردە بىلەن جازا يۇرۇشىگە ئاتلاندى . ئەمما ، يېرىم يولدا يۇرۇشتىن توختاپ چېكىنىپ كەتتى .»㉙ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق يۇز تۇرانە توقۇنۇش يۈز بەرمىدى . مىلادىيە 694 ـ يىلى قىشتا ، «بايانچۇر ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى . خانىكە (ۋۇ زېتيەن ) ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، ئۇنىڭغا سول قانات ياساۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى ، ئىنتائەتمەن بەگ دېگەن ئەمەلنى بەردى .»㉚ ھەمدە مىلادىيە 695 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەنىنىڭ دېڭشېن 1 ـ يىلى ) ، «يەنە دانا كۆچمەن قاغان ( 迁善可汗 ) مەرتىۋىسىنى بەردى .»㉛

مىلادىيە 696 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەنىنىڭ توڭتيەن 1 ـ يىلى ) ، قىتانلار يىڭجۇ ئايمىقىدا ئىسيان كۆتۈردى . «يىڭجۇدىكى قىتانلاردىن بولغان دەشت ـ چۆل تۇتۇقى لى جىنجۇڭ چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى سۇن ۋەنرۇڭ بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، يىڭجۇ ئايمىقىنى ئالدى ۋە تۇتۇق جاۋ ۋېنخۇينى ئۆلتۈر-

دى . . . لى جىنجوڭ ئۆزىنى تەڭداشسىز قاغان (无上可汗) دەپ ئاتاپ ، يىڭجۇنى بازا قىلىپ ، سۇن ۋەنرۇڭنى تۇرشاۋۇللۇققا تەيىنلىدى ۋە نۇرغۇن جايلارنى ئىگىلىدى . 10 كۈندىن كېيىن ، ئەسكىرى 10 مىڭغا يەتتى . . . »[21]

قىتانلار ۋە شىمالىي تۈرك قاغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى كۈچنىڭ «چېگرىدا پاراكەندىچىلىك قىلىشى» تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن بىر ئېغىر تەھدىت ئىدى . بۇ ۋاقىتتا ، بايانچۇر ھە دەپ ئۆز كۈچىنى كۆچەيتىپ ، زېمىننى كېڭەيتىش خىيالىدا بولۇپ ، قىتانلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى . ئەمما ، ئۇ قىتانلار بىلەن بىرلىشىپ تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلماستىن ، ئەكسىچە تاڭ سۇلالىسىگە «ئۆزلىرىنىڭ خېشىدىكى ئەل بولغان قوۋمى قايتۇرۇپ بېرىلسە ، بۇنىڭ بەدىلىگە قوشۇن باشلاپ دۆلەت ئۈچۈن ئوغرىلارنى جازالايدىغانلىقىنى ئېيتتى ، خان بۇنىڭغا قوشۇلدى . شۇنىڭ بىلەن بايانچۇر قىتانلارغا قوشۇن تارتىپ ، ئۇلارنىڭ قوۋملىرىنى قاتتىق تارمار قىلىپ ، ئاتامانلىرىنى پۈتۈنلەي قولغا چۈشۈردى ۋە ئۆز كۈچىنى كۆچەيتتى . ۋۇ زېتيەن ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ئالىي دەرىجىلىك تۆرە ، ئەلتەرىش ئۇلۇغ تەڭرىقۇت مەرتىۋىسىنى بەردى ھەمدە تۆھپىكار قاغان دەپ نام بەردى . »[22] قىتانلاردىن لى جىنجوڭ ئۆلۈپ ، سۇن ۋەنرۇڭ ئۇنىڭ قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى . مىلادىيە 697 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ تۇڭتيەن 2 ـ يىلى) ، سۇن ۋەنرۇڭنى ئائىلىسىدىكى قۇلى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، ئۇنىڭ قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى شىمالىي تۈركلەرگە بېقىندى . ۋۇ زېتيەنمۇ بايانچۇرغا ئىشەنگەنلىكى سەۋەبىدىن ، «ئالتە ئايماقتىكى (فېڭجۇ ، شېڭجۇ ، لىڭجۇ ، شياجۇ ، شوجۇ ، دەيجۇ) ئەل بولغان نەچچە مىڭ چېدىرلىق تۈتۈننى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى ھەمدە يەنە 4000 پاتماندىن ئارتۇق

ئۇرۇقلۇق ئاشلىق ۋە 3000 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى بەردى .»[28]
مىلادىيە 698 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ شېڭلى 1 ـ يىلى) ، بايانچۇر ئەلچى بىلەن ئوردىغا تارتۇق ئەۋەتتى ھەم «قىزىنى ياتلىق قىلىش ئارقىلىق قۇدىلىششنى ئېيتتى .»[29] ۋۇ زېتيەن خۇەييالڭ ئىنانچىبېگى ۋۇ يەنشيۇغا بايانچۇرنىڭ قىزىنى توقاللىققا ئېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى ، ئەمما بايانچۇر ۋۇ يەنشيۇ-نىڭ تاڭ شاھزادىسى ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ ، 10 تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قوزغاپ ، ۋېيجۇ ، دىڭجۇ ئايماق-لىرىغا باستۇرۇپ كەلدى . «يۇقىرىلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈ-رۈپ ، چوڭدىن ـ كىچىككىچە ھەممىنى قىرىپ ، نۇرغۇن ئادەم-نى بۇلاپ ـ تالىدى ۋە تۇتقۇن قىلدى . ۋۇ زېتيەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ، بايانچۇرنىڭ مەرتىۋىلىرىنى بىكار قىلدى ھەمـدە ئۇنىـڭ نامىنـى چانا چۇر* (斩啜) غا ئۆزگەرتىۋەت-تى .»[30] شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ داۋاملىق «چېگرىغا ھۇجۇم قى-لىپ تۇردى .»
مىلادىيە 703 ـ يىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ چاڭئەن 3 ـ يىلى) ، «بايانچۇر باغادۇر تارقاننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ ، قىزىنى ۋەلىئەھدىنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى . ۋۇ زېتيەن ۋەلىئەھدىنىڭ ئوغۇللىرىدىن پىڭئېن بېگى جۇڭجۇن ، يىشىڭ بېگى جۇڭمىڭلارنى ئوردىغا كىرىپ كۆرۈنۈش قىلىشقا بۇيرۇدى ، بايانچۇر چوڭ سەردارى ئىلىگ تامغاننى ئوردىغا ئەۋە-تىپ قۇدىلىشىش تەلىپىنىڭ ماقۇللۇققا ئېرىشكەنلىكىگە مىننەت-دارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ، 1000 ئات ۋە ئېسىل سوۋغات-لارنى تەقدىم قىلدى .»[31] شۇنىڭدىن كېيىن ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى يەنە تۆت يىل تىنچىدى ، ئەمما تاڭ جۇڭزۇڭ لى جې تەختكە چىققاندىن كېيىن ، توقۇنۇش يەنە باشلاندى .
دەل مۇشۇنداق قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىشلار داۋامىدا ،

شىمالىي تۈرك قاغانلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن ياخشىلىنىش ئارىلىقىدا، يەنە غەربىي يۇرتقىمۇ ھۇجۇم قوزغىدى. «چۇيىگوڭ يىللىرى (مىلادىيە 685 — 688 - يىللىرى) دىن كېيىن، ئون ئوق قەبىلىلىرى ئۈزلۈكسىز بايانچۇرنىڭ ھۇجۇمىدا قىرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتتى، پەقەتلا 6 ~ 7 تۈمەن ئادەم قۇسارغا ئەگىشىپ ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ماكانلاشتى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ نەسەبى ئۈزۈلدى.»[38]

مىلادىيە 705 - يىلى (تاڭ جۇڭزۇڭنىڭ شېنلۇڭ 1 - يىلى)، جۇڭزۇڭ لى جې تەختكە چىقتى. كېيىنكى يىلى «بايانچۇر يەنە لىڭجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كەلدى... سەركەردە، ئەسكەرلەر قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئۈچ تۈمەن ئادەم ئۆلدى.»[39] ئارقىدىن ئۇ يەنە يۈەنجۇ، خۇيجۇ ئايماقلىرىغا باستۇرۇپ كېلىپ، «بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئاتنى بۇلاپ كەتتى.»[40] شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يەنە قايتىدىن جىددىيچىلىك ئىچىدە قالدى. جۇڭزۇڭ لى جې تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، بايانچۇرنى يوقىتىشنى پىلانلاپ، چېگرا بويىدا ئۈچ تەسلىم قەلئەسى (三受降城) بىنا قىلدۇردى ھەمدە قوشۇن تۇرغۇزۇپ قوغدىدى.

مىلادىيە 710 - يىلى (تاڭ رۇيزۇڭنىڭ جىڭيۈن 1 - يىلى)، رۇيزۇڭ تەختكە چىقتى، كېيىنكى يىلى «بايانچۇر يەنە قۇدىلىشىشنى ئىلتىماس قىلدى، خان قوشۇلدى.»[41] 3 - يىلى بايانچۇر ئوغلى يانۋۇچ تېگىن* (杨我支特勤) نى تاڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى، ئەمما رۇيزۇڭ كېسەل سەۋەبى بىلەن تەختتىن بوشىغانلىقتىن، قۇدىلىشىش ئىشى كېيىنگە قالدى. ھالبۇكى، شىمالىي تۈرك قاغانلىقى مۇشۇنداق توقۇنۇش ۋە ئەپلىشىش ئىچىدە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋالدى.

## 2§ . ئىككى قېتىملىق مەشھۇر ئۇرۇش

ئىككى قېتىملىق مەشھۇر ئۇرۇش شىمالىي تۈركلەرنىڭ قىرغىزلار ۋە تۈرگەشلەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قىرغىزلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنمىگەن. تۈرگەشلەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ۋاقتى قالايمىقان. تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا بۇ ئىككىلا ئۇرۇش خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ۋاقتى ئېنىق شەرھلەنمىگەن. شۇڭا، ۋاقىت مەسىلىسى جەھەتتە يەنە قىسقىچە دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىككى «تاڭنامە» دە ئۇلارنىڭ تۈرگەشلەرگە زەربە بەرگەن ۋاقتى ئوخشاشلا جىڭيۈن يىللىرىدا، يەنى مىلادىيە 710 ~ 711 - يىللىرى ئارىلىقىدا دەپ خاتىرىلەنگەن.

«قانۇنلار قامۇسى» دا بولسا جىڭيۈن 1 - يىلى، يەنى مىلادىيە 710 - يىلى دەپ خاتىرىلەنگەن.

«تەيپىڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» دە جىڭلۇڭ 2 - يىلى، يەنى مىلادىيە 708 - يىلى دەپ خاتىرىلەنگەن.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» دە يەنە كەييۈەن 2 - يىلى، يەنى مىلادىيە 714 - يىلى دەپ خاتىرىلەنگەن.

تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، جىڭلۇڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 709 - يىلى)، تۈرگەشلەرنىڭ سەردارى ساقالنىڭ ئىنىسى چانۇ* ( 遮弩 ) قوۋمى ئاكىسىنىڭكىدىن ئاز بولغانلىقىغا ئىچى كۆيۈپ، ئاسىيلىق قىلىپ بايانچۇرغا بېقىنغان ھەمدە بايانچۇرنى ئاكىسىغا ھۇجۇم قىلغۇزۇش خىيالىدا بولغان. بايانچۇر پەقەت مىلادىيە 709 - يىلىدىن مىلادىيە 714 - يىلىغىچە بولغان

ئارىلىقتىلا ئاندىن ئەسكەر چىقارغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى خاتىرە توغرا ئەمەس. مىلادىيە 708 - يىلى (جىڭلۇڭ 2 - يىلى) چانۇ تېخى بايانچۇرغا بېقىنمىغان، بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ «تەيپىڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» دىكى خاتىرىدە خاتالىق بار. پەقەت ئىككى «تاڭنەمە» بىلەن «قانۇنلار قامۇسى» دىكى خاتىرىلەردىلا جىڭيۈن يىللىرى دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ تارىخىي پاكىتلارغا خېلى ئۇيغۇن، شۇڭا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىككى يىلدا شىمالىي تۈرك قاغانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ئۆتكەن، دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بايانچۇر ئاندىن «غەربكە يۈرۈش قىلالىغان.»[12] ئەمدى تۈركچە مەڭگۈ تاشلارغا نەزەر سالغاندا، تۈرگەشلەرگە يۈرۈش قىلىش قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلىشتىن كېيىن بولغان ھەم ئارقا - ئارقىدىن جەڭلەر بولغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 710 - يىلى قىش ۋە 711 - يىلى ئەتىياز بولۇشى كېرەك. تۆۋەندە بۇ ئىككى ئۇرۇشنى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىمىز.

قىرغىزلار بىلەن قىلىنغان ئۇرۇش مىلادىيە 710 - يىلى قىشتا بولغان، تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا («تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا) بۇ ئۇرۇشنىڭ جەريانى ئاجايىپ قالتىس سۈرەتلەنگەن. «مەن (تۇنيۇقۇق) كۆگمەن (تېغى) غا بارىدىغان بىر يول بار ئىكەن، ئۇنى (قار) قاپلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ‹بۇ يولدا ماڭساق بولماسمىكىن›، دېدىم. يولچى ئىزدىدىم. چۆلۈكتىكى ئاز يۇقراسىدىن بىرنى تاپتىم... ئۇ بۇرۇن بۇ يول بىلەن ماڭغانىكەن. سورىدىم، ئۇ بۇرۇن بىر ئاتلىق كىشىنىڭ بۇ يول بىلەن ماڭغانلىقىنى ئېيتتى. ئويلانغاندىن كېيىن: ‹ئۇ يول بىلەن ماڭساق بولىدىكەن›، دەپ قاغانىمدىن ئۆتۈندۈم. قوشۇن چىقارتتىم. ‹دەريادىن ئاتلىق ئۆتۈڭلار›، دېدىم. ئاق تەرمەل

دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، قوشۇننى توختاتتىم ، ئاتلىقلارنى قارلارغا بۆسۈپ يول ئاچقۇزدۇم . ئاتلارنى يېتىلەتكۈزۈپ ، تاياقتا تايانغۇزۇپ پىيادە (تاغقا) چىقارغۇزدۇم . سەركەردىلەر (قار - مۇزلارنى) ئاچتى ، بىز ئورمانلىق چوققىلاردىن ئاشتۇق . ناھايىتى مۈشكۈلدە تاغدىن چۈشتۇق . ئون كېچە - كۈندۈز (تاغ) يېنىدىكى توسالغۇلارنى ئەگىپ ماڭدۇق . يولچى ئاداشقاچقا بوغۇزلاندى . . . بىز ئانى دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭدۇق . يولدا قوشۇننى ساناش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈردۇق ، ئاتلارنى دەرەخلەرگە باغلاپ قويدۇق . . . تۈننى تۈن ، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي شامالدەك تېز يۈردۇق . قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق . . . ئۇرۇشتۇق ، (قىرغىزلارنىڭ) قاغانىنى ئۆلتۈردۇق ، قىرغىز خەلقى قاغانىمىزغا بويسۇندى . (شۇنىڭ بىلەن) ھەممەيلەن يېغىلىپ ، كۆگمەن تېغىنى بويلاپ ياندۇق .»[43] بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ھەقىقەتەنمۇ بىر قېتىملىق مۆۋەپپەقىيەتلىك ھۇجۇم بولۇپ ، ئۇنى ئېلىمىز تارىخىدىكى بىر مەشھۇر ئۇرۇش دېيىشكە بولىدۇ .

قىرغىزلار بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ زېمىنى كېڭىيىپلا قالماي ، ئېلىمىز كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ھەيۋىسىمۇ ئاشقان ، شۇنداقلا قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ ئۆسكەن .

ئەمما غەلىبە يەنە يول باشچىلارنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ ، رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى زىددىيەتلەرنى ئاشكارىلاپ قويدى . بۇ ۋاقىتتا ، دەل تۈرگەشلەرگە يۈرۈش قىلىش پىلانلىنىۋاتقان بولۇپ ، بايانچۇر تۇنيۇقۇقنى چەتكە قېقىشقا باشلىدى . تۇنيۇقۇق بۇ ھەقتە ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەرنى قالدۇرغان .

تۇنيۇقۇقنىڭ بايانىغا قارىغاندا ، قىرغىزلار مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ، «ئايغاقچىلار» دىن تۈرگەشلەر ، غەربىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇم قىلماق-

چى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر كەلگەن . ئەمما ، باياد-
چۇر «ئۆيىگە قايتىپ مۇسىبەت ئىشلىرىنى (بۇ ۋاقىتتا قاغاننىڭ
خاتۇنى قازا تاپقان . لېكىن ، قۇتلۇقنىڭ خاتۇنىمۇ ياكى بايانچۇر-
نىڭ خاتۇنىمۇ ئېنىق ئەمەس ) بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان »[44]
ھەمدە تۇنيۇقۇققا : «سەن قوشۇن باشلاپ ئاتلىنىپ ، . . . ئال-
تۇنتاغ (ئالتاي ) غا ئورۇنلاش ، . . . ئەگەر ئۇلار بېسىپ
كەلسە ، خەۋەرچىلەرنى كۆپەيت . كەلمىسە ، تىل (ئەسىر ) تۇ-
تۇپ ، سۆزىنى توپلاپ تۇر . . . »[45] دەپ كۆرسەتمە بەرگەن . بۇ
ئەمەلىيەتتە تۇنيۇقۇقنى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر قاتارىدىن سى-
قىپ چىقارغانلىق ئىدى . تۈرگەشلەرگە يۈرۈش قىلىش قارار
قىلىنغاندىن كېيىن ، بايانچۇر يەنە جىيەنى بەگلەن· ( 默棘连 )
(يەنى «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا تىلغا ئېلىنغان ئابا تارقان )
گە : «بىلگە تۇنيۇقۇق يامان ئادەم ، قارا نىيەتى بار ، ئەگەر ئۇ
قوشۇن چىقىرىمەن دېسە ئۇنىماڭلار »[46] دەپ مەخپىي گەپ ئەۋەت-
كەن ۋە تۇنيۇقۇققا : «ئورنىڭدا (ئالتاي تېغىدا ) تۇرۇۋەر ،
ئاتلىق قاراۋۇللارنى ياخشى ئۇيۇشتۇر (يەنى ياخشى مۇداپىئە كۆر
دېگەن مەنىدە ) »[47] دېگەن .
بايانچۇر تۇنيۇقۇققا نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق ئىشەنمەيدۇ
ھەم ئۇنى چەتكە قاقىدۇ ؟ بۇ ئېھتىمال «ئون يەتتە قېتىم تابغاچ-
لار ، يەتتە قېتىم قىتانلار ، بەش قېتىم ئۇيغۇرلار بىلەن سوقۇ-
شۇشتا »[48] ، بولۇپمۇ قىرغىزلا بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا ئۇنىڭ
تۇنيۇقۇقنىڭ ئاجايىپ قوماندانلىق تالانتىغا ھەسەت قىلغانلىقى
سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن .
بايانچۇر تۇنيۇقۇقنى چەتكە قاققاندىن كېيىن ، يەنە ئۇرۇش-
خۇمارلىقى تۇتۇپ تۈرگەشلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى ، بۇنىڭ بىلەن
نۇرغۇن تۈركلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى . ئۇ غەربىي تۈركلەر-
نىڭ ئىشىغا مەسئۇل سەركەردىسى موگىليان ۋە ئىنىسى كۆل
تېگىننى ئاۋۋال يۈرۈشكە ئاتلاندۇرۇپ ، «2 تۈمەن ئەسكەر بى-

لەن ساقالغا ھۇجۇم قىلدى .»[49] تۇنيۇقۇق تەنھا قوشۇن تارتىپ ئىچكىرىلەپ كىرىشنىڭ خەۋپلىكلىكىنى چۈشەنگەچكە ، «سىرتـ تىكى سەركەردە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سالماپتۇ» دېگەنـ دەك ، ئۆز مەيلىچىلا قوشۇنلىرىنى كەينىگە چېكىندۇردى . ئەمـ ما ، ئۇ ئەرتىش دەرياسى بويىغا يېتىپ بارغاندا ، ئالدىنقى سەپـ تىن جەڭنىڭ جىددىي داۋاملىشىۋاتقانلىقى ، كۆل تېگىن نەچچە رەت ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ ، تۈرگەشلەرنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك غول قوشۇن بىلەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانـ لىقى ، بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىدە تەۋرىنىش پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى . شۇنىڭ بىلەن تۇنيۇقۇق دەرھال قوشۇن باشلاپ يېتىپ بېرىپ ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇردى ۋە « ‹بىز نېمىشقا تېزىپ كېتىمىز ؟ ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ كۆپلۈكىدىن نېمە ئۈچۈن قورقۇپ كېتىمىز ؟ ئادىمىـ مىزنىڭ ئازلىقى تۇپەيلىدىن ، ئۇلاردىن يېڭىلىپ قالامتۇقمۇ ؟› ، دەپ ئۇلارغا تېگىش قىلىپ ، ئۇلارنى يېڭىپ خاننى تۇتتى .»[50] شىمالىي تۈركلەر تۇنيۇقۇقنىڭ قوماندانلىقىدا تۈرگەشلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن يىنچۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، ئۇدۇل تۆمۈر قاپقىغىچە كەلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، يەنە تۈرلۈك قىـ يىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، ئۆزىنى مۇستەھكەملەشكە مۇۋەپپەق بولـ دى .

بايانچۇر ھەربىي تەدبىر بەلگىلەشتە خاتالىشىپ ، نۇرغۇن سەركەردە ـ ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن ھەم سىرتـ تىكى تۇنيۇقۇقنى چەتكە قېقىپ ، جەڭدە پايدىسىز ئەھۋالغا ئۇچـ رىغانلىقتىن ، ئاچچىقىدا دەردىنى ئۆزىنى ۋەسۋەسىگە سالغان چانۇدىن ئالدى . «بايانچۇر 2 تۈمەن ئەسكەر بىلەن ساقالغا ھۇـ جۇم قىلىپ ، ئۇنى تىرىك تۇتقاندىن كېيىن ، چانۇغا : ‹ئاكاڭ بىلەن ئەپ ئۆتمىگەن ئادەم ، ماڭا قانداق خىزمەت قىلىسەن› ، دەپ ، ئاكا ـ ئۇكا ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى .»[51]

بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىق، شىمالىي تۈرك قاغانلىقى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يېتىپ، تۈرك تارىخىدا بىر شانلىق سەھىپە قالدۇردى. بۇ تۆھپىلەر ئەلۋەتتە تونيۇقۇققا مەنسۇپ. ئۇ بىر تالانتلىق ھەربىي ئالىم ھەم دانا سىياسىئون بولۇپ، بايانچۇرنىڭ ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۆزگەرگەندە، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى، بىلگە قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن، يەنە قايتا ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى.

## §3. بىر قېتىملىق مۇھىم سىياسىي ئۆزگىرىش

بايانچۇر شىمال، جەنۇب، شەرق، غەرب تەرەپلەرگە قوشۇن تارتىپ بىر قاتار نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىمالىي تۈرك قاغانلىقى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. «شەرقتىن غەربكىچە 10 مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان زېمىننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، قوشۇنى 400 مىڭغا يېتىپ، ئىنتايىن كۈچىيىپ»[1]، ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن تۈرك قاغانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈردى. ھالبۇكى، بايانچۇر بىر دانا سىياسىئون بولماستىن، بىر ئەلەمدارلا بولغاچقا، «ئۆز كۈچىنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ، قوۋملىرىنى ئەزدى.»[2] شۇنىڭ بىلەن بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى قوزغىلىپ، ئۇلار ئىسيانكارلىق يولىغا قاراپ ماڭدى.

مىلادىيە 714 ــ يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 2 ــ يىلى)، بايانچۇر «ئوغلى ئىنال قاغان، تۇڭا تېگىن ۋە كۈيۈسى قوبا ئەلتەبىر شىغا شادابىت»ـ (火拔颉利发石阿失毕) نى سەر

خىل چەۋەندازلار بىلەن بەشبالىققا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى . ئوڭ قانات شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنى گوچيەن . . . سېپىل تۇۋىدە تۇتقا تېگىننى تىرىك تۇتۇپ كاللىسىنى ئالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چېكىندى ، ئەمما قايتىپ بېرىشقا پېتىنالماي ، خوتۇنى بىلەن بىللە قېچىپ كېلىپ ئەل بولدى . . . »[54] شۇ يىلى «كۆل ئېركىن* ( 屈利颉斤 ) ۋە ئۈچ ئۇبا تۇتار* ( 三姓乌婆都担 ) قاتارلىقلارمۇ ئاستىرتتىن بىگجۇ ئايمىقىغا كېلىپ ئەل بولدى . »[55]

مىلادىيە 715 - يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 3 - يىلى ) يەنە «ئون ئوق قەبىلىلىرىدىن (غەربىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋمىلىرى ) سول شاد بەش تۇغلۇقلار ، ئوڭ شاد بەش ساداقلىقلارنىڭ شاداپىت ئېركىنى ھەمدە ئوغلى ، كۈيئوغلى . . . قاتارلىقلار قوۋمىرىنى باشلاپ ئەل بولۇشقا كەلدى . ئىلگىر - كېيىن بولۇپ كەلگەنلەر جەمئىي 10 مىڭ چېدىردىن ئاشتى . »[56] شۇ يىلى ، قىتانلارنىڭ سەردارى لى شىغا* ( 李失活 ) «بايانچۇرنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ ، قوۋمىلىرىنى باشلاپ ئاستىرتتىن كېلىپ ئەل بولدى . »[57] بۇ مەزگىلدە يەنە قارلۇق ، سۇنىش قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ شىمالىي تۈرك قاغانلىقىدىن يۈز ئۆرۈگەنىدى ، ئۇيغۇرلار بولسا تۇمىدتىن باشلاپلا تاڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن شىمالىي تۈرك قاغانلىقى گەرچە نامدا «بەش قېتىم باستۇرغان» بولسىمۇ ، ئەمما بويسۇندۇرالمىغانىدى . ۋارتى بەگ* ( 伏帝匐 ) قاغان بولغاندىن كېيىن ، ئۇلار يەنە «تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ بايانچۇرغا ھۇجۇم قىلدى . »[58]

يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدىمۇ ، بايانچۇر يەنىلا «ئۆز كۈچىنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ يۇرۇۋەردى . » مىلادىيە 716 - يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 4 - يىلى ) ، ئۇيغۇر ۋە بايىرقۇ

قەبىلىلىرىگە قوشۇن تارتتى ، بايىرقۇلار تەلەي كېلەلمەي مەغلۇپ بولدى ، شۇنىڭ بىلەن بايانچۇر «نۇسرەت قۇچۇپ مەغرۇر قايتتى . ئەمما ، ھۇشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن ، يولدا ئورمان ئىچىگە مۆكۈنۈۋالغان بايىرقۇلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراپ ئۆلدى . بايىرقۇلار ئۇنىڭ كاللىسىنى ئەلچى چىلىكچۈەن ئارقىلىق پايتەختكە يوللاپ بەردى . »[6]

بايانچۇر شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئىرىشكەنىدى . ئەينى ۋاقىتتا ، قۇتلۇقنىڭ ئوغلى كۆل تېگىن تېخى كىچىك بولۇپ ، 16 ياشقا كىرگەندە ، بىر باتۇر سەركەردە بولۇپ يېتىلدى ۋە نۇرغۇن شىددەتلىك جەڭلەرگە قاتناشتى . بىلگە قاغان ئۇنىڭغا ئاتاپ يازغان مەڭگۈ تاش پۈتۈكىدە ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا «ئات ئالماشتۇرۇپ» جەڭگە كىرگەنلىكى ئارقىلىق ، ئۇنىڭ باتۇر ۋە قەيسەرلىكىنى ناھايىتى ئەتراپلىق تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى . «ئۇ 16 ياش ۋاقتىدا ، تاغام قاغان دۆلەت ۋە ياساقنى ئەنە شۇنداق قولغا كەلتۈردى . بىز ئالتە چۇپ سوغداققا يۈرۈش قىلدۇق . تابغاچنىڭ ۋاڭ تۇتۇقى 5 تۈمەن ئەسكىرى بىلەن كەلدى ، بىز ئېلىشتۇق . ئۇ ئۇقتەك ئېرىپ ، ۋاڭ تۇتۇقنىڭ قېيىنئىنىسىنى قولىدىكى قورالى بىلەن (ئەسىرگە ئېلىپ ) قاغان (بايانچۇر ) غا تەقدىم قىلدى . ‹بىز› ، ئۇ يەردە ئۇلارنى يوقاتتۇق . ئۇ 21 ياش ۋاقتىدا ، بىز چاچا سەنگۈن بىلەن سوقۇشتۇق . دەسلەپتە ، ئۇ تادىقىن چۇرنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى ، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى . ئىككىنچى قېتىم ئىشبارا يامتارنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى ، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى . ئۈچىنچى قېتىم يەگىن سىلىگ بەگنىڭ رالمالىق (يوپۇقلۇق ) تورۇق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى ، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى . . . قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدۇق . . . كۆل تېگىن بايىرقۇنىڭ بوز

ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى . . . ئۇ جەڭ قىلىۋاتقاندا ، بايىر-
قۇنىڭ بوز ئايغىرىنىڭ يوتىسىنى چېپىپ تاشلىدى . . . شۇ
يىلى . . . تۈرگەشلەرگە يۈرۈش قىلدۇق . . . كۆل تېگىن باشغۇ
(دېگەن ) بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى . . . 30 ياشلاردا
ئۇبا تۇرشالچىنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى . . . قار-
لۇقلارنى ئۆلتۈردۈق ۋە بېقىندۇردۇق . . . »[80] مۇشۇنداق بىر
شەخس شۈبھىسىزكى شىمالىي تۈرك قاغانلىقىدا يۈكسەك ئابرۇي
قازانماي قالمايتتى .

بايانچۇرنىڭ قالايمىقان قوشۇن تارتىشىدىن قاغانلىق مالى-
مانچىلىققا ۋە ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى . كۆل تېگىن بايان-
چۇرنىڭ تەختنى تارتىۋالغانلىقىغا بۇرۇندىنلا نارازى بولۇپ يۈ-
رەتتى ، شۇڭا قاغانلىق ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندا ، ئۇ
كەسكىنلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە «بۇ-
رۇنقى قوۋملىرىنى يىغىپ ، باياپچۇرنىڭ ئوغلى كىچىك قاغاننى ،
ئىنىلىرىنى ۋە يېقىنلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ ، ئاكىسى سول
قول شاد موگىلياننى بىلگە قاغان قىلىپ تىكلىدى .»[81]

بۇ قېتىمقى مۇھىم سىياسىي ئۆزگىرىش زاۋاللىققا يۈزلەن-
گەن شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قال-
دى .

بەگلەن «يۇمشاق كۆڭۈل» بولغانلىقتىن ، كۆل تېگىننىڭ
ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ، ئۆزىنى قاغان قىلىپ قويغىنىدىن
كۆڭلى ئەنسىزلىككە چۈشۈپ تەختنى ئۇنىڭغا ئۆتۈندى . ئەمما ،
كۆل تېگىن قوبۇل قىلمىغانلىقتىن ، ئامالسىز تەختكە چىقىشقا
مەجبۇر بولدى ۋە ئۇنى سول قول شاد قىلىپ تەيىنلەپ ، ئەسكە-
رىي ھوقۇقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى . يەنە ھاكىمىيەتنى تەرتىپكە
سېلىش ئۈچۈن ، ئالايتەن تاغ ئارىسىغا بېرىپ ماكانلىشىۋالغان
مەشھۇر سىياسىئون تونيۇقۇقنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى ، شۇ-

نىڭ بىلەن شىمالىي تۈرك قاغانلىقىدا يەنە يېڭى قىياپەت بار-
لىققا كېلىپ، «تەسلىم بولۇپ كەتكەن ئارسلان ئەدىز-
تاي» (阿悉兰跌思泰) قاتارلىقلارمۇ خېچۇدىن كېلىپ ئەل
بولدى.»[63] بۇنىڭ بىلەن، شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھەيۋىتى
قايتىدىن ئاشتى.

شىمالىي تۈرك قاغانلىقى قايتىدىن ئەمىنلىككە ئېرىشكەن-
دىن كېيىن، بىلگە قاغان جەنۇبقا باستۇرۇپ بېرىپ تاڭ سۇلالى-
سىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئەمما، تۇنيۇقۇق بۇنى خوپ
كۆرمەي: «تاڭ پادىشاھى پاراسەتلىك ھەم ئىستىبداتلىق، ئادەم
ھەم بايلىقلىرى كۆپ، پۇرسىتى كەلمەي تۇرۇپ ئۇلارغا ھەرد-
كەت قوللانماسلىق كېرەك... بىز ئەمدىلەتىن ئۇيۇشتۇق،
تېخى ئۆزىمىزنى رۇسلىۋالمىدۇق، چوقۇم بىرنەچچە يىل ئوب-
دان دېمىمىزنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇ-
شىمىز لازىم»[64] دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىلگە قاغان يەنە
شەھەر – قەلئە قۇرۇپ، ئىبادەتخانىلارنى سېلىپ، ئۆرپ –
ئادەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى، ئەمما تۇنيۇقۇق بۇنىمۇ ماقۇل
كۆرمەي: «تۈرك قوۋمى ئاز، تاڭ ئاھالىلىرىنىڭ يۈزدىن بىرد-
گىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، ئۇلار بىلەن قارشىلىشالىشىمىزنىڭ سە-
ۋەبى شۇكى، بىز سۇ ۋە ئوت – چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ
يۈرىمىز، بىر يەردە ئۇزۇن تۇرمايمىز. ئوۋچىلىقنى كەسىپ،
ئەلەمنى ئادەت قىلغانمىز. كۈچەيگەندە قوشۇن تارتىپ باسقۇن
قىلىمىز، ئاجىزلاشقاندا تاغ – ئورمانلارغا بېكىنىۋالىمىز، تاب-
غاچلارنىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ ھېچنېمە قىلالمىغان.
مۇبادا شەھەر – قەلئە قۇرۇپ ماكانلىشىپ ئەسلى ئادىتىمىزنى
ئۆزگەرتسەك، كۈنلەردىن بىرى ئۇتتۇرۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا تاب-
غاچلار چوقۇم بىزنى يۇتۇۋالىدۇ، ئىبادەتخانا سېلىپ تەرىقەتكە
بېرىلىشمۇ كىشىنى رايىشلىققا ئۆگىتىدۇ، ئەلەم بىلەن كۈچە-

يىش يولىدىن قايتۇرىدۇ ، شۇڭا بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ»[®]
دېدى . شۇنىڭ بىلەن ، بىلگە قاغان ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ توختاپ قالدى ۋە ئۇنىڭ پىلانلىشى ئاستىدا قاغانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ھەم تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى .

ئىچكى قىسمىغا قارىتا ، بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە «كۆپلىگەن مۇھىم قانۇن ـ پەرمانلارنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى .»[®] ئەمما ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، بۇلار كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇلغان . بىراق «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا بۇ قانۇن ـ پەرمانلارنىڭ روھى ئاساسەن مۇجەسسەملەنگەن . بىرىنچىدىن ، قاغانلىقنى قوغداش بەلگىلەنگەن ؛ ئىككىنچىدىن ، قاغانلىق ئىچىدە نامراتلار باي ، ئازلار كۆپ قىلىنغان ؛ ئۈچىنچىدىن ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئېنىق ئايرىلىپ بەلگە تاش ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ؛ تۆتىنچىدىن ، سىرتتىكىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنىپ ، ئۇلار غەمدىن خالاس قىلىنغان ؛ بەشىنچىدىن ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشتۇرۇلغان . مەسىلەن ، ئۇرۇشتا زەربىگە ئۇچرىغان تۈرگەشلەرگە بىلگە قاغان «كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلغان . . . [ئۇلارنىڭ] قىزىنىمۇ كاتتا مۇراسىم بىلەن ئۆز ئوغلىغا ئېلىپ بەرگەن .»[®]

سىرتقا ، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارىتا بىلگە قاغان دوستلۇق سىياسىتىنى قوللاندى ، شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق چوڭ توقۇنۇش يۈز بەرمىدى . مىلادىيە 724 ـ يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 12 ـ يىلى) ، بىلگە قاغان ۋەزىرى ئەلتەبىرنى ئەۋەتىپ تويلىشىشنى تەلەپ قىلدى . ئەمما ، «ئەلچى يەڭگىللىك قىلىپ ، رەسىم ـ قائىدىلەرنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىكتىن ، تويلىشىش تەلىپى ماقۇللۇققا ئېرىشەلمىدى .»[®] مىلادىيە 727 ـ يىلى (تاڭ

شۇەنزۇڭنىڭ كەييۇەن 15 ـ يىلى ) ، تىبەتلەر بىلگە قاغانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ ، بىرلىشىپ تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئېيتتى ، ھالبۇكى بىلگە قاغان «چوڭ ۋەزىرى بۇيرۇق چۇرنى ئوردىغا ئەۋەتىپ ، ئېسىل ئاتلاردىن 30 تۇياق ھەدىيە قىلدى . . . ھەم (تىبەتلەرنىڭ ) خېتىنى تاپشۇرۇپ بەردى ، خان ئۇنىڭ سەمىمىيىتىدىن خۇشاللىنىپ ، بۇيرۇق چۇرغا زىجېن قەسرىدە كاتتا زىياپەت بەردى ۋە مول ئىنئاملارنى تارتۇق قىلدى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شوفاڭ قورۇلىنىڭ غەربىدىكى تەسلىم قەلئەلىرىدە سودا قىلىشقا يول قويۇپ ، ھەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ توپ تاۋار ـ دۇردۇننى ئۇلار ھەدىيە قىلىپ تۇردى . »[71]

مىلادىيە 732 ـ يىلى (تاڭ شۇەنزۇڭنىڭ كەييۇەن 20 ـ يىلى ) ، كۆل تېگىن ئالەمدىن ئۆتتى ، تاڭ شۇەنزۇڭ لى لوڭجى «مۇھاپىزەتچىلەر ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنى جاڭ چۇيى ، ئوردا كاتاۋۇلى لۇشياڭنى مەكتۇپ بىلەن تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتى ھەم ئۇنىڭ نامىغا ئابىدە تىكلەپ ، ئابىدە تېكىستىنى ئۆزى يېزىپ بەردى . يەنە ئۇنىڭغا ئاتاپ تاۋاپخانا سالدۇرۇپ ، تاشتىن ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ ، تاۋاپخانىنىڭ تۆت تېمىغا جەڭ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەتكۈزدى . »[72] مىلادىيە 734 ـ يىلى (تاڭ شۇەنزۇڭنىڭ كەييۇەن 22 ـ يىلى ) ، بىلگە قاغان ۋەزىرى بۇيرۇق چۇر تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇيرۇق چۇر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى قەتلى قىلدى . ئەمما ، مۇشۇ سەۋەبتىن بىلگە قاغانمۇ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى . تاڭ شۇەنزۇڭ لى لوڭجى يەنە «تەرگىن لى چۈەننى تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتى . . . ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئابىدە تىكلەپ تاۋاپخانا سالغۇزۇپ ، ئوردا سالنامىچىسى لى رۇڭغا ئابىدە تېكىستىنى پۈتۈشكە بۇيرۇدى . »[73]

بىلگە قاغان تەختكە چىققاندىن باشلاپ ، شىمالىي تۈرك

قاغانلىقى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ داغدام يولىغا قاراپ ماڭدى، بۇنىڭدا ئەلتۆەتتە بىلگە قاغان، تونيۇقۇق، كۆل تېگىنلەرنى تۆھ-پىكار دېيىشكە بولىدۇ.

## § 4 . شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى

شىمالىي تۈرك قاغانلىقى بىلگە قاغان، تونيۇقۇق، كۆل تېكىنلەر تۈزگەن سىياسەت ھەم باشلىغان يول بويىچە ئۈزلۈك-سىز تەرەققىي قىلىپ، تۈرك خەلقى گۈللىنىشكە ھەم كۈچە-يىشكە مۇۋەپپەق بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ دەۋرى-گە كەلگەندە، ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى تۈپەيلىدىن قاغانلىق ۋە خەلق ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى.

بىلگە قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى تەڭرى ياراتمىش (ئىرەن) قاغان بولدى. تاڭ شۈەنزۇڭ لى لوڭجى تەرگىن لى چۈەننى تەزىيە بىلدۈرۈشكە ھەم مەرتىۋە بېرىشكە ئەۋەتتى. ئەمما، تەڭرى ياراتمىش قاغانمۇ تەختكە چىقىپ سەك-كىز يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىنىسى تەڭرى* (登利) چىقتى. تاڭ شۈەنزۇڭ لى لوڭجى بۇ قېتىممۇ يەنە ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنىنى تەزىيە بىلدۈرۈش-كە ھەم مەرتىۋە بېرىشكە ئەۋەتتى.

تەڭرىنىڭ ئانىسى سا بەگە* (婆匐) خاتۇن بىلگە قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە قايتا ياتلىق بول-مىدى، ئەكسىچە كىچىك ۋەزىر چىگىز تارقان* (饮斯达干) بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلدى ھەمدە قاغانلىق ھاكىمىيىتىنى چاڭ-گىلىغا ئېلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن قاغانلىقتا مالىمانچىلىق قوز-غالدى. «تەڭرىنىڭ ئىككى تاغىسى بولۇپ، ئۇلار شەرق ۋە

غەرب تەرەپتىكى ئەسكەرلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئوڭ شاد ۋە سول شاد دەپ ئاتىلىپ، پۈتۈن قوشۇنلارنى ئۆزىگە قارام قىلغانىدى.»[74] سا بەكە خاتۇن بىلەن چىڭىز تارقان ھەربىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش نىيىتىدە تەڭرى قاغاننى ئوڭ شادقا سۇيىقەست قىلىشقا زورلىدى، «قاغان ئانىسىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئوڭ شادنى ئۆلتۈرۈپ، ئەسكەرلىرىنى تارتىۋالماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن سول شاد بۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىپ تەڭرى قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.»[75] تەڭرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سول شاد پان كۆل تېگىن بىلگە قاغاننىڭ ئوغلىنى قاغان قىلىپ تىكلىدى، «ئەمما ئۇ قۇتلۇق يابغۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى قاغان بولۇپ تىكلەندى، بىراق ئۇمۇ يەنە ئۆلتۈرۈلۈپ، قۇتلۇق يابغۇ ئۆزى قاغان بولدى.»[76] ھالبۇكى، خەلق ئۇنىڭغا بويسۇنماي «يەنە پان كۆل تېگىننىڭ ئوغلى ئۆزمىشنى قاغان قىلىپ تىكلىدى.»[77]

دېمەك، قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە بەش قاغان ئالماشتى، بۇنىڭدىن شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تولىمۇ قالايمىقانچىلىقتا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مىلادىيە 742 ـ يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 1 ـ يىلى)، شىمالىي تۈرك قاغانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەر بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، باسمىللارنىڭ سەردارىنى ئەلتەرىش قاغان قىلىپ تىكلىدى، «(قۇللىغ) بويلا ۋە قارلۇقلارنىڭ سەردارى ئوڭ ھەم سول يابغۇ بولۇپ، باسمىللارنىڭ ئۆزمىش قاغانغا زەربە بېرىشىگە ھەمدەم بولدى.»[78] شۇنىڭ بىلەن، شىمالىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكىلەر بەس ـ بەس بىلەن قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە كېلىپ پاناھلاندى. «غەربىي شادنىڭ خوتۇنى ۋە بايانچۇرنىڭ

نەۋرىسى بودىرچى تېگىن" ( 物德支特勤 )، بىلگە قاغاننىڭ قىزى مەلىكە تالاغ" ( 大洛 ) ، تەڭرى ياراتمىش قاغاننىڭ توقدىلى ئۇسەك بەكە" ( 余塞匐 ) ، تەڭرى قاغاننىڭ قىزى مەلىكە ئۇجۇق" ( 余烛 ) ۋە ئايباش ئەلتەبىر قاتارلىقلار قوۋملىرىنى باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ئەل بولدى » .[79]

ئۆزمىش قاغان باسمىللارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىش ئارقىسىدا ئاخىر مىلادىيە 744 - يىلى تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى ، «ئورنىغا ئىنىسى بولمىش تېگىن ئۇران بەگ چىقىپ ، بولمىش قاغان دەپ ئاتالدى . »[80] تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە ئۇيغۇر ، قارلۇقلار باسمىل قاغاننى ئۆلتۈرۈپ ، «ئۇيغۇرلاردىن قۇللىغ بويلا ھاكىمىيەت تىكلەپ ، قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان دەپ ئاتالدى »[81] ۋە تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئۇيغۇر خانلىقى مەيدانغا كېلىپ ، بولمىش قاغان ئەمەلىيەتتە بىر سەرگەردانغا ئايلىنىپ قالدى .

مىلادىيە 745 - يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 4 - يىلى ) ، «توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى قۇللىغ بويلا ۋە ئىنىسى ئارسلان تېگىن شاد بولمىش قاغاننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئوردىغا يوللاپ بەردى . »[82]

شۇنىڭ بىلەن تۈرك قاغانلىقى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي مۇساپىسىنى تاماملاپ ، ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزىنىڭ يېڭى تارىخىي سەھىپىسىنى باشلىدى .

ئىزاھلار :

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر » ، 195 - جىلد
② «كىتابلار جەۋھىرى » ، 985 - جىلد
③⑩⑪⑫⑬⑮⑯ «كونا تاڭنامە . گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر »
④ «كونا تاڭنامە . شياۋ سىيېنىڭ تەرجىمىھالى »
⑤⑥⑦⑦④⑦⑤⑦⑥⑦⑦⑦⑨⑧⓪⑧① «يېڭى تاڭنامە . تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ بېشى »

(64)(65)(69)(71)(72)(73)(79)㊲(52)(54)(63)(56)(59)(61)(62)(63)⑦⑨⑰⑱㉗㉛㉝㉞㊱
«كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ بېشى»

⑧(60) تۈركچە «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»

⑭ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»

⑲⑳㉑㉒㉓㉔㉕㊸㊹㊺㊻㊼㊽㊿ تۈركچە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»

㉖ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 202 ـ جىلد

㉙㉘ «كونا تاڭنامە. شۆ خۇەيىينىڭ تەرجىمىھالى»

㉚㉜ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 205 ـ جىلد

㉟ «كونا تاڭنامە. خانىش ۋۇ زېتيەن ھەققىدە خاتىرىلەر»

㊳ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ ئاخىرى»

㊴㊵ «كونا تاڭنامە. جۇڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»

㊶ «كونا تاڭنامە. زۇيزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»

㊷ «ئۈچ تەسلىم قەلئەسى ئابىدە بېغىشلىمىلىرىغا مۇقەددىمە»

㊾(51) «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ ئاخىرى».

(55) كىتابلار جەۋھىرى

(57) «كونا تاڭنامە. قىتانلار تەزكىرىسى»

(58)(78) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»

(66)(67) تۈركچە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»

(68) «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 212 ـ جىلد

(70)(80)(82) «كىتابلار جەۋھىرى»، 975 ـ جىلد

## شىمالىي تۈرك قاغانلىقى قاغانلىرىنىڭ سەلتەنەت نەسەبنامىسى

ئەلتەرىش قاغان (مىلادىيە 682 ~ 692 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ـــ بايانچۇر قاغان، قۇتلۇقنىڭ ئىنىسى (مىلادىيە 692 ~ 716 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ـــ بىلگە قاغان، قۇتلۇقنىڭ ئوغلى (مىلادىيە 716 ~ 734 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ـــ تەڭرى ياراتمىش قاغان، بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 734 ~ 742 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ـــ تەڭرى قاغان، تەڭرى ياراتمىش قاغاننىڭ ئىنىسى (مىلادىيە 742 ـ يىلى تەختتە ئولتۇرغان) ـــ بولمىش قاغان، غەربىي شاد پان كۆل تېگىننىڭ ئوغلى (مىلادىيە 742 ~ 743 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان).

## سەككىزىنچى باب

# تۈركلەرنىڭ ئىگىلىكى

ئىقتىساد ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىي شەرتى، شۇنداقلا ئىقتىساد جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، قانداق شەكىلدىكى ئىقتىساد بولسا شۇنداق شەكىلدىكى جەمئىيەت بولىدۇ، ئىقتىساد ئۆزگەرسە، جەمئىيەتمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگىرىدۇ. ئىقتىساد ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، جەمئىيەتمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ.

تۈركلەرنىڭ ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق ئاساس، قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك قوشۇمچە بولغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە يەنە دېھقانچىلىقمۇ بارلىققا كەلگەن. بۇ ۋاقىتتىكى تۈركلەرنىڭ ئىگىلىكىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ياكى كۆپ خىل ئىگىلىك دېيىشكە بولسىمۇ، ئەمما چارۋىچىلىق يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

نوقۇللا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەت تارىختا مەۋجۇت بولمىغان ياكى ئىنتايىن ئاز بولغان.

## § 1 . دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق

تۈركلەر چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، قاغانلىق پارچىلانغاندىن كېيىنلا، ئاندىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بىراق، يەنىلا چارۋىچىلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

چارۋىچىلىق تۈركلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھەم ئىگىلىك ئاساسى ئىدى. دېھقانچىلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇمۇ مەلۇم دەرىجىدە قاغانلىقنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

تارىخنامىلەردە تۈركلەر «سول پەشلىك كەمزۇل كېيىدۇ، يۇمىلاق چېدىردە ئولتۇرىدۇ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ»[1] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە تۈركلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىكەنلىكى، چارۋىچىلىقنىڭ ئۇلارنىڭ ئىگىلىك ئاساسى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شىمالىي تۈرك قاغانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىلگە قاغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش غەرىزىدە بولغان، ئەمما زور ئابرۇيغا ئىگە ۋەزىر تۇنيۇقۇق بۇنى خوپ كۆرمەي، «تۈركلەر . . . ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، بىر يەردە ئۇزۇن تۇرمايدۇ، ئوۋچىلىقنى كەسىپ، ئەلەمنى ئادەت قىلغان، كۈچەيگەندە قوشۇن تارتىپ باسقۇن قىلىدۇ، ئاجىزلاشقاندا تاغ - ئورمانلارغا بېكىنىۋالىدۇ، تابغاچلارنىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ ھېچنېمە قىلالمىغان.»[2] دەپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

تۈركلەرنىڭ زادى قانچىلىك چارۋىسى بارلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ قانچىلىك جەڭ ئېتى بارلىقىنى ھەرھالدا قىياس قىلغىلى بولىدۇ. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، مۇقان قاغان جۇ خانلىقىغا ياردەملىشىپ چى خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغاندا «10 تۈمەن چەۋەنداز بىلەن ئاتلانغان.»[3] تاسپار قاغان تەختكە چىققاندا، «ئەسكەرلىرى نەچچە 10 تۈمەن بولغان.»[4] ئىشبارا قاغان دەۋرىدە «ساداقلىق قوشۇنلىرى 40 تۈمەنگە يەتكەن.»[5] غەربىي تۈركلەردىن ئىستەمى «10 تۈمەن ئەسكەرگە ئىگە بولغان.»[6] تاردۇش قاغان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، شەرقىي تۈركلەردىن بۆلۈنۈپ چىققان ئابا

قاغانغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن «10 تۈمەن ئەسكەر»[7] ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈركلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان. تاردۇشنىڭ قوشۇنى ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن كۆپ، بولمىسا ئۇنىڭ پارسلار، ئاۋارلار بىلەن ئۇرۇش قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تولۇق يابغۇ قاغان دەۋرىگە كەلگەندە، يەنە «ئەسكەرلىرى نەچچە 10 تۈمەنگە يەتكەن.»[8] ئادەتتە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىدا كۆپىنچە بىر ئەسكەردە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئات، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەرنى توشۇيدىغان ئاتلار بار ئىدى. مۇشۇ بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ مىليوندىن ئارتۇق ئېتى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، تۈركلەرنىڭ يەنە تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق نۇرغۇن مال - چارۋىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى قوشۇنلارنىڭكىدىنمۇ كۆپ، يەنى نەچچە مىليون بولغان، مۇنداق قىياس قىلىش ئەلۋەتتە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

قاغانلىق پارچىلانغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن تۈركلەر جەنۇبقا كۆچۈپ خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، داۋاملىق چارۋىچىلىق قىلىشتىن تاشقىرى، بىر قىسمى يەنە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. مىلادىيە 630 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 4 - يىلى)، تۈركلەرنىڭ سىغىر قەبىلىسى دەيجۇ ئايمىقىغا ماكانلاشقان، تۇتۇق جاڭ جيەن «ئۇلارنى تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۈندەپ، ھەر يىلى دېگۇدەك مول ھوسۇل ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھاللىنىپ شادلىققا چۆمگەن... چېگرىدىكى قوشۇنلارمۇ زور نەپكە ئېرىشكەن.»[9] مىلادىيە 639 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 13 - يىلى)، تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ: «بۇرۇندىن ئۇلارنىڭ ئېلىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنى ئۆز يېرىگە قايتۇرۇش خىيالىدا ئىدىم. ۋەھالەنكى، پۇرسەت پىششىپ يېتىلمىگەنىدى... ھالا بۈگۈن ئۇلار ھاللىنىپ، ئاشلىق - چارۋىلىرى ئاۋۇپ، قوۋمى كۆپىيىپ،

كىيىم ـ كېچەكتىن ، ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلمايدىغان بول-
دى . . . شۇڭا تۈركلەر ۋە غۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئايماقلاردا
ئۇلتۇراقلاشقانلىرىنى دەريادىن ئۆتۈپ كونا قوۋملىرىنىڭ يېنىغا
قايتىشقا بۇيرۇدۇم . . . »[10] دېگەن . شىمالىي تۈرك قاغانلىقى
قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بايانچۇر قاغان مىلادىيە 698 ـ يىلى (ۋۇ
زېتيەننىڭ شېنلى 1 ـ يىلى ) تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن
قۇدىلىشىشنى ھەمدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇقلۇق ئاش-
لىق بېرىشنى تەلەپ قىلغان . ۋۇ زېتيەن كۆپ ئويلانغاندىن
كېيىن ، ئاخىر ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ، «ئالتە ئايماقتىكى
ئەل بولغان نەچچە مىڭ چېدىرلىق تۇتۇننى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ
بەرگەن ھەم 40 مىڭ پاتماندىن ئارتۇق ئۇرۇقلۇق ئاشلىق ۋە
3000 دانە قورال ـ سايمان بەرگەن . بۇنىڭ بىلەن ، بايانچۇر
پەسكويغا چۈشكەن . »[11] شۇنىڭدىن كېيىن ، تۈركلەردە مۇئەييەن
ساندىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارلىققا كەلگەن .

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، تۈركلەر چارۋىچىلىقنى
ئاساس ، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە ئىگىلىك قىلغان مىللەت ، ئۇ-
لارنى نۇقۇللا كۆچمەن چارۋىچى مىللەت دېيىش ئەمەلىيەتتە بىر
خىل خاتا قاراشتۇر .

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، چارۋىچىلىق يەنىلا تۈركلەرنىڭ
ئىگىلىك ئاساسى بولغاچقا ، چارۋىچىلىقنىڭ گۈللىنىشى ياكى
خارابلىشىشى قاغانلىقنىڭ ھايات ـ ماماتىغا زور تەسىر كۆرسەت-
كەن . مىلادىيە 583 ـ يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 3 ـ
يىلى ) ، ياڭ جيەن يارلىقىدا تىلغا ئالغانەك ، تۈركلەرنىڭ ماكا-
نىدا «قار ـ يامغۇر ياغماي ، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ ، ئوت ـ
چۆپلەر قۇرۇپ ، ئاچلىق ۋە كېسەللىكتىن ئادەم ھەم ماللارنىڭ
يېرىمىدىن كۆپى ئۆلۈپ ، ھەممە جايدى قەھەتچىلىك قاپلى-
غان . . . »[12] شۇنىڭ بىلەن ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدى-
كى زىددىيەت كۈچىيىپ ، ئىشبارا قاغان ھالاكەتكە يۈزلەنگەن .

## 2 § . قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا

تۈركلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى مېتالچىلىق ، ياغاچچىلىق ، توقۇمىچىلىق ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

مېتالچىلىق تۈركلەر جەمئىيىتىدە ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ ، جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ، ئۇلار جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن «تۆمۈرچى قۇل» دەپ ئاتالغان .»[13] ۋەھالەنكى ، قىياسىمىزچە ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا مۇئەييەن مېتالچىلىق تېخنىكىسىغا ئىگە بولغان . شەرقىي رىم ئەلچىسى زىماكۇس غەربىي تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئاتلىنىپ ، ئۇلارنىڭ تەۋەسىدىكى سوغدياناغا كەلگەندە ، «خېلى كۆپ تۈركلەر ئۇنىڭغا تۆمۈر سېتىپ بەرگەندىن سىرت ، . . . ئەلچىگە ئۆز ئېلىدە تۆمۈرنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان .»[14] ھالبۇكى ، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى «تۆمۈرنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش» بولماستىن ، بەلكى ئۆز ھۈنىرىنى نامايان قىلىش ئىدى . زىماكۇس ئىستەمى بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئۇنىڭ چېدىرىدىكى ئالتۇندىن ياسالغان كۇرسا ، كارىۋات ، شىشە ، كۇپ ، تۈۋرۈك ، توزلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالغان ھەمدە «بىز ياۋايى دەپ قارىغان بۇ خەلق ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىكەن»[15] دېگەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، يەنە «ياپونىيەنىڭ فالوڭ ئىبادەتخانىسىدا بىر دانە كۈمۈش يىڭنە ساقلانغان بولۇپ ، ئۇستىگە قاناتلىق ، تۆت پۇتلۇق ھايۋاننىڭ سۈرىتى ھەم تۆت چەۋەندازنىڭ تۆت شىر بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن بىر بايراق نەقىشلەنگەن ، بۇ نەقىشلەر ئېنىقكى ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى پارس سەنئىتىگە تەقلىد قىلىنغان .»[16] بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ مېتال تاۋلاش ھۈنىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . مىلادىيە

591 ـ يىلى (سۇي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 11 ـ يىلى) ، تۇران قاغان «ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ يەتتە دانە ئېسىل چۆچەك تەقدىم قىلغان .»[17] بۇ يەتتە دانە چۆچەكمۇ شۈبھىسىزكى مىتالدىن ياسالغان .

تۈركلەر ئۆزلىرى ياسىغان تۆمۈر قوراللارنى ئاساسەن ئۇرۇشتا ۋە تۇرمۇشتا ئىشلەتكەن . تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇلارنىڭ «ئەسكەرلىرى ئوقيا ، بۇرغىلىق ئوق ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت ، قىلىچ ـ نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان ، بېزەكلىرى كۆپىنچە كۆپتۇرمە شەكىلدە بولغان . ئەسكىرىي تۇغقا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن . . . يۇرۇشكە ئەسكەر چىقارغاندا ، چارۋا ـ ماللاردىن باج ئالغاندا ، ياغاچقا بەلگە قويۇش ئارقىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بارغان ، شۇنداقلا بىر تال ئالتۇن باشاقلىق ئوقنى موم بىلەن پېچەتلەپ قارارنى ئىپادىلىگەن .»[18] ئۇلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەربىي ياراغلار ۋە ئوقيا ، بۇرغىلىق ئوق ، قىلىچ ـ نەيزىلەرنى يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئىشلەتكەن . ئوۋ ئوۋلىغاندا ئوقيا ، بۇرغىلىق ئوقنى ، مال ـ چارۋىلارنى ئۆلتۈرگەندە شەمشەرنى قورال قىلغان . ئۇلاردىن باشقا ، ئۇلار ئاتلارنىڭ ھەر خىل جابدۇقلىرىنى ئاساسەن تۆمۈر بىلەن بېزىگەن ياكى تۆمۈردىن ياسىغان .

تۆمۈرچىلىكتىن سىرت ، تۈركلەردە ياغاچچىلىقمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان . ھەربىي يۇرۇشلەردە «ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرى» نى ھارۋا بىلەن توشۇغان ، تۇرمۇشتا «ئېگىز چاقلىق ھارۋا» لارنى ئىشلەتكەن . تۈركلەر ھارۋا ياسىيالىغانىكەن ، ئەلۋەتتە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان باشقا نەرسىلەرنىمۇ ياسىيالىغان ، گەرچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ . تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، تۈركلەرنىڭ تۇباس* ( 弥列哥 ) ، بىلگە* ( 都播 ) ، ئۇچى* ( 俄支 ) قاتارلىق ياغاچ ئاتلىق ئۈچ قەبىلىسى بولۇپ ، ئۇلار «مۇز ئۈستىدە پۇتلىرىغا ياغاچ تاختا تېڭىپ ، ئەگرى تاياقلارغا

تايىنىپ، خۇددى ئۇچقاندەك چاپقان.»[19] بۇ يەردىكى ياغاچ ئات ئەمەلىيەتتە ھازىرقى چانا بولۇپ، بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ ئىچىدە ماھارەتكە كامىل مەخسۇس ياغاچچىلارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

مىلادىيە 591 ـ يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 11 ـ يىلى)، تۇران قاغان ئوردىغا ئېسىل چۆچەك تەقدىم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «بىۋز، بېلىق يېلىمىسى تەقدىم قىلغان.»[20] مىلادىيە 621 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 4 ـ يىلى)، ئىلىگ قاغان ئوردىغا «نەچچە 10 جىڭ بېلىق يېلىمى تەقدىم قىلغان.»[21] بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركلەردە يەنە بېلىقچىلىق ۋە توقۇمىچىلىقمۇ بولغان. ئولتۇراقلىشىش شارائىتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئۇلاردا يەنە كىگىزچىلىكمۇ بولغان.

تۈركلەر سودىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئەمەلىي كۈچنى نامايان قىلىشتا دەل سودىنى كوزىر قىلغان. كەڭ كۆلەملىك سودا پائالىيىتى نەتىجىسىدە، مىلادىيە 546 ـ يىلى (غەربىي ۋېي خانلىقى ۋېندىنىڭ داتۇڭ 11 ـ يىلى)، غەربىي ۋېي خانلىقى تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتكەن. «تەيزۇ جيۇچۇەنلىك غۇز ئەننۇ پانتونى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئۇلار خۇشال بولۇپ: ‹چوڭ دۆلەتنىڭ ئەلچىسى كېلىپتۇ، ئېلىمىز ئەمدى كۈچىيىدىغان بولدى›، دېيىشكەن»[22] ۋە بۇنىڭ بىلەن جۇرجانلارغا قارشى ھۇجۇم قوزغىغان. غەربىي تۈركلەرنىڭ سەردارلىرىدىن ئىستەمى، تاردۇشلارنىڭ ئېفتالىتلار، پارسلار ۋە شەرقىي رىم بىلەن سوقۇشۇشىمۇ سودا ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بولغان.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە، تۈركلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سودىسى تېخىمۇ ئاۋاتلاشقان. مىلادىيە 588 ـ يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 8 ـ يىلى)، «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ سەردارى ئەلچى بىلەن ئوردىغا 10 مىڭ ئات، 20 مىڭ تۇياق

قوي ، 500 تۆگە ۋە 500 تۇياق كالا تارتۇق قىلىپ ، چېگرىدا سودا قىلىشنى تەلەپ قىلغان . خان يارلىق چۈشۈرۈپ قوشۇلغان .»[25] سۇي ، تاڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ، ئۇرۇش مالىماندىچىلىقى سەۋەبىدىن ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ، «ئاتلار ئازلاپ كەتكەندە تۈركلەردىن ئات ، كالا سېتىۋېلىش» ئارقىلىق ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا تېرىقچىلىق ئۇلاغلىرى كەم بولۇشتەك قىيىنچىلىق ھەل قىلىنغان .

تۈركلەر يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقتىن ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق بەزى سودىگەرلەر ، مەسىلەن ، كاڭشۈلى ، كاڭسۇمى ، شىسغۇس قاتارلىقلار تەدرىجىي قاغانلىقنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرىغا ئايلىنىپ ، قاغانلىقنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن .

ئىزاھلار :

①③⑬⑱㉒ «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
②⑪㉑ «كونا تاڭنامە . تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ بېشى»
④⑦⑫⑳ «سۇينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑤㉓ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑥⑧ «كونا تاڭنامە . جاڭ جيەنىنىڭ تەرجىمىھالى»
⑩ «كىتابلار جەۋھىرى» ، 964 ـ جىلد
⑭⑮ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 4 ـ قىسىم ، «شەرقىي رىمنىڭ غەربىي تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىشى»
⑯ يۇقىرىقى كىتاب ، «خاتىمە»
⑰ «سۇينامە . ۋېندى ھەققىدە خاتىرىلەر»
⑲ «يېڭى تاڭنامە . قىرغىزلار تەزكىرىسى»
㉔ «كونا تاڭنامە . جاۋ ۋېنكېنىڭ تەرجىمىھالى»

## توققۇزىنچى باب

# تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى

مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئىككىسى ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ، شۇڭا مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ.

مەدەنىيەت يەنە سىياسىي، ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولغاچقا، ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، قانداق شەكىلدىكى سىياسىي، ئىقتىساد بولسا، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغان شۇنداق شەكىلدىكى مەدەنىيەت بولىدۇ.

مەدەنىيەت سىياسىي تۈزۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، سىياسىي، ئىقتىساد يەنە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، مەدەنىيەتمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ تۇراقلىق بولمايدۇ.

مەدەنىيەت گەرچە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە تارىخىي داۋاملىشىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ، شۇڭا ئۇ مىللىي خاسلىقنى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ.

مەدەنىيەت خەلق تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ، ھەرقايسى خەلقلەر تۈرلۈك ئالاقىلەر جەريانىدا بىر - بىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بىر - بىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ،

شۇڭا مەدەنىيەت يەنە خەلقلەر ئارىسىدىكى تىنچلىق ، دوستلۇق ، ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە ئورتاق ئىلگىرىلەشنى ئىپادىلەيدۇ .

تۈركلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىچىدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىچىدىكى ھەربىر مىللەت جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولۇپ ، تۈركلەرمۇ ئەلۋەتتە مۇشۇ قاتارغا مەنسۇپ .

## 1§ . تۈركلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى

ماددىي مەدەنىيەت ئادەتتە كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ، ئۆي - تۇرالغۇ ، يۈرۈش - تۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ . بۇ تەركىبلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تارىخى بار . ئەمما ، ئۇلارنى بايان قىلىش مەزكۇر كىتابنىڭ ۋەزىپىسى بولمىغاچقا ، بۇ يەردە پەقەت تۈركلەرنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى يېمەك - ئىچمەك ، كىيىم - كېچەك ، ئۆي - تۇرالغۇ ۋە يۈرۈش - تۇرۇش پائالىيەتلىرى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز .

«جۇنامە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «سول پەشلىك كەمزۇل كىيىدۇ ، يۇمىلاق چېدىردە ئولتۇرىدۇ ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ . چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ .» «سۈينامە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئۇلارنىڭ ئادىتىدە چارۋىچىلىق ئاساسىي تىرىكچىلىك ھېسابلىنىدۇ . ئادەتتە سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ ، مۇقىم ماكان تۇتمايدۇ ، يۇمىلاق چېدىردە ئولتۇرىدۇ ، سول پەشلىك كەمزۇل كىيىدۇ ، ئەت - گۆش يەپ ، سۈت - قايماق ئىچىدۇ ، كىيىملىرى كۆپىنچە تېرىدىن تىكىلىدۇ» . بۇ

ئىككى مەنبە ئاساسەن تۈركلەردىكى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنىڭ ئىخچام تەسۋىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدا بەزى ئۆزگىرىشلەر، شۇنداقلا بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلمىگەن. تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

## كىيىم - كېچەك

تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى سول پەشلىك تېرە كەمزۇللار ئىدى. بۇ خىل كىيىم ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل كىيىمنىڭ «سول پەشلىك» بولۇشى ئاتقا مىنىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئىدى، تېرىدىن تىكىلىشى بولسا تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ئىدى. ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا تۆت پەسىلنىڭ پەرقى چوڭ، كېچە - كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقىمۇ چوڭ بولغاچقا، تۈركلەر تېرە كىيىملەرنى تاشلىۋېتەلمەيتتى. رەختمۇ كېرەكلىك بۇيۇملاردىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاساسەن سودىدىن كېلەتتى. تۈركلەر ئەڭ ئاۋۋال ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي ۋېي ھاكىمىيىتى بىلەن سودا مۇناسىۋىتىدە بولغان بولۇپ، «ھەر يىلى دەريا سۈيى مۇز تۇتقاندا كېلىپ تالان - تاراج قىلغان»① . بۇ يەردە ئېيتىلغان «تالان - تاراج» ئەمەلىيەتتە چېگرا سودىسى ئىدى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا: «چېگرانى تالان - تاراج قىلىش» نىڭ نېمىلىكى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن: «ئۇنىڭدىن كېيىنكى (قاغان) تۇمەندۇر. ئۇ قوۋمىنىڭ ھال - ئەھۋالى سەل ئوڭشالغاندىن كېيىن، چېگرا قورۇللارغا بېرىپ يىپەك - سەيناق سودىسى قىلىشقا باشلىدى.»②
بۇ يەردىكى «سەيناق» — دەل مەشۇتنى كۆرسىتىدۇ.

تۈرك قاغانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا

تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ كۆپەيدى ، «ئېركىن زاماندىن تارتىپ ئۇلار دۆلىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە تايىنىپ ، شيا ئىقلىمىنى ئاني تېپىشقا باشلىدى . ئوردا ئىلاجسىزلىقتىن ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىپ ، ھەر يىلى ئۇلارغا 10 تۈمەن توپ شايى - دۇردۇن ، يىپەك - سەيناقلاردىن سوۋغا قىلىپ تۇردى . تۈرك-لەرنىڭ ئاستانىگە كەلگەنلىرى يەنە ئالاھىدە ئىلتىپاتلارغا مۇيەس-سەر بولۇپ ، يىپەكتىن كىيىم - كېچەك كىيىپ ، ئەت - گۆش بىلەن غىزالىنىدىغانلار دائىملا مىڭدىن ئاشتى . چىلىقلارمۇ ئۇ-لارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن قورقۇپ خەزىنىسىدىكى قىم-مەتلىك سوۋغاتلارنى يوللاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . »[3] بۇلار-دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بۇ ۋاقىتتا تۈركلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ماتېرىيالىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان . ئەمما ، ئۇلار-نىڭ سول پەشلىك كىيىم - كېچەك كىيىشى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋام قىلغان .

سۈي سۇلالىسى مەزگىلىگە كەلگەندە ، يامىغ قاغان مەكتۇپ سۇنۇپ ، «كىيىم - كېچەك ، تاج - كەمەرلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان » .[4] سۈي ياڭدى قوشۇلمىغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇنىڭغا نىسبەتەن مايىللىقىنى ئىپادىلىگەن .

## يېمەك - ئىچمەك

مەنبەلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئەت - گۆش يەپ ، سۈت - قايماق ئىچىدۇ » . ئەت - گۆش ۋە سۈت - قايماق بارلىق كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى بولسىمۇ ، لېكىن بۇ تۈركلەرنىڭ دانلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ئىستېمال قىلماي-دىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . جۇ ۋە چى خانلىقلىرى ئۆزئەڭگە سوقۇشتۇرۇپ ، قۇدىلىشىش ئارقىلىق ياخشىچاق بولۇشنى تالى-شىۋاتقان مەزگىللەردە ، ئۇلار ھەمىشە دۆلەت خەزىنىسىدىن ئۇ-

لارنى تەمىنلىگەن. بۇنداق تەمىنات بۇيۇملىرى يىپەك ـ سەي-
ناق، شايى ـ دۇردۇن دېگەندەك رەختلەر بىلەنلا چەكلىنىپ
قالماستىن، يەنە ئاشلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. تاڭ تەيزۇڭ
لى شىمىن سۇي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركلەرگە دۆلەت
خەزىنىسىنى ئېچىۋېتىپ، «ئاشلىق ـ ئوزۇق ۋە رەخت ـ پې-
چەكتە خەسىسلىك قىلمىغانلىقى»⑤ نى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.»
شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ تۈركلەر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئاشىنا
شىمار يارلىقىغا بىنائەن شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا 40 مىڭدىن
كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ ماڭغان، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ «ئۆز قوۋ-
مىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ جەنۇبقا يېنىپ دەريادىن
ئۆتكەن...»⑥ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب
شۇكى، قايتىدىن كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمىغانلىقى
ئىدى. ۋۇ زېتيەن دەۋرىدە، شىمالىي تۈركلەرنىڭ قاغانى باياز-
چۇر مەلۇمات سۇنۇپ «ئەل بولغان قوۋملىرىنى» قايتۇرۇپ
بېرىشنى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇقلۇق ئاشلىق بېرىش-
نى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن «ۋۇزېتيەن ئالتە ئايماقتىكى
ئەل بولغان نەچچە مىڭ تۈتۈننى قايتۇرۇپ بەرگەن ھەمدە 4
تۈمەن پاتمان ئۇرۇقلۇق ئاشلىق، 3000 دانە دېھقانچىلىق ساي-
مىنى بەرگەن».⑦ بۇلاردىن تۈركلەرنىڭ ئىگىلىك شەكلىدە مە-
لۇم ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ھەمدە دېھقانچىلىق ۋە چارۋى-
چىلىق بىلەن تەڭ شۇغۇللانغۇچى مىللەتكە ئايلانغانلىقىنى، شۇ
سەۋەبتىن «ئەت ـ گۆش يەپ، سۈت ـ قايماق ئىچىش» تەك
كونا ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ياسىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولى-
دۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، شىمالىي تۈركلەردىن بىلگە قاغان
«شەھەر ـ قەلئە بىنا قىلىپ، ئىبادەتخانا ياسىتىش»⑧ خىيالىغا
كېلىپ قالغان.

## ئۆي ـ جاي

تۈركلەرنىڭ ئۆي ـ جايلىرى توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەردە «يۇمىلاق چېدىردە ئولتۇرىدۇ» دېيىلگەن. يۇمىلاق چېدىر چۇۋۇشقا ۋە قۇراشتۇرۇشقا قۇلايلىق بولغانلىقتىن، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ شەكلى ئاساسەن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، چوڭ ـ كىچىكلىكى، مۇرەككەپ ـ ئاددىيلىقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

تۈركلەرنىڭ ئۆي ـ جايلىرىغا ئائىت تارىخىي ۋەسىقىلەردە «يۇمىلاق چېدىر» دېگەندىن باشقا خاتىرە يوق. شۇڭا، بۇ جەھەتتە تۈركلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا تۈركىي تىللىق قوۋملاردىن ۋە شاۋاننىڭ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق ئەسىرىدىن قىسمەن مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز.

«تەيپىڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» دە قىرغىزلارنىڭ ئۆي ـ جايلىرى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئاز* ( 阿热 ) ئادەتتە ياغاچ قورۇلمىلىق چوڭ كىگىز ئۆيدە تۇرىدۇ، . . . سەردارلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كىچىكرەك كىگىز ئۆيلىرى بولۇپ، بۇ ئۆيلەر ئاساسەن ياغاچ بىلەن تېرىدىن ياسىلىدۇ. .»

«غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا بايان قىلىنىشىچە، رىم ئەلچىسى زىماكۇس غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قاغانى ئىستەمى بىلەن كۆرۈشكەندە، «ئۇ ئىككى چاقلىق ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان، قوزغالغاندا بىر ئات بۇ تەختنى سۆرەپ ماڭغان. ئوردا قىلىنغان چېدىرى رەڭگارەڭ يىپەك ـ مەشۇتلار بىلەن بېزەلگەن. . .»

باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى ۋە سىنىپىي پەرق مەۋجۇت بولغان تۈرك جەمئىيىتىدە دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلىكتە كەتكەندىن كېيىنمۇ، «يۇمىلاق چېدىر» دە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان.

## يۇرۇش - تۇرۇش

كۆچمەن مىللەتلەر ئادەتتە ئات ، تۆگە ، كالا قاتارلىقلارنى مىنىپ يۈرىدۇ ، هارۋىلىرىمۇ بولىدۇ . تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . ئۇلارمۇ دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرىكىپ كەتكەن ئەھۋالدا يەنىلا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان . تۇنيۇقۇق ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ مۇنداق دېگەن : «تۈركلەرنىڭ قوۋمى ئاز ، تاڭ ئاھالىلىرىنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ ، ئۇلار بىلەن قارشىلىشالىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى ، بىز سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىمىز ، بىر يەردە ئۇزۇن تۇرمايمىز ، ئوۋچىلىقنى كەسىپ ، ئەلەمنى ئادەت قىلىمىز . كۆچەيگەندە قوشۇن تارتىپ باسقۇن قىلىمىز ، ئاجىزلاشقاندا تاغ - ئورمانلارغا بېكىنىۋالىمىز . تابغاچلارنىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ ھېچنېمە قىلالمىغان .»⑨ كۆچمەن تۇرمۇش تۈركلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ ، ئاسانلىقچە ئۆزگەرمىگەن .

تۈركلەرنىڭ هارۋىلىرى باشقا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا ئېگىز چاقلىق هارۋا ئىدى ، بۇنداق هارۋىلار چۆل - جەزىرىلەردە يول يۈرۈشكە قۇلايلىق ئىدى .

## § 2 . تۈركلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى

مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇ توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - يېتىم ، ئەدەبىيات - سەنئەت ، تىل - يېزىق ، دىن - ئېتىقاد ، ئىجتىمائىي قانۇن - تۈزۈم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تۆۋەندە ئۇلار توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم توختىلىمىز .

# توي - تۆكۈن ۋە ئۆلۈم - يىتىم

تۈركلەردىكى توي - تۆكۈن توغرىسىدا تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «شۇ كۈنى (مېيىتنى يەرلىككە قويغان كۈنى) ئەر - ئايال، ئوغۇل - قىزلار ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ تۇپراق بېشىغا توپلىنىدۇ. ئەرلەردىن (ئوغۇللاردىن) بىرەرى بىرەر ئايال زاتىنى ياقتۇرۇپ قالسا، دەپنە مۇراسىمىدىن قايتىپلا قىزنىڭ ئۆيىگە كۈيۈ بولۇشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى كىرگۈزىدۇ. قىز (ئايال) نىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئادەتتە رەت قىلمايدۇ. ئاتىسى ۋە تاغىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئوغلى، ئىنىسى ياكى قېرىندىشى ئۆگەي ئانىسىنى، هاممائاچىسىنى ۋە يەڭگىسىنى ئەمرىگە ئالىدۇ.»[10] بۇ نەقىلدىن مۇنداق ئۈچ نەرسە مەلۇم بولىدۇ: بىرىنچى، تۇنجى قېتىم تويلاشقۇچىلار «شۇ كۈنى»، يەنى بىر - بىرىگە مەپتۇن بولۇشقان كۈنى ئاتا - ئانىسىغا ئەهۋالنى ئېيتىدۇ، ئوغۇل تەرەپ ئەلچى ئەۋەتكەندە قىز تەرەپ ماقۇللۇق بېرىدۇ ۋە مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ توي ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ ئىككىنچى، قايتا تويلاشقۇچىلار ئادەتتە ئوغۇل تەرەپ جەمەتى ئىچىدىلا تويلىشىدۇ، بۇنداق قىز - ئاياللار سىرتقا ياتلىق قىلىنمايدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۆگەي ئانىسى، هاممائاچىسى، يەڭگىلىرىنى ئەمرىگە ئېلىشقا بولىدۇ، ئەمما ئۆز ئانىسىنى ئەمرىگە ئېلىشقا بولمايدۇ. مەنبەلەردە بۇ ئېنىق ئەسكەرتىلمىگەن بولسىمۇ، مەنىسى مۇشۇ بولسا كېرەك. «شۇ كۈنى» دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنىلا ئەمەس، توي كۈنى، يىغىلىش كۈنى دېگەندەك ۋاقىتلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

توي مۇراسىملىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى هەققىدە تارىخنامىلەردە بىرەر مەلۇمات يوق، ئېهتىمال هازىرقى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ توي ئادىتى بىلەن ئوخشاپ كەتسە كېرەك. ئەمما، بۇ هەقتە ئېنىق هۆكۈم چىقىرىشقا هازىرچە مۇمكىنچىلىك يوق.

ئۆلۈم - يېتىم

تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «مېيىت چېدىر ئىچىگە قويۇپ قويۇلىدۇ . ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى ، شۇنداقلا ئۇرۇق - تۇغقان ، قوۋم - قېرىنداشلىرى ئەر - ئايال دەپ ئايرىلماي ، قوي ۋە ئات سويۇپ چېدىر ئالدىدا نەزىر قىلىدۇ ، ئاندىن چېدىرنى ئاتلىق يەتتە مەرتەم ئايلىنىدۇ . ھەربىر ئايلىنىپ چېدىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، پىچاق - شەمشەر بىلەن يۈزىنى تىلىپ قاتتىق يىغلايدۇ . قان ۋە كۆز ياشلىرى ئارىلاش ئاقىدۇ ، بۇ يەتتە قېتىم داۋاملىشىدۇ . ئاندىن تاللانغان كۈندە ئۆلگۈچىنىڭ مىنگەن ئېتى ۋە ئىشلەتكەن نەرسىلىرى بىرلىكتە كۆيدۈرۈلۈپ ، كۈلى يىغىپ ئېلىپ قويۇلىدۇ ۋە مەلۇم بىر ۋاقىت تاللىنىپ يەرگە كۆمۈلىدۇ . ئەتىياز ۋە يازدا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەت كۈلى گۈل - چېچەكلەر سارغايغاندا ، كۈز ۋە قىشتا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەت كۈلى كۈل - چېچەكلەر پورەكلىگەندە يەرگە كۆمۈلىدۇ . جەسەت كۈلىنى يەرلىككە قويغاندا مېيىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى نەزىر - چىراغ قىلىدۇ ۋە ئاتلىق ئايلىنىپ يۈزىنى تىلىدۇ ، بۇ ئەھۋال دەسلەپكى دەپنە مۇراسىمىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ . دەپنە مۇراسىمى تۈگىگەندە قەبرىگە تاشلارنى بەلگە قىلىپ قويىدۇ . بۇنداق بەلگە تاشنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىنىڭ سانىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ . يەنە قوي ۋە ئاتنىڭ كاللىلىرىمۇ بەلگە ئۈچۈن ئېسىپ قويۇلىدۇ .»⑫ بۇ باياندىن مۇنداق تۆت نەرسە ئايدىڭلىشىدۇ : بىرىنچى ، ئاتلىق يەتتە قېتىم ئايلىنىش «يەتتە» مۇقەددەسلىكنى ئىپادىلەيدۇ ؛ ئىككىنچى ، يۈز تىلىنىپ قان ۋە ياش ئارىلاش ئاقىدۇ ؛ ئۈچىنچى ، ئىككى قېتىم دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ ، ئىككى قېتىملىقنىڭ ئارىلىقىدا تەخمىنەن يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتىدۇ ؛ تۆتىنچى ، قەبرىگە بەلگە ئۈچۈن تاش تىكلەپ قويۇلىدۇ . يەنە نەزىر قىلىنغان ئات ۋە

قوينىڭ بېشى ئېسىپ قويۇلىدۇ .

ئاتلىق «يەتتە مەرتەم ئايلىنىش» يەتتە قېتىم تولۇق ئايلىنىش بىلەن تاماملانغان . «يەتتە» قانۇنىي شەكىلدە بېكىتىلگەن سان بولغاچقا ، «يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن توختىغان .» «يەتتە مۇقەددەسلىك» جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىكى پەۋقۇلئاددە قائىدىلەردىن بىرى بولۇپ ، ئوخشاشمىغان مىللەتلەردە ئوخشاشمىغان شەكىللەرنى ئالغان .

«يۈزىنى تىلىش» تۈركلەردىكى پەۋقۇلئاددە مۇراسىم قائىدىلىرىدىن بولۇپ ، باشقا مىللەتلەردە بۇنداق ئادەت يوق ، ئەمما ئۇلاردا «قانلىق يىغلاش» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ .

«قەبرىگە تاشنى بەلگە قىلىپ قويىدۇ ، بۇنداق بەلگە تاشنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئۆلگۈچى هايات ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمەننىڭ سانىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ» . تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا بۇنداق تاش «بالبال» دېيىلگەن . نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېيىلىدۇ ؟ مېنىڭچە ، بۇ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى بولسا كېرەك . چۈنكى ، قۇللۇق تۈزۈمدە ئادەم ھەمدەپنە قىلىنىدۇ . تۈركلەر تاشنى ئادەمنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن بولۇشى مۇمكىن . «تاش بالباللار» ۋەكىللىك قىلغۇچى شەخس كۆپىنچە مېيىتقا ساداقەتمەن كىشىلەر بولغان . كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە مەڭگۈ تاش تىكلەش باشلانغان . شۇڭا ، تاش تىكلەپ قويۇشتىن مەڭگۈ تاش تىكلىگۈچە بولغان جەريانغا دەۋر پەرقى ۋە جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى پەرقلەر سىڭگەن .

تويلىشىش

توي ــ ئوغۇل ـ قىز ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ قۇدىلىشىشقا رازى بولۇشقان ۋە توي كۈنىنى بېكىتكەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن . بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئەھۋال تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنمىگەن ، ئەمما تۈرك-

لەرنىڭ توي ئادىتىنى ھازىرقى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ توي -
ئادەتلىرىگە ئوخشايدۇ ، دېيىشكىمۇ بولمايدۇ . لېكىن ، ئۇلاردىمۇ
كۆچۈرگۈچىلەر ، ئۇزاتقۇچىلار ۋە ئۇلارغا سوۋغات بېرىش ، كۈي-
ئوغۇل ۋە كېلىن (يىگىت بىلەن قىز ) بىر - بىرىگە سالام
بېرىش دېگەندەك قائىدىلەرنىڭ بولغانلىقى چوقۇم . تويلاشقۇچى
ھەر ئىككىلا تەرەپتە بەزمە سورۇنى تەييارلانغان ، بۇ ئۆز نۆۋىتى-
دە يەنە كېيىنكى قېتىملىق يېڭى بىر تويغا سەۋەب بولغان . قايتا
تويلاشقۇچىلارنىڭ توي مۇراسىمى ئېھتىمال ئاددىيلا ئۆتكۈزۈل-
گەن بولسا كېرەك .

## ئەدەبىيات - سەنئەت

ئەدەبىيات - سەنئەت مىللىي ساپا ۋە مىللىي خاراكتېرنىڭ
گەۋدىلىنىشى بولۇپ ، ئۇ بىر مىللەتنىڭ رېئال تۇرمۇشى ۋە
كەلگۈسىگە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر . تۈركلەردى-
كى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ ئەلۋەتتە مۇشۇنداق
بولغان .

### ئەدەبىيات

تۈركلەردىكى ئەدەبىيات تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە تۈركچە مەڭ-
گۈ تاشلاردا ئىپادىلىنىدۇ .

تارىخىي رىۋايەتلەرنى يەنە ئاغزاكى ئەدەبىيات دەپ ئاتاشقىمۇ
بولىدۇ . مەسىلەن ، كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى بابىدىكى بەش تارى-
خىي رىۋايەت تۈركلەردىكى ئاغزاكى ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىلىرى
بولۇپ ، قويۇق دەۋر پۇرىقىغا ئىگە .

تۈركچە مەڭگۈ تاشلار شىمالدىكى كۆچمەن مىللەتلەر ئىچى-
دە كەم ئۇچرايدىغان ئىجادىيەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا تۈركلەر ئىتتى-
پاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا مۇھەببەت -

نەپرەت بىلەن قاراشقا ئۇندەلگەن ، شۇنداقلا يەنە شىمالدىكى تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش مۇساپىسىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بەر- گەن . بۇنى قەدىمكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تارىخشۇناسلىقى ۋە ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى باشلىنىش دېيىشكە بولىدۇ .

## تىل - يېزىق

تىل — كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىش قورالى ، شۇن- داقلا مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزئارا ئالاقىلىشىش قورالى . مىللەتلەر ئارا ئالاقە جەريانىدا ئۆزئارا سۆز قوبۇل قىلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق سۆز بايلىقى بېيىدۇ . مەسىلەن ، تۈرك- لەردىكى «قاغان» سۆزى جۇرجانلاردىن قوبۇل قىلىنغان بو- لۇپ ، بۇ سۆزنى ئەڭ دەسلەپ جۇرجانلار قوللانغان ؛ «سانغۇن» ، «تۇتۇق» ، «قۇنچۇي» دېگەن سۆزلەر بولسا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان . تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردىمۇ بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت .

تۈرك يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقات ئاساسەن ئورخۇن ، يەنى- سەي ، چايدام قاتارلىق جايلاردا بايقالغان تۈركچە مەڭگۈ تاشلارنى ئاساس قىلىدۇ . تۈرك يېزىقىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ ، ئەمما مۇئەللىپىنىڭ بىلىدىغىنى كۆپ ئەمەس . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ، مەزكۇر يېزىق ئېلىمىز- دىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي يېزىقى ئىكەن . بۇ يېزىقتا ئۇلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان شەكىللىك بەلگىلەرمۇ بار بولۇپ ، ھەرپلەر بىر - بىرىگە ئۇلانماي يېزىلىدۇ ، ھەربىر سۆزدىن كېيىن قوش چېكىت ( : ) قويۇلىدۇ . جەمئىي 40 ھەرپ بولۇپ ، تۆت سوزۇق تاۋۇش بار ، ئەمما بۇلار ھەمىشە قىسقارتىۋېتىلىدۇ . ئورخۇن دەرياسى ئەتراپلىرىدىن ئىككى پار- چە مەڭگۈ تاش تېپىلغان ، بىرى ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىل-

غان ؛ يەنە بىرى ئوگدىن سولغا تىك يېزىلغان . بۇلارنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا قانداق باغلىنىش بارلىقى ، قانداق ئۆزگىرىش يۈز بەر-
گەنلىكى ، باشقا مىللەت ياكى دىنلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار -
يوقلۇقى توغرىسىدا هازىرغىچە تېخى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تې-
پىلمىدى .

## دىنىي ئېتىقاد

دىنىي ئېتىقاد ھەممىلا مىللەتتە بولىدۇ ، دۇنيادا دىنىي ئېتىقادى يوق مىللەت يوق ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىي ئېتىقاد جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . تۈركلەردىكى دىنىي ئېتىقادتا ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ قالدۇقلىرىمۇ ، سىرتتىن كىر-گەن دىنلارنىڭ تەسىرىمۇ بولغان . تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئايرىم - ئايرىم توختىلىمىز .

### ئىپتىدائىي دىن

ئىپتىدائىي دىن دېگىنىمىزدە تەبىئەتكە چوقۇنۇش ، روھقا چوقۇنۇش ۋە ئەجدادقا چوقۇنۇش قاتارلىقلار ئارىلىشىپ كەتكەن دەسلەپكى دىن ــ شامان دىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . شامان دىنى ھەممىلا مىللەتتە مەۋجۇت بولغان . ئۇنىڭ قىسمەن قالدۇقلىرى ھەتتا زامانىمىزدىكى مىللەتلەردىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە . تۈرك-لەردىكى ئىپتىدائىي دىن ئاساسەن ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ : بىرىنچى ، كۆككە ۋە ئەجدادلىرىغا چوقۇنۇش . تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : « (تۈركلەر ) قاغان چېدىرىنىڭ ئىشىكى كۈنچىقىش يۆنىلىشىدە بولىدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ كۈن چىقىدىغان تەرەپكە بولغان هۆرمىتىدۇر . ھەر يىلى كاتتىلارنى باشلاپ ئەج-دادلىرى ياشىغان ئۆڭكۈرگە ئاتاپ قەبرىسىدە نەزىر - چىراغ

قىلىدۇ . يەنە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى دەريا بويىغا توپلىنىپ
كۆك تەڭرىگە نەزىر ـ چىراغ قىلىدۇ . »[13] ئۇلار ئەسكىرىي يۇ-
رۇشكە ئاتلانغاندا ئاينى بەلگە قىلغان ، «ئاي تولۇق تولغاندا
باسقۇنغا ماڭغان . »[14] تۈرك قاغانلىقى بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كې-
يىن ، غەربىي تۈركلەر «ھەر يىلى ۋەزىر ـ بۇيرۇقلارنى ئەۋە-
تىپ ، ئاتا ـ بوۋىلىرى ياشىغان ئۆڭكۈرگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ
قىلىپ تۇرغان . »[15] ئىككىنچى ، توتېم ئېتىقادى . تارىخنامىلەر-
دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئەسكىرىي ياراغلاردىن ئوقيا ، بۇر-
غىلىق ئوق ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت ، قىلىچ ـ نەيزىلىرىنىڭ بېزەك-
لىرى كۆپىنچە كۆپتۇرمە شەكىلدە بولىدۇ . ئەسكىرىي تۇغقا
ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن . نۆكەرلەر بۆرە دېيى-
لىدۇ ، ئۇلار ئەسلىدە بۆرىدىن كۆپەيگەنلىكتىن ، بۇ ئەسلىنى
ئۇنتۇماسلىققا بەلگە قىلىنغان . »[16] ئۈچىنچى ، رەمگە ئىشىنىش .
تۈركلەردىن قارا قاغان ئەل بولۇپ كەلگەن يالى جېڭداۋ (سۈي
سۇلالىسىدىكى چى بېگى جيەننىڭ ئوغلى ) نى ئورۇنلاشتۇرۇشتا
رەم سالدۇرۇپ كۆرگەن ، نەتىجىدە «رەم خەيرلىك چۈشمىگەن ،
شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇ-
غان » .[17] ئىشبارا قاغانمۇ چېدىرى كۆيۈپ كەتسە ، كۆك تەڭرى
غەزەپ قىلىپ بالا ياغدۇرىدىغان بولدى دەپ شۈبھىگە چۈشكەن .

بۇددا دىنى

تۈركلەرنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى تاسپار قاغاندىن
باشلانغان . تارىخنامىلەردە بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «چى
دۆلىتىدە خۇي لىن ئىسىملىك بىر راھىب بولۇپ ، تۈركلەر
تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن ، تاسپار قاغانغا : ‹چى
دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۇلارنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلى-
غانلىقىدىندۇر › دېدى ۋە دۇنيا ئىشلىرىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە
مۇناسىۋىتىدە بولىدىغانلىقىنى شەرھلىدى . تاسپار بۇنى ئاڭلى-

غاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە چىنپۇتتى ۋە بىر ساڭرام سالدۇرۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپ چى دۆلىتى كىشىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ۋىمالا كىرتى، نىرۋانا سۇتراسى، بۇددا ۋاتامىساكا ماخاۋارايپۇليا سۇتراسى ھەم ئون تۇرۋىناياسىدىن تەلىم ئالدى. ئۆزىمۇ پەرھىز تۇتۇپ، بۇددا مۇنارىنى ئايلىنىشقا ئادەتلەندى، ئىچكىرىدە تۇغۇلۇپ قالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى.»[18] كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىمالىي جۇ خانلىقىدا «بۇددىزمنى يوقىتىش» ھەرىكىتى كۆتۈرۈلگەندە، توپ ـ توپ راھىبلار شىمالغا قېچىپ تۈركلەردىن پاناھلىق تىلىگەن. ھىندىستانلىق راھىب جىنانا گۇپتا قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، «يول ئۈستىدە تۈركلەر يېرىدىن ئۆتكەندە تاسپار قاغان بىلەن مۇلاقەت بولغان. قاغان ئۇنىڭ قەپېلىشىنى قاتتىق ئۆتۈنۈپ... ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەڭ يېقىن كىشىلەردىن بولۇپ قالغان ھەمدە ئون نەچچە يىلنى بىللە ئۆتكۈزگەن.»[19] شىمالىي چى خانلىقىدىكى باۋ شيەن، داۋ سۈي، سېڭ تەن قاتارلىق ئون نەچچە راھىبمۇ نوم ئېلىشقا كۈنپېتىشقا ئاتلىنىپ، يەتتە يىلدىن كېيىن قايتىشىدا تۈركلەر زېمىنىغا كەلگەندە، «چى دۆلىتىنىڭ ھالاك بولغىنىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ ئەلدە ساۋاب تېپىشنى نىيەت قىلغان.»[20] تۈركلەردىن بىلگە قاغان بىرمەھەل «شەھەر ـ قەلئە بىنا قىلىپ، ئىبادەتخانا سېلىش خىيالىغا كەلگەن.»[21] شۇنداق قىلىپ، يۇقىرىنىڭ قىلغىنىنى تۆۋەندىكىلەر دوراپ، راھىبلارنىڭ تەرغىبات تارقىتىشى بىلەن تۈركلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.

غەربىي تۈركلەر غەربىي يۇرتتىكى بۇددىزم گۈللەنگەن جايلاردا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، بۇددىزمنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە مىللىي خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، راھىبلاردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەپ كەلگەن. شەرقىي تۈركلەر بۇددىزمغا كۆچكەندىن

كېيىنمۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ سەردارلىرى بۇ خىل ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرمىغان . مىلادىيە 564 ـ يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ باۋدىڭ 4 ـ يىلى ) ، نوم ئېلىشقا كۇنپېتىشقا ماڭغان بەزى راھىبلار غەربىي تۈركلەر تەۋەسىگە كەلگەندە ، «بۇ جايدىكىلەر راھىبلارنىڭ ئىش ـ ئەمەلىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقتىن ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھەم ئۇلارنى قاتتىق نەزەربەندكە ئېلىپ ئۇزۇن ـ تۈلۈكتىن قىسقان ، سىرتقا چىقىپ ئوتياش تېرىشىغا رۇخسەت قىلمىغان ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلگەن . (شىمالىي ) جۇ دۆلىتىدىن كەلگەن ئەلچى : ‹بۇلار بۇددا راھىبلىرىدۇر ، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە پادىشاھتىن ئاۋام پۇقراغىچە ھەممەيلەن ئۇلارنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدۇ . بۇلارنىڭ قەدەم ئىزى تەگكەنلىكى جايدا مال ـ ۋاران ئاجايىپ ئاۋۇيدۇ › دېگەندىن كېيىنلا ، قاغان خۇشال بولۇپ : ‹تۆت قوي ، يېتەرلىك ئاشلىق بېرىلسۇن › ، دەپ پەرمان چۈشۈرگەن ۋە راھىبلارنى ئەركىنلىككە چىقىرىپ ، خالىغىنىنى تېرىشقا يول قويغان . ئۇلارنىڭ جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى ، ئەت ـ گۆش ۋە مەي ـ شارابلارنى ئىچمەيدىغانلىقىنى ، يۇرۇش ـ تۇرۇشىنىڭ سىپايە ئىكەنلىكىنى ، يامانلىق دېگەنگە يېقىنمۇ يولىمايدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇلارغا مىنىدىغانغا ئات بەرگەن . ماڭغاندا كىشى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئالايىتەن ئۇزىتىپ قويغان .»⑳ بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئۇلارنىڭ بۇددىزمدىن ھەزەر ئەيلەش خاھىشى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا باشلىغان . تولۇق يابغۇ قاغان زامانىسىدا ئەھۋالدا تېخىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى . ھىندىستانلىق مۆتىۋەر راھىب پارامىتا غەربىي تۈركلەر زېمىنىغا يېتىپ كەلگەندە ، « (بۇددىزم ) تەرىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئون كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەي ياتلار پادىشاھى (تولۇق يابغۇنى كۆرسىتىدۇ ) نىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى ، پادىشاھ ئۇنىڭغا ھەر

كۆنى 20 كىشىلىك خىراج بەردى، ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇندا بىرىپ ئەھۋال سوراپ تۇردى.»[19] شۇنىڭدىن كېيىن، بۇددا دىنى غەربىي تۈركلەر ئارىسىدىمۇ تارقىلىشقا باشلاپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ھەرقايسى قارام ئەللەرگە ئەۋەتكەن چوڭ ئەمەلدارلىرى ئاساسەن تەقۋادار بۇددىستلاردىن بولدى. «قارۇن[1] ئېلى... نىڭ پادىشاھى شىسۇق* (系素) تۈركلەردىن، بۇ ئەلدە ئىككى ساڭرام، 100 نەچچە راھىب بار...»،[20] «ۋاردىستانا ئېلى... پادىشاھى تۈرك نەسلىدىن، ئۈچ ئەردەنىگە سادىق، قائىدە - يوسۇنلارغا رىئايە قىلىدۇ»[21]، «قىرپانە ئېلىنىڭ پادىشاھى ۋە ئەسكەرلىرى ئومۇمەن تۈركلەردىن، پادىشاھ ئۈچ ئەردەنىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، پادىشاھ، خانىش، شاھزادە، سەردار قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا ئىبادەتخانا سالغان، ئۈچ ئەردەنىگە تېۋىنىدۇ... جاغۇدا[2] ئېلى... نىڭ پادىشاھى ۋە ئەسكەرلىرى تۈركلەر... ئۈچ ئەردەنىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، راھىبلار ۋە ئىبادەتخانىلار يېتەرلىك، ماھايانا تەرىقىدە.»[22] غەربىي تۈركلەرنىڭ ھەرقايسى قارام ئەللەرگە ئەۋەتكەن تۇتۇقلىرىمۇ ئېھتىمال تەقۋادار بۇددىستلاردىن بولسا كېرەك. بۇ ئارقىلىق قارام ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە ياخشى ئاساس ھازىرلانغان.

ئاتەشپەرەسلىك دىنى

تۈركلەر 6 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاتەشپەرەسلىككە ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، غەربىي تۈركلەردە بۇ ئەھۋال گەۋدىلىك

---

* قارۇن — ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي تارماق ئېقىنى كافىرناغان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا — مۇھەررىردىن.
* جاغۇدا — ھازىرقى ئافغانىستاندىكى غەزنى — مۇھەررىردىن.

ئىدى . تاڭ دەۋرىدىكى راھىب خۇيتسالڭ (شۇەنزاڭ ) نوم ئەكې-
لىش ئۈچۈن غەربىي يۇرتقا ماڭغاندا ، تۈركلەرنىڭ ئاتەشپەرەس-
لىككە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن : «تۈركلەر ئوتقا چوقۇ-
نىدۇ ، كارىۋاتتا ياتمايدۇ . بۇنداق بولۇشى ياغاچتىن ئوت چىقى-
دىغانلىقتا ، بۇ ئۇلاردىكى ھۆرمەت جۈملىسىدىندۇر »[27] . دۈەن
چېڭشىمۇ تۈركلەرنىڭ ئاتەشپەرەسلىككە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى
دەلىللىگەن : «تۈركلەر ئوت ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ ، ئىبادەتخانىلى-
رى يوق . ئادەتتە كىگىزگە نۇسخىسىنى چۈشۈرۈۋېلىپ ، ئۇنى
تېرە قاپتا ساقلايدۇ . ماڭغان ـ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ياغ سۈركەپ
مايلاپ قويىدۇ ، بەزىدە ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلاپ ھەر
ۋاقىت نەزىر قىلىپ تۇرىدۇ . »[28] غەرب مەنبەلىرىدىمۇ تۈركلەر-
نىڭ ئاتەشپەرەسلىككە تېۋىنىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن : «تۈركلەر
ئوتقا چوقۇنىدۇ ، شۇنداقلا تۆت تادۇغا ھۆرمەت قىلىدۇ . يەنە
ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان يېگانە تەڭرىگە سىغىنىدۇ ۋە ئات ،
كالا ، قوي ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ قام (نەزىر ـ
چىراغ ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى ـــ تەرجىماندىن ) لىرى كەل-
گۈسىدىكى ئىشلارنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ . »[29] شەرقىي رىم ئەل-
چىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوردىسىغا كەلگەندىمۇ «گۈلخاندىن
ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۆز بەدىنىنى پاكلىغان . »[30]

نېستورى دىنى

نېستورى دىنى ـــ خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى بو-
لۇپ ، 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان .
تۈركلەردىن بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار كۆپ بولمىسىمۇ ، ئەمما
يەنىلا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولغان . شەرقىي رىم قوشۇن ئەۋەتىپ
پېرسىيىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەم بېرىش جەريانىدا[①] بىر
قىسىم تۈرك نۆكەرلىرىنى ئەسىرگە ئالغان : «تۈرك قوشۇنىد-

كىلەردىن بىرقانچىسى پېشانىسىگە كرېست بەلگىسىنى سىزىۋال-
غان ، . . . رىم پادىشاھى ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن كرېست بەلگىسى
سىزىۋالغانلىقىنى سورىغاندا ، ئۇلار : «ئىلگىرى شەرقىي سوغد-
يانادا كېزىك تارالغاندا خرىستىئان مۇرىتلىرى پېشانىسىگە
كرېست بەلگىسىنى چېكىۋالغان بولغاچقا ، كېزىك ئۇلارغا يۇق-
مىغانىدى ، دېيىشكەن . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ،
نېستورى دىنى مىلادىيە 591 ـ يىلىدىن 30 يىل بۇرۇنلا سوغد-
يانا ئەتراپىدىكى تۈركلەرگە تارقىلىپ بولغان .»[1]

ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈملەر

تۈركلەردىكى ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئاۋام قانۇ-
نى ، ھەربىي قانۇن ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى دەپ ئۈچ چوڭ
تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

ئاۋام (پۇقرا) قانۇنى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش ، باسقۇن-
چىلىق ـ پاھىشىۋازلىق قىلىش ، ئوغرىلىق ، قاتىللىق ، توي ـ
نىكاھقا دائىر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئۇلارنىڭ قانۇنىدا
ئاسىيلىق قىلغۇچىلار ، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ، باشقىلارنىڭ خو-
تۇنلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلار ۋە ئات چېدىرى ئوغرىلىغانلار
بىردەك ئۆلتۈرۈلىدۇ . باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا باسقۇنچىلىق قىل-
غانلاردىن زور مىقداردا مال ـ مۈلۈك تۆلىتىۋېلىنىدۇ ، شۇنداق-
لا باسقۇنچىلىق قىلغاننى خوتۇنلۇققا بېرىدۇ . ئۇرۇشۇپ ئادەم
يارىلاندۇرغانلاردىن قىلمىشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ
مال ـ مۈلۈك تۆلىتىۋېلىنىدۇ . ئات ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكنى
ئوغرىلىغانلارغا ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ 10 ھەسسىسىدىن ئارتۇق
جەرىمانە قويۇلىدۇ . . . تاغىسى ئۆلسە ئوغلى ، ئىنىسى ياكى
جىيەنى ئۆگەي ئانىسىنى ، ھامماتاچىسىنى ۋە يەڭگىسىنى خوتۇن

قىلىدۇ. پەقەت ئەڭ ھۆرمەتلىكلىرىنىلا ئۇنداق شەھۋەتكە قۇربان قىلمايدۇ.»[52]

ھەربىي قانۇن قوشۇننى يۆتكەش ۋە ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قوشۇن يۆتكەش ھەققىدە تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «يۈرۈشكە ئەسكەر چىقارغاندا، چارۋا - ماللاردىن باج ئالغاندا ياغاچقا بەلگە قويۇش ئارقىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا بىر تال ئالتۇن باشاقلىق ئوقنى موم بىلەن پېچەتلەپ قارارنى ئىپادىلەيدۇ.»[53]

ئەسكىرىي يۈرۈش توغرىسىدا تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئاي تولۇشنى كۈتىدۇ، ئاي تولۇن بولغاندا باسقۇنغا ماڭىدۇ... بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە بىر تاش تىكلەپ قويىدۇ، بەزىلىرىنىڭ (تېشى) يۈزگە ۋە مىڭغا يېتىدۇ... جەڭدە ئۆلۈشنى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈشتىن ئەلا بىلىدۇ...»[54]

ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمى قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئەمەل - مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە تۈركچە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... ئاتا - بوۋام تۇمەن قاغان، ئىستەمى قاغان... ئۇلار ئەنە شۇنداق داڭلىق قاغانلاردىن بولغانىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىلىرى قاغان بوپتۇ. ئوغۇللىرىمۇ قاغان بوپتۇ... ئاكا بىلەن ئىنە ئۆچمەنلەشكەنلىكى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەنلىكى ئۈچۈن... قاغان دەپ نام ئالغان قاغاندىن ئايرىلىپ قاپتۇ...» بۇ يەردىكى «قاغان دەپ نام ئالغان» لار ئەمەلىيەتتە دەل تۇمەن ۋە ئىستەمى بېكىتكەن تەختنىڭ ئاتىدىن بالىغا قېلىش تۈزۈمى بويىچە تەختكە چىققان قاغانلارنى

كۆرسىتىدۇ . «ئاكا بىلەن ئىنە ئۆچمەنلەشكەنلىكى ئۈچۈن» بۇ خىل تۇزۇم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان . شۇڭا ، ئېركىن زاماندىن كېيىن قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشتا مالىمانچىلىق كېلىپ چىققان . شۇنداق بولسىمۇ قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان . تەختكە چىقىشتا يەنە بەلگىلىك مۇراسىم قائىدىلەر بولغان . تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «دەسلەپ ، ۋەزىر - بۇيرۇقلار (قاغاننى) كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ قۇياش يۆنىلىشى بويىچە توققۇز نۆۋەت ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ . ھەربىر ئايلانغاندا قول ئاستىدىكىلەر تىزلىنىپ ئىتائىتىنى نامايىش قىلىدۇ . كېيىن يۆلەپ ئاتقا مىندۈرىدۇ ۋە شايى بەلۋاغ بىلەن (قاغاننىڭ) كارنىيىنى بوغۇپ تاكى تىپىرلاپ كۆزلىرى ئالىيىپ كەتكۈچە سىقىدۇ ، ئاندىن سەل بوشىتىپ تېزلا : «سەن نەچچە يىل قاغان بولارسەن ؟» دەپ سورايدۇ . كاللىسى ئايلىنىپ كەتكەن قاغان ئاغزىغا كەلگەنچە بىر ساننى دەپ ، ئېنىق ساننى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ . ۋەزىر - بۇيرۇقلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆزلىرى كېڭىشىپ ئەڭ قىسقا بىر ساننى بەلگىلەپ قويىدۇ .»⊗

ئەمەل - مەنسەپلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «چوڭ ئەمەللەردىن يابغۇ ، شاد ، تېگىن ، ئەلتەبىر ، تۇدۇندىن تارتىپ كىچىك ئەمەللەرگىچە جەمئىي 28 دەرىجىگە ئايرىلغان ، ھەممىسى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ .»⊗

## باشقا ئىجتىمائىي ئادەتلەر

تۈركلەر ئەسكىرىي ئىشلارغا ماھىر . تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ ، قېرى - چۆرىلەر كەمسىتىلىدۇ ، قاۋۇل - كۈچتۈڭگۈرلەر ئەتى-

ۋارلىنىدۇ .»[37] «ئوۋچىلىقنى كەسىپ ، ئەلەمنى ئادەت قىلغان .»[38]

تۈركلەر كېيىكنى ئەتىۋارلىغان : «مىڭبۇلاق . . . قا تۈرك قاغانى يايلاۋغا كەلگەندە كېيىكلەر دالانى بىر ئالاتتى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە قوڭغۇراق ، ھالقا دېگەندەك نەرسە بېزەكلەر ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ ، قولغا بەكلا كۆنۈك ئىدى . ئادەمدىن زادىلا ھۈركۈمەيتتى . قاغان قوۋم - قېرىنداشلىرىغا كېيىكلەرگە چېقىلماسلىق ، بىرەرىنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ جەددى - جەمەتىنى قۇرۇتۇۋېتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەن بولغاچقا ، بۇ كېيىكلەر ئۆز ئەجىلى يېتىپ كەلگۈچە خاتىرجەم ياشىيالايتتى .»[39]

تۈركلەر ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر . تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئوغۇللىرى تاشلاشماق ئويناشقا ئۇستا ، قىزلىرى تاقلاشقا ۋە ئېگىلىشكە ماھىر . قىمىز ئىچىپ تازا قىزىغاندا ، بىر - بىرىگە بېيىت ئېيتىشىدۇ .»[40]

تۈركلەر يەنە ھۈنەر - سەنئەتكىمۇ كامىل . بۇ ئۇلارنىڭ مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىغا پىششىقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شەرقىي رىم ئەلچىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ يېرىگە كەلگەندە ، ئىستەمى قاغان ئۇنى ئىككى چېدىردا كۈتۈۋالغان ، «ئۆيلەرنىڭ بىرىدە ئوتتۇرىغا بىر ھەيكەل قويۇپ قويۇلغانىكەن . . . ئۆيدىكى جابدۇقلار ، چىنە - قاچىلار ، كوزا - ئىدىشلار پۈتۈنلەي ئالتۇندىن ئىكەن . يەنە بىر ئۆينىڭ تۈۋرۈكلىرى پۈتۈنلەي ئالتۇندىن نەقىشلەنگەنىكەن . ئۆيدە بىر ئالتۇن كارىۋات بولۇپ ، توز شەكىللىك تۆت پۇتى بار ئىكەن . چېدىر ئالدىدىكى ھارۋىغا لىققىدە كۈمۈش پەتنۇسلار ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان ھايۋانلار ھەيكەللىرى سېلىنىپ قويۇلغانىكەن . بىز ياۋايى دەپ قارىغان بۇ خەلق ، ئەمە-

لىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىكەن .»[41]

تۈركلەرنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆز نۆۋىتىدە تۈرك جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان . ئۆزگىرىش تەرەققىياتتۇر ، ئۆزگىرىش تەرەققىياتنى نامايان قىلىشتۇر ، ئۆزگىرىش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇندۇر ، شۇنداقلا ئۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر .

ئىزاھلار :

①②⑪⑫⑬⑯⑱ «جۇنامە . يۇ ۋېنزېنىڭ تەرجىمىھالى»
③④㉟ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑤ «سۇينامە . ياڭدى ھەققىدە خاتىرىلەر»
⑥⑦⑧⑨⑩㊳ «كونا تاڭنامە . تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ بېشى»
⑭ «سۇينامە . تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ بېشى»
⑮ «سۇينامە . تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ ئاخىرى»
⑰㉑ «يېڭى تاڭنامە . تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ بېشى»
⑨ «مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسى (داۋامى ) . جىنانا گۇپتانىڭ تەرجىمەھالى»
⑲⑳ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى خان ئوردىسى خاتىرىلىرى» ، 5 ـ جىلد
㉒ «مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسى (داۋامى ) . داۋپەننىڭ تەرجىمىھالى»
㉓ «مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسى (داۋامى ) . پارامىتانىڭ تەرجىمىھالى»
㉔㊴ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ، 1 ـ جىلد
㉕ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ، 12 ـ جىلد
㉖ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى»
㉗ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى چوڭ مېھىر ـ شەپقەت ئىبادەتخانىسى ترى پىتاكاچاريا تەرجىمىھالى»

㉘ «كۈنپېتىشتىكى تۈرلۈك قوۋملار» ،4 ـ جىلد
㉙ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» — «تۈركلەر ۋە رىمنىڭ پارسلارغا ھۇجۇم قىلىشى»
㉚㉛㊶ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 4 ـ قىسىم، «شەرقىي رىمنىڭ تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىشى»
㉜㉝㉟㊲ «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»
㉞㊱㊵ «سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»

【قوشۇمچە 1】

# تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تەسىس قىلغان تۇتۇق مەھكىمىلەر

شۇنجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ ئاشىنا قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان)

يۇجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش)

خۇاجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش)

چاڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش)

يۈنجوڭ تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ ئاشىنا، شارىر قەبىلىلىرىدە تەسىس قىلىنغان)

دىڭشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ ئاشىدىر قاتارلىق قەبىلىلىرىدە تەسىس قىلىنغان)

دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى (ئۇيغۇرلاردا تەسىس قىلىنغان)

جىنجى تۇتۇق مەھكىمىسى (قىرغىزلاردا تەسىس قىلىنغان)

يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تەلەنغۇت قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان)

يۈلىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى (بايىرقۇ قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان)

گۈيلىن تۇتۇق مەھكىمىسى (توڭرا قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان)

گاۋلەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ ھۇن قاتارلىق قەبىلە-
لىرىدە تەسىس قىلىنغان )
لۇشەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ سىغىر قەبىلىسىدە
تەسىس قىلىنغان )
لاڭشەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ قاپىش ، قارلۇق قاتار-
لىق قەبىلىلىرىدە تەسىس قىلىنغان )
بېيكەي تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ ئاشىنا قەبىلىسىدە تە-
سىس قىلىنغان )
بېيۋۇ تۇتۇق مەھكىمىسى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش )
فاڭچى تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈرك قەبىلىلىرىدە تەسىس قى-
لىنغان )
بېيئەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ ئاشىنا قەبىلىسىدە تە-
سىس قىلىنغان )
جېڭبيەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈرك قەبىلىلىرىدە تەسىس قى-
لىنغان )
بېينىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ ئاشىنا قاتارلىق قەبى-
لىلىرىدە تەسىس قىلىنغان )
خېلەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ قاپىش قەبىلىسىدە تە-
سىس قىلىنغان )
خاككاس تۇتۇق مەھكىمىسى (قىرغىزلاردا تەسىس قىلىنغان )
شىنلى تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ قاپىش قەبىلىسىدە تە-
سىس قىلىنغان )
ساڭچيەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ ئاشىنا ئۆشۈر قاتار-
لىق قەبىلىلىرىدە تەسىس قىلىنغان )
خۇيۇەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدە
تەسىس قىلىنغان )
داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسى (سىر - تاردۇشلاردا تەسىس قىلىن-

غان )
شىگشى تۇتۇق مەھكىمىسى (غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىدە تەسىس
قىلىنغان )

## تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان تۇتۇق مەھكىمىلەر

بەگيان تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ چۇمۇقۇن قەبىلىسىدە
تەسىس قىلىنغان )
ئۇرلۇغ تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ تۈرگەش قەبىلىسىدە
تەسىس قىلىنغان )
يەتتە سۇ تۇتۇق مەھكىمىسى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش )
ئىككى ئۆگۈز تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ ئىستەتون قەبە-
لىسىدە تەسىس قىلىنغان )
يۇلتۇز تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ سۇنىش قەبىلىسىدە
تەسىس قىلىنغان )
تۇزلۇقكۆل تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ قارلۇق قەبىلە-
سىدە تەسىس قىلىنغان )
يىنشەن تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدە
تەسىس قىلىنغان )
دەشت ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش )
زايسان ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش )
جىنفۇ ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش )
ئۇرۇمتاي ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ چۇمۇل قە-
بىلىسىدە تەسىس قىلىنغان )
ئالتۇنبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى (تۈركلەرنىڭ چىگىل قەبىلىسى-
دە تەسىس قىلىنغان )

ياغما ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى (ياغما قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان)
يەنلۇ ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
گېشى ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
قۇشۇ ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى (تۇرگەشلەردە تەسىس قىلىنغان)
تۇزلۇقكۆلنىڭ غەربىي ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
تۇزلۇقكۆلنىڭ شەرقىي ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
تېلې ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
كاسا ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
بېھىراكى ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
شاداپىت ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى (تۇركلەرنىڭ شاداپىت قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان)
دالان ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى

يۇقىرىدىكى تۇتۇق مەھكىمىلەر بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىغان، تۆۋەندىكى تۇتۇق مەھكىمىلەر ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىغان.

كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسى
كىنگىت تۇتۇق مەھكىمىسى
سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى
كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى
توخار تۇتۇق مەھكىمىسى
ئۇلۇغ خان تۇتۇق مەھكىمىسى
تەزىك تۇتۇق مەھكىمىسى
سۇمان تۇتۇق مەھكىمىسى

كابۇل تۇتۇق مەھكىمىسى
گىلگىت تۇتۇق مەھكىمىسى
پەنجكەت تۇتۇق مەھكىمىسى
ياپبان ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
ھىسسار ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
قۇم ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
ئۇلاق ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
قۇندۇز ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
قارا تال ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
بارخۋان ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
قۇۋادىيان ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسى
پارس تۇتۇق مەھكىمىسى

## غەربىي تۈرك بەش تۇغلۇقلار ۋە بەش
## ساداقلىقلارغا تەۋە قەبىلىلەر

بەش تۇغلۇقلۇقلارغا تەۋە قەبىلىلەر :
چۇمۇقۇن قەبىلىسى
قارلۇق چۇر قەبىلىسى
شىشىتى تۇن قەبىلىسى
تۈرگەش قاراش قەبىلىسى
سۇنىش چۇبان قەبىلىسى

بەش ساداقلىقلارغا تەۋە قەبىلىلەر :
ئاسكىل كۇل قەبىلىسى
قۇشۇ كۇل قەبىلىسى
بارسغان تۇن ئىشبارا قەبىلىسى
ئاسكىل نىزۇك قەبىلىسى
قۇشۇ چۇبان قەبىلىسى

【قوشۇمچە 2】

## تۈرك ئىنال قاغاننىڭ سىرى

«سۈينامە . غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «غەربىي تۈركلەردىن مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى تالاچىنىڭ ئىشبارا بىلەن ئاداۋىتى بولغانلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، كۇنسايىن كۈچەيدى . . . تالاچ قارا چۇر تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىندى . ئۇ يانسۇ تېگىننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىنال ( 泥利 ) قاغان دەپ ئاتالغان .»

بۇ بىر ئابزاس ماتېرىيالدا شەرقىي، غەربىي تۈركلەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان چىگىش تارىخىي سىرلار تا بۈگۈنگىچە ئىلىم ئەھلىنى گۇمانغا سېلىپ كەلمەكتە . بىلىم چەكلىك بولغانلىقتىن، بۇ ماقالىدە سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشۇمۇ مۇمكىن، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسەتمە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

تالاچ غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىشبارا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى ئىشى . «سۈينامە» دىمۇ ئەسلىدىنلا ئىنتايىن ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە مۇنداق بىر ئابزاس بايان بار : «مۇقان قاغان 20 يىل تەختتە ئولتۇردى . ئۆلگەندە ئورنىغا ئوغلى تالاچ چىقماي ئىنىسى چىقىپ، تاسپار قاغان دەپ ئاتالدى، . . . (تاسپار ) ئون يىل تەختتە ئولتۇردى . كېيىن قاتتىق كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئوغلى ئالپقا : «ئاڭلىشىمچە

قېرىنداشلار ئىچىدە ئاتا - بالىدىن يېقىن ئادەم بولماس ئىمىش، ئاكام ئوغلىغا يېقىن بولمىغانلىقتىن، ئورنىنى ماڭا بەرگەنىدى. مەن ئۆلۈپ كەتسەم تالاچتىن يىراقراق تۇرغىن، دېدى. تاسپار ئۆلگەندىن كېيىن، ئوردىدىكىلەر تالاچنى قاغان قىلماقچى بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تېگى پەس بولغانلىقتىن، ئەل ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى، ئالپنىڭ ئانىسى ئېسىلزادىلەردىن بولغانلىقتىن، تۈركلەر ئۇنى ئىززەتلىدى. ئاخىرىدا ئىدۇق (نىڭزار) كېلىپ ئوردىدىكىلەرگە: «ئەگەر ئالپ قاغان بولسا، مەن قېرىنداشلىرىمنى باشلاپ خىزمىتىدە بولىمەن. تالاچ قاغان بولسا، مەن تەۋەيىمنى چىڭ ساقلاپ قىلىچ - نەيزىلىرىم بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىمەن، دېدى. ئىشبارا چوڭ ھەم باتۇر بولغاچقا، ئەلدىكىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاقىۋەت ئالپ قاغان بولدى. تالاچ قاغان بولالمىغانلىقتىن، كۆڭلىدە ئالپقا قايىل بولماي، دائىم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ھاقارەتلىدى. ئالپ ئامال قىلالماي تەختنى ئىدۇققا ئۆتۈنۈپ بەردى... تەڭرىدىن بولمىش كۆلۈگ تۈرك ئىلىگ قۇتلۇق شاد باغا ئىشبارا قاغان دەپ ئاتالدى.... تالاچ ئىشباراغا: «ئىككىلىمىز قاغان ئەۋلادلىرىدىنمىز، ھەر ئىككىلىمىز ئاتىلىرىمىزنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. ھالا بۈگۈن سەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتىڭ، مەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشبارا ئۇنىڭ بىرەر ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا ئابا قاغان دېگەن نامنى بېرىپ، ئۆز قوۋمىنى باشقۇرۇشقا قويدى.»

بۇ ئابزاس ماتېرىيالدا تالاچ بىلەن ئىشبارانىڭ مۇناسىۋىتى ھەم ئۇلارنىڭ «ئاداۋىتى» نىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئېنىق ئېچىپ بېرىلگەن. باشقا تارىخنامىلەردىمۇ مۇشۇنداق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تالاشقۇدەك يېرى يوق.

ئەينى چاغدا غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانى تاردۇش قاغان بولۇپ، ئۇ يەنە بىلگە قاغان دەپمۇ ئاتىلاتتى. تالاچ قېچىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، پاناھ تارتىپ بارغىنى دەل مۇشۇ تاردۇش قاغان ئىدى. «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە بۇ ھەقتە ئېنىق قىلىپ مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئىشبارا قاغاننىڭ خاتۇنى يۈۋېن ئۇرۇقىدىن بولغان مەلىكە چيەنجىن بولۇپ، ئۇ جەمەتىنىڭ نەسەبى ئۈزۈلگەنلىكىدىن ئازابلىنىپ، دائىم سۈي سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خىيال قىلدى ھەمدە كېچە - كۈندۈز بۇ خۇسۇستا ئىشبارا قاغانغا دەرد تۆكتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشبارا قاغان قوۋمىنى باشلاپ بولاڭچىلىق قىلدى... ئاچ قېلىپ، ئۇزۇقلۇق تاپالمىغانلىقتىن، سۆڭەكنى تالقان قىلىپ يېدى؛ يەنە ۋابا تارقىلىپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. ئابا قاغان ئىنتايىن جەسۇر بولغاچقا، ئىشبارا قاغان ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنى ئاۋۋال يولغا سېلىۋېتىپ، ئارقىدىن قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى ھەم ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئابا قاغان بارىدىغان يېرى يوق بولغاچقا، غەربكە، يەنى تاردۇش قاغاننىڭ يېنىغا باردى. تاردۇش ئىشبارا قاغاننىڭ تاغىسى بولۇپ، ئىلگىرى غەربىي قاغان دەپ ئاتالغانىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئابا قاغاننى ئەسكەر باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىپ، قوۋمىدىكى 10 تۈمەندىن ئارتۇق چەۋەندازنى ئىشبارا بىلەن سوقۇشقا ئاتلاندۇردى.» «سۈينامە. جاڭ سۈنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «(ئىشبارا) ئابادىن گۇمانلىنىپ، شىمالدىكى بارگاھىنى بېسىۋېلىپ، قەبىلىسىدىكىلەرنى قوشۇۋالدى ھەم ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئابا بارار يېرى يوق بولغاچقا، غەربكە، يەنى تاردۇ قاغاننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن 10 تۈمەندىن ئارتۇق ئەسكەر سوراپ ئېلىپ، ئىشبارا قاغانغا ھۇجۇمغا ئاتلاندى ھەمدە ئۆز يېرىنى ئىگىلەپ، چېچىلىپ

كەتكەن ئادەمدىن نەچچە تۈمەننى يىغىپ، ئىشبارا بىلەن سوقۇشتى. ئۇرۇشتا ئابا قاغان ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، كۈچى كۈنسايىن زورايدى.» بۇ ئابزاس ماتېرىيالدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئابا قاغان تالاچىنىڭ زېمىنى، يەنى تۈركلەرنىڭ «شىمالدىكى بارگاھى» (北牙) دا بولغان. ئۇ غەربكە، يەنى تاردۇش قاغاننىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، كونا قوۋمىدىن 10 تۈمەن ئادەمنى يىغىپ، يەنە تاردۇش قاغاندىن 10 تۈمەن ئەسكەر سوراپ، 20 تۈمەن ئەسكەر بىلەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋالغان ۋە شىمالدىكى بارگاھىغا قايتىپ بېرىپ، ئىشبارا قاغان بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ، ھايات - ماماتلىق جىددىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ شەرقىي، غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشى بولماستىن، بەلكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پارچىلىنىشىدۇر.

شەرقىي، غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ ئىپادىلىرى بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن كۆرۈلۈشكە باشلىغان، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ۋە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بولغان ئىلىگ قاغان تۈمەننىڭ ئىنىسى ئىستەمى، ئىستەمىنىڭ ئوغلى تاردۇ، يەنى تاردۇش قاغان ئىدى. ئىستەمى بۇرۇنلا غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەپ تۇرغان مەشھۇر سەركەردە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغدا تۈركلەر تېخى پارچىلانمىغانىدى. مۇقان قاغان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، تاردۇش قاغان مۇستەقىل كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ، مۇقان قاغاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇنمىدى. تالاچ بىلەن ئىشبارانىڭ توقۇنۇشىدا تۈركلەر ئاشكارا يوسۇندا بۆلۈنۈش يولىغا ماڭدى. ئىستەمىنىڭ ئەۋلادلىرى غەربىي تۈركلەرگە قاغان بولدى. تالاچ بولسا شەرقىي تۈركلەردىن بولۇپ، ئۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بولماستىن، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىدى. ئۇنىڭ نەزەربەند قىلىنىشى غەربىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئالمىشىشىغا تەسىر كۆر-

سەتتى .

ئەمەلىيەتتە ، تاردۇش قاغان بۇ ۋاقىتتا يەنىلا ئۇلۇغ ـ سول غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانى ئىدى .

تالاچ مىلادىيە 587 ـ يىلى ، يەنى سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 7 ـ يىلى نەزەربەند قىلىنىپ ، ئىلىگە ئىنال قاغان بولدى . مىلادىيە 588 ـ يىلى ، يەنى سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 8 ـ يىلى ، تالاچنى نەزەربەند قىلغان قارا چۇر قاغان ئالەمدىن ئۆتۈپ ، ئورنىغا ئىشبارانىڭ ئوغلى يارلۇق ئولتۇرۇپ ، ئەلتەرىش تۇران قاغان دەپ ئاتالدى .

تۇران قاغاننىڭ خاتۇنى شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ مەلىكىسى چيەنجىن بولۇپ ، سۈي ياڭدى ئۇنىڭغا ياڭ فامىلىسىنى بېرىپ ، نامىنى مەلىكە دايىگە ئۆزگەرتكەنىدى . مەلىكە دايى ئۆز ئېلىنىڭ گۇمران بولغانلىقىدىن ئازابلىنىپ ، نەزمە يېزىپ ھەسرىتىنى ئىپادىلىدى . سۈي ۋېندى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۇنى كۆز - دىن يوقىتىش قارارىغا كەلدى . شۇ چاغدا ، ئىشبارانىڭ ئوغلى رامقان ، يەنى تۆلىش قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ نىكاھلىنىش تەلىپى - نى قويدى . سۈي سۇلالىسى خان جەمەتىدىن مەلىكە ئەنيىنى تۆلىشقا نىكاھلاپ بەردى . تۇران قاغان بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ ، غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى تاردۇش بىلەن بىرلە - شىپ تۆلىش قاغان رامقانغا ھۇجۇم قىلدى . بۇ چاغ مىلادىيە 599 ـ يىلى ، يەنى سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 19 ـ يىلى ئىدى . «سۈينامە . جاڭ سۇنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرى - لەنگەن : «19 ـ يىلى ، رامقان جاڭ سۇنشېڭغا مەكتۇپ ئەۋەت - كەنلىكتىن ، يارلۇق قورال ـ ياراغ تەييارلاپ ، داتۇڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن يارلىققا بىنائەن ئالتە نەپەر باشبوغ ھەم ھېراۋۇل خەنبېگى يوللارغا بۆلۈنۈپ ، يارلۇق - نى جازالاشقا ئاتلاندى . يارلۇق قورقۇپ ، تاردۇش بىلەن ئىتتى - پاق تۈزۈپ بىرلىشىپ رامقانغا ھۇجۇم قىلدى . ئۇرۇش سەددى -

چىن تۇۋدە بولدى ، رامقان يېڭىلىپ ئۇرۇق - ئەۋلادى ئۆلتۈرۈلۈپ ، قەبىلىسى تاراپ كەتتى .»

ئەگەر غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇ چاغدىكى چوڭ قاغانى ئىنال قاغان دېسەك ، ئۇ هالدا تۇران قاغانىنىڭ بىرلەشكىنى تاردۇش قاغان بولماستىن ، ئىنال قاغان بولۇشى كېرەك . لېكىن ، ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ، تۇرانىنىڭ بىرلەشكىنى ئىنال قاغان بولماستىن ، بەلكى تاردۇش قاغان . بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى ، ئىنال قاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بولماستىن ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى .

مەلىكە دايى ئىنال قاغان بىلەن بىرلىشىپ سۈي سۇلالىسىگە ئورتاق قارشى تۇرغان بولۇپ ، ئۇ بىرلەشكەن ئىنال قاغان ئابا قاغان تالاچىنىڭ ئەۋلادى ، يەنى تالاچىنىڭ «ئېلىدىكىلەر» تىكلىگەن قاغاندۇر . بۇ ئىنال قاغان تارىختا غەربىي قاغان دەپ ئاتالغان . «سۈينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «مەلىكە (دايى ) تۈركلەرنىڭ غەربىي قاغانى ئىنال قاغان بىلەن بىرلەشتى، خان ئۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇلارنى يوقاتماقچى بولدى .»

«غەربىي قاغان» يەنە «بۆرى قاغان» دەپمۇ ئاتالغان تۈرك قاغانلىقىدا تارىختىن بۇيان قوللىنىلىپ كەلگەن ئەمەل نامى بولۇپ ، ئىستەمى قاغان بىلەن تاردۇش قاغانمۇ تۈرك قاغانلىقىنىڭ «غەربىي قاغانى» بولغان . «سۈينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى» دە ئېنىق قىلىپ : «تاردۇش ، . . . ئىشبارانىڭ تاغىسى ، بۇرۇن غەربىي قاغان دەپ ئاتالغان . . .» دېيىلگەن . شەرقىي ، غەربىي تۈركلەر ئاشكارا پارچىلانغاندىن كېيىن ، تاردۇش ئاندىن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان . بۇ چاغدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ غەربىي قاغانى بولسا ، مەلىكە دايى بىلەن بىرلەشكەن ، ئابا قاغان تالاچىنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنال قاغان ، يەنى «سۈينامە . غەربىي

تۈركلەر تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان «تالاچ قارا چۇر تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېلىدىكىلەر تىكلىگەن . . .» ئىنال قاغان.

غەربىي تۈركلەردىمۇ بىر ئىنال قاغان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئىستەمى، تاردۇش قاغانلارنىڭ ئەۋلادى، يەنى نۇر كۇل قاراقاغان تامامنىڭ ئاتىسىدۇر. «سۇينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «. . . ئىنال قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى تارمان قاغان بولۇپ، نۇر كۇل قارا قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئانىسى جۇڭگولۇق بولۇپ، شياڭ ئۇرۇقىدىن ئىدى. ئىنال ۋاپات بولغاندا، ئۇ ئىنىسى بارس تېگىنگە ياتلىق بولدى. كەيخۇاڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بارس تېگىن ئۇنىڭ بىلەن ئوردىغا سالامغا كىرگەندە، تاردۇشنىڭ پاراكەندىچىلىكى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پايتەختتە قېلىپ، خۇدەيچىلەر مەھكىمىسىدە ئەمەلگە تەيىنلەندى.»

نىزۇك قارا قاغان مىلادىيە 611 ـ يىلى، يەنى سۇي ياڭدىنىڭ دايې 7 ـ يىلى ئوردىغا كىرىپ سۇي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي تۈركلەر يابغۇنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن. يابغۇنىڭ ئاتىسى تۇغلۇق قاغان ئىدى. «سۇينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «يابغۇ تۇغلۇقنىڭ ئوغلى، تاردۇشنىڭ نەۋرىسىدۇر . . .»

نۇر كۇل قارا قاغان سۇي ياڭدىغا ئەگىشىپ كورېيىگە يۈرۈش قىلغاندا ئۇنىڭغا يەنە قازار قاغان (葛萨那可汗) دېگەن نام تەقدىم قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يابغۇ قاغاننىڭ جىيەنى ئىدى. «كونا تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «دەسلەپ قازار ئوردىغا سالامغا كىرگەندە، سۇي ياڭدى ئۇنى تۇتۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېلىدىكىلەر تاغىسى يابغۇنى قاغان قىلىپ تىكلىدى.» بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، يابغۇ قاغان قازارنىڭ تاغىسى بولغانىكەن، ئەلۋەتتە قازارنىڭ دادىسى ئىنال-

ننىڭ ئىنىسى بولىدۇ . يابغۇ قاغاننىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى تۇغلۇق بولغانىكەن ، ئىنالنىڭ دادىسىمۇ چوقۇم تۇغلۇق بولىدۇ . تۇغ-لۇق بولسا تاردۇش قاغاننىڭ ئوغلى ، ئىنال قاغان بولسا ، تاردۇش قاغاننىڭ نەۋرىسى بولىدۇ .

تاردۇشنىڭ نەۋرىسى ئىنال دەل غەربىي تۈركلەر تىكلىگەن ئىنال قاغاننىڭ ئۆزىدۇر . بۇ ئىنال قاغان تەخمىنەن مىلادىيە 603 - يىلى ، يەنى سۇي ۋېندىنىڭ رېنشو 3 - يىلى تەختكە چىققان . بۇنىڭدىن ئىلگىرى تاردۇش قاغان يەنىلا قوشۇن تارتىپ يۈرۈش قىلىپ ، سۇي سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ۋە ئۇلارغا تەسلىم بولغان شەرقىي تۈرك قەبىلىلىرىگە تەھدىت سېلىپ كەلگەن . تۆۋەندىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا قاراپ باقايلى .

«سۇينامە . قىۋارنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلگەن : « «قىۋار » لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ باشبوغلۇقىغا تەيىنلەندى . بۇرۇن تۈركلەر دائىم بۇلاڭچىلىق قىلاتتى . قىۋار تۈرالارنى ياساپ ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ ، ئۇلارنى يىراق قوغلىۋەتتى . . . » بۇ مىلادىيە 588 - يىلى ، يەنى سۇي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 8 - يىلى ئىدى .

«سۇينامە . يۈەنجۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرىلەن-گەن : «تۈركلەر كۆپ قېتىم چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى . ئوردا يۈەنجۇنى ئىناۋىتى چوڭ دەپ قاراپ ، لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ باشبوغلۇقىغا تەيىنلىدى . » بۇ مىلادىيە 590 - يىلى ، يەنى سۇي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 10 - يىلى ئىدى .

«سۇينامە . يۇ جۇڭۋېننىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتى-رىلەنگەن : «كېيىنكى يىلى ئەمەل مەرتىۋىسى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈلۈپ ، ئەسكەر باشلاپ مايىغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ ، غۇزلاردىن مۇداپىئە كۆردى . بىرقانچە ئايدىن كېيىن ، يەنە بىكار قىلىندى . » بۇ مىلادىيە 591 - يىلى ئىدى .

«سۇينامە . خې رويىنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرى-

لەنگەن : «تۈركلەر كۆپ قېتىم چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالـ
دى . ئۇردا خې رۇيىنى ئىناۋىتى چوڭ دەپ قاراپ ، لىگجۇ
ئايمىقىنىڭ ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلەپ ، ئەركان مەرتىۋىسىنى
بەردى . . . شىمالدىكى بەدەۋىلەر بۇنىڭدىن قورقتى .» بۇ مىلا-
دىيە 592 ـ يىلى ، يەنى سۈي ۋېندىنىڭ 12 ـ يىلى ئىدى .
«سۈينامە . يانسۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرىلەنـ
گەن : «تۈركلەردىن تاردۇش قاغان چېگرىغا بېسىپ كىردى .
يانسۇ لىگجۇ ھەربىي يۈرۈش باشبوغى بولۇپ جازا يۈرۈشى قىلـ
دى . . .» بۇ مىلادىيە 598 ـ يىلى ، يەنى سۈي ۋېندىنىڭ
كەيخۇاڭ 18 ـ يىلى ئىدى .
«سۈينامە . ۋېندى ھەققىدە خاتىرىلەر» دا مۇنداق خاتىرد-
لەنگەن : «تۈركلەردىن تۆلىش قاغان ئاستىرتىن بېقىندى . تار-
دۇش قاغان چېگرىغا بېسىپ كىردى . شۇنىڭ بىلەن ، ھەربىي
يۈرۈش باشبوغى شى ۋەنسۈي زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلدى .» بۇ
مىلادىيە 599 ـ يىلى ، يەنى سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 19 ـ
يىلى ئىدى .
«سۈينامە . شى ۋەنسۈينىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىـ
رىلەنگەن : «كەيخۇاڭنىڭ ئاخىرقى يىلى ، تۈركلەردىن تاردۇ
قاغان چېگرىغا بېسىپ كىردى ، خان خەنبېگى لياڭ ۋە شى
ۋەنسۈيگە مايىدىن ئاتلىنىش . . . ھەققىدە پەرمان بەردى . شى
ۋەنسۈي ئەركان جاڭ دىڭخېنى . . . باشلاپ ، داجىن تېغىدا بۇ-
لاڭچىلار بىلەن ئۇچراشتى . تاردۇش ئادەم ئەۋەتىپ سۈي سانغۇ-
نىنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈردى . چارلىغۇچى ‹شى ۋەنسۈي
ئىكەن› . . . دېدى . تاردۇش ئاڭلىغاندىن كېيىن قورقۇپ قاي-
تىپ كەتتى .» بۇ مىلادىيە 600 ـ يىلى ، يەنى سۈي ۋېندىنىڭ
كەيخۇاڭ 20 ـ يىلى ئىدى .
«سۈينامە . جاڭ جوڭچېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خا-
تىرىلەنگەن : «ئۇردا تاردۇشنىڭ پۇقرالارنى بۇلىغانلىقىنى ئاڭ-

لاپ ، جاۋ جوڭچىڭغا 2 تۈمەن ئەسكەر بىلەن بىرىپ مۇداپىئە كۆرۈشكە پەرمان بەردى . دەيجۇ ئايمىقىنىڭ باشبوغى خەن خۇڭ . . . قاتارلىقلار ئاتلىق ۋە پىيادە 1 تۈمەن قوشۇن بىلەن بىرىپ ئەمنىلىك ئورناتتى . تاردۇش 10 تۈمەن ئەسكەر بىلەن بۇلاڭچىلىققا كەلدى . خەن خۇڭنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولدى . جاۋ جۇڭچىڭ لىنىڭ قورغىنىدىن چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، بۇلاڭچىلاردىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى . » بۇ مىلادىيە 601 ـ يىلى ، يەنى سۈي ۋېندىنىڭ رېنشو 1 ـ يىلى ئىدى .

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تولۇقسىز تارىخي مەلۇماتلاردىن تاردۇش قاغانىنىڭ ھەر يىلى دېگۇدەك ئەسكەر چىقىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

خەلق تىنچ ـ ئامانلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ . تاردۇشنىڭ توختىماي قوشۇن چىقىرىشى كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىشى تەبىئىي ئىدى . شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 603 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىمانچىلىق يۈز بەردى . «سۈينامە . جاڭ سۈنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «3 ـ يىلى (رېنشو 3 ـ يىلى ) تېلېلاردىن سىغىر ، بورلى ، ھۇن ، قاسار ، ئابا ، بۇقۇت قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق قەبىلە تاردۇشتىن يۈز ئۆرۈپ ئەل بولۇشقا كەلدى . تاردۇش قوۋمى پىتىراپ كەتكەنلىكتىن ، غەربتىكى تۇيغۇنلارنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى . »

ئۇنداقتا ئون نەچچە قەبىلىنىڭ يۈز ئۆرۈشى تاردۇشنىڭ غەربكە قېچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالامدۇ ـ يوق ؟ پاكىتلار كىشىنى شۈبھىلەندۈرىدۇ . مىلادىيە 582 ـ يىلى ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . تۈركلەر تەزكىرىسى » دە خاتىرىلىنىشىچە ، «تاردۇش جيۇچۈەنگە ھۇجۇم قىلغان . ئۇدۇن ، پارس ، ئېفتالىت قاتارلىق ئۈچ ئەل تەڭلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن . بۇ ئىش ئۇنىڭ غەربكە قېچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان يەردە ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلىلەرنىڭ يۈز ئۆرۈشى قانداقمۇ ئۇنىڭ غەربكە

قېچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ ؟ ئېنىقكى ، بۇ چاغدا غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى پەيدا بولغان . شۇنىڭ بىلەن ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بې-رىپ ، ئېلىدىكىلەر ئۇنىڭ نەۋرىسى ئىنالنى قاغان قىلىپ ، تاردۇشنى غەربكە قېچىشقا مەجبۇرلىغان ياكى ئۇنى يۇرتىغا قاي-تالمايدىغان ، پەقەت تۈيغۇنلارنىڭ قېشىغىلا بارالايدىغان قىلىپ قويغان .

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، غەربىي تۈركلەردىكى ئىنال قاغان مۇشۇ ۋاقىتتا تەختكە ئولتۇرغان . ئىنال قاغاننىڭ ئوغلى نۇر كۆل قارا قاغاننىڭ تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرۈلگەن ۋاقتى مىلادىيە 605 ـ يىلى ئىدى . «سۈينامە . تېلېلار تەزكىر-سى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «دايېنىڭ 1 ـ يىلى ، نۇر كۆل قارا قاغان تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ ھېسابىدا ئېلىپ كەتتى . . .»

نۇر كۆل قارا قاغان ھۇجۇم قىلغان تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ئىلگىرى تاردۇش قاغانغا ئاسىيلىق قىلغان 10 نەچ-چە قەبىلە بولۇپ ، «مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ ھېسابى-دا ئېلىپ كېتىش» بىر خىل جازالاش تەدبىرى بولسا كېرەك . ئىنالنىڭ قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقتى مىلادىيە 603 ـ يىلى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوغلى نۇر كۆل قارا قاغان تارىخىي ماتېرى-ياللاردا مىلادىيە 605 ـ يىلىدا كۆرۈلىدۇ . بۇنىڭدىن كۆرۈۋې-لىشقا بولىدۇكى ، ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئۇزۇن بول-مىغان ياكى ئۇ مىلادىيە 604 ـ يىلى ئۆلگەن .

دېمەك ، شەرقىي ، غەربىي تۈركلەردە ئىنال قاغاندىن ئىك-كىسى ئۆتكەن بولۇپ ، قەدىمكىلەر شىمالدىكى كۆچمەن مىللەت-لەر ئىچىدە ئوخشاش ئىسىملىكلەرنىڭ كۆپ بولىدىغىنىنى بىل-مىگەن ، بۇ ئەھۋال ھازىرمۇ شۇنداق . ئۇلارنىڭ ئىسمى ئوخشاش ياشىغان ، ۋاقتى ئوخشاش ، مىللىتى ئوخشاش بولغانلىقتىن ،

ئىككى ئادەم بىر دەپ قارىلىپ، بۇنىڭدىن تا ھازىرغىچە يېشىل-مەي كەلگەن سىرلار كېلىپ چىققان.

ناۋادا يۇقىرىدىكى ھۆكۈم توغرا بولسا، ئۇنداقتا ھەر ئىككى قاغاننىڭ ئاتىلىرى ئايرىم بولىدۇ، يەنى شەرقىي تۈركلەردىكى ئىنال قاغاننىڭ ئاتىسى يانسۇ تېگىن، غەربىي تۈركلەردىكى ئىنال قاغاننىڭ ئاتىسى تۇغلۇق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن-دىن بۇيانقى «تۇغلۇق بىلەن يانسۇ تېگىن بىر كىشى» دېگەن قاراشقا خاتىمە بېرىلىدۇ.

(بۇ ماقالە ئەسلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى» نىڭ 1985 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان، جۇڭخۇا قەدىمكى كىتابلار نەشرى-ياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو تارىخى تەتقىقاتىدىن تەرمىلەر» گە كۆچۈرۈپ بېسىلغان)

【قوشۇمچە 3】

# تۈرك قاغانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى توغرىسىدا

تۈرك قاغانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر كۆپ . مەن بۇ ماقالىدە چولتا بولسىمۇ ئۆز قارىشىمنى قويۇپ ئۆتمەكچىمەن . كۆپچىلىكنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن .

ماركسىزم ئۆلۈك نەرسە ئەمەس ، ئۇ كونكرېت شەيئى ياكى مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىدۇ . تارىخىي مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا قەدىمكىلەر نېمىنى دېسە شۇنى دورىماستىن ، چوقۇم مۇئەييەن تارىخىي كاتېگورىيە ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىش كېرەك .

تۈرك قاغانلىقىنىڭ پارچىلانغان ۋاقتى كۆپىنچە مىلادىيە 582 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 583 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان ۋاقىت ، يەنى ئىشبارا بەيداۋ ئىچىدا مەغلۇپ بولغان ۋە تالاچ تاردۇش （玷厥） نىڭ قېشىغا قېچىپ بارغان ۋاقىت دەپ قارىلىدۇ . زادى شۇنداق ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللارغا تەپسىلىي نەزەر سالساق ، بۇ قاراشنىڭ تازا توغرا ئەمەسلىكىنى بايقايمىز . چۈنكى ، تالاچ غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئەمەس ، بەلكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ نەسەبىدىن . ئەينى ۋاقىتتا ، ئۇ شەرقىي تۈركلەرنىڭ بىر كىچىك قاغانى ئىدى . شەرقىي تۈركلەرنىڭ بىر كىچىك قاغانىنىڭ غەربكە قېچىشى قانداقسىگە شەرقىي ، غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنىڭ ئاساسى بولالايدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ، بۇنى پەقەت شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پارچىلىنىش

دېيىشكىلا بولىدۇ . ئەلۋەتتە ، تالاچ ھەقىقەتەنمۇ غەربىي تۈرك-لەرنىڭ قوللىنىشىغا ئېرىشكەن ، ئەمما بۇ شەرقىي ، غەربىي تۈرك-لەرنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە ئاساس بولالمايدۇ . چۈنكى ، تالاچنى قوللىغانلاردىن يەنە تامغان قاغان ۋە تېگىن («تېگىن» دېگەن بۇ سۆز تۈركلەردىكى ئەمەل نامى . تۈرك تارىخىدا ئەمىلى ئە-سىمىنىڭ ئورنىدا ئەمەل نامى قوللىنىلغان ئەھۋال كۆپ ئۇچراي-دۇ ) قاتارلىقلارمۇ بولۇپ ، ئۇلارمۇ شەرقىي تۈركلەردىن ئىدى .

غەربىي تۈركلەردىن ئىستەمىنىڭ ئوغلى تاردۇش ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي يولباشچىسى بولغان . شۇڭا ، ئەگەر شەرقىي ، غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلى-نىش سەۋەبىنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە ، مۇشۇ ئىككىيلەندىن ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن ئىزدەش كېرەك .

ئىستەمى تۇمەننىڭ ئىنىسى بولۇپ ، ئۇ تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى . ئەينى ۋاقىتتا ، ئىستەمىنىڭ ئەمىلى يابغۇ بولۇپ ، تۇمەن قاغاندىنلا كېيىن تۇراتتى . تۇمەن قاغانلى-قىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ، ئۇنى غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇغان . «ئىستەمى تەڭرىقۇت (بۇ يەردە ھۇن ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانىنىڭ نامى قوللىنىلغان ) قا ئەگىشىپ ، ئون سەردار ، (يەنى كېيىن «ئون ئوق» ياكى ئوڭ ، سول «شاد» دەپ ئاتال-غانلار ) غا باشچىلىق قىلىپ ، 10 تۇمەن ئەسكەر بىلەن غەربتى-كى غوز ئەللىرىنى تىنچلاندۇرۇپ ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ ، ئون قەبىلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ، ئەمما ئۆز ئېلىدە يەنىلا باغادۇر دەپ ئاتالغان .»[①] بۇ بايان شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ، بى-رىنچىدىن ، ئىستەمى ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان (تۈركچە «كۈل تېگىن مەڭگۇ تېشى» ، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دىمۇ تۇمەن بىلەن بىللە قاغان دەپ ئاتالغان ) ؛ ئىككىنچىدىن ، قاغان-لىق ئىچىدە يەنىلا ئۇ «باغادۇر» نامىدا ئاتالغان . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئىستەمى غەربىي يۇرتقا بارغاندىن كې-

يمن ، شەرقىي ، غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ بىخلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان ، ئۇنىڭ غەربىي يۇرتتا كۈچلۈك قوشۇنى ، چوڭ ئەمەلىي كۈچى بولغانلىقتىن ، خېلى دەرىجىدە مۇستەقىللىككە ئىگە بولغان . ئۇرۇش قىلىش ، غەربكە ئەلچى ئەۋەتىش ، ھەتتا باشقا ئەللەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش قاتارلىق ھوقۇقلىرىمۇ بولغان . چەت ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى ئۇنى تۈركلەرنىڭ ئالىي قاغانى ، غەربىي يۇرتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى دەپ بىلگەن . گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ قاغانلىق ئىچىدە يەنىلا باغادۇرلۇق ئەمەلىدە تۇرۇپ ، قاغانلىقنىڭ كۆرۈنۈشتىكى بىرلىكىنى ساقلىغان . مۇشۇ سەۋەبتىن قەدىمكى خەنزۇ تارىخچىلىرى ئۇنىڭ تۆھپىلىرى ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان پائالىيەتلىرىنى ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلگەنلىكى ئىشلىرىنى شەرقىي تۈرك ھۆكۈمرانىنىڭ نامىغا يازغان . چۈنكى ، نامدا شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى يەنىلا تۈرك قاغانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى بولغان .

ئىستەمى دەۋرىدە شەرقىي ، غەربىي تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈشىنىڭ بەلگىلىرى ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن رەسمىي يوسۇندا بۆلۈنۈپ كەتمىگەن . شۇنداق بولغانىكەن ، بۆلۈنۈشنى پەقەت تاردۇشتىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ .

تاردۇش قاغاننىڭ ئەڭ دەسلەپ تارىخنامىلەردە كۆرۈلىدىغان ۋاقتى مىلادىيە 503 ـ يىلى بولۇپ ، بۇ چاغدا ئۇ تېخى ئاتىسىغا ئەگىشىپ غەربكە يۇرۇش قىلمىغان ، پەقەت قاغانلىقتا «شاد» لىق ئەمەلىدە بولغان ، كېيىن كىچىك قاغانلىققا كۆتۈرۈلۈپ ، «تاردۇش قاغان» دەپ ئاتالغان[2] . بۇ چاغدا شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شىمالىي چى خانلىقى كەسكىن سوقۇشۇۋاتقان بولۇپ ، ھەر ئىككىلىسىلا تۈركلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئويلايتتى . «دەسلەپ ۋېي گوڭدى ھايات ۋاقتىدا ئېركىن قىزنى تەيزۇغا ياتلىق قىلماقچى بولدى ئەھدە تويلاشقىچە تەيزۇ ئالەم-

دىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئېركىن قىزىنى گاۋزۇغا بەرمەكچى بولدى. تېخى قۇدىلاشماي تۇرۇپلا چى خانى ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويدى. ئېركىننىڭ ئۇلارنىڭ بايلىقىغا كۆزى چۈشۈپ ئۆز ئەھدىدىن يېنىۋالماقچى بولدى.»[9] ئېركىن يەنە مۇقان قاغان دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىككى كېمىنىڭ بېشىغا تەڭ دەسسەپ، ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. كېيىن «تاردۇشنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە چى خانلىقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىلگىرىكى ئەھدىنى بىكار قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەدبىر بېكىتىلىپ ياڭ جيەن قاتارلىقلارنى چى خانلىقىغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولدى.» ياڭ جيەن قاتارلىقلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇقان قاغانغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى. ئاقىۋەت مۇقان تاردۇشنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، يەنىلا جۇ خانلىقى بىلەن داۋاملىق ئىتتىپاقلىشىپ، شىمالىي چى خانلىقىغا ئۇرۇش قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن، تاردۇش بىلەن مۇقاننىڭ ئارىسىدا ئەپلەشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەت كېلىپ چىقتى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، تاردۇش يەنىلا مۇقان قاغاننىڭ ئۇرۇلاشتۇرۇشىغا بويسۇندى. مىلادىيە 563 ـ يىلى «تۈركلەردىن مۇقان قاغان، تاردۇش قاغان، بۆرى قاغان قاتارلىقلارنى ئېلىپ، 10 تۈمەن چەۋەنداز بىلەن يۇرۇش قىلىپ كەلدى.»

مىلادىيە 572 ـ يىلى، مۇقان قاغان ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى تاسپار تەختكە چىقتى. تاسپار ئىنتايىن ئۆز بېشىمچى بولۇپ، تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تاردۇش قاغاننى ئەمەلدىن ئېلىۋېتىپ، ئىشباراغا قاغان ئۇنۋانىنى بېرىپ، شەرقىي تەرەپنى باشقۇرۇشقا قويدى».[10] شۇنىڭدىن كېيىن، تاردۇش غەربىي يۇرتقا قايتىپ ئاتىسى ئىستەمىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسىگە ئايلىنىپ، غەربىي تۈركلەر ئارىسىدا خېلى چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن، شەرقىي، غەربىي تۈركلەر ئەمەلىيەتتە پارچىلىنىشقا يۈزلىنىپ، ھەرقايسىسى ئۆز

يولىدا ماگدى ھەمدە بىر ـ بىرىنى پايلاپ پۇرسەت كۈتۈشتى . مىلادىيە 575 ~ 576 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ، ئىستەمى ئالەمدىن ئۆتۈپ ، تاردۇش غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانى بولۇپ قالدى .

شەرقىي ، غەربىي تۈركلەرنىڭ رەسمىي پارچىلىنىپ كېتىشى توغرىسىدىكى پاكىتلارنى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان ۋاقىتتىن باشلاپ تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ .

بىرىنچىدىن ، مىلادىيە 578 ـ يىلى ، تاردۇش جيۇچۇەنگە ھۇجۇم قىلدى ، «كېيىن ئۇدۇن ، پارس ، ئېفتالىت قاتارلىق ئۈچ ئەل يەنىلا ئاسىيلىق قىلدى ، . . . تاردۇش ئىشبارانىڭ تاغىسى بولۇپ ، ئىلگىرى غەربىي قاغان دەپ ئاتالغانىدى .»⑦ بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىت تاسپار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغ ئىدى . ھالبۇكى ، بۇ باياننىڭ باش ـ ئاخىرىدا پۈتۈنلەيلا ئىشبارانىڭ ئىش ئىزلىرى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ ، بۇنىڭدىن تاردۇشنىڭ جيۇچۇەنگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ كونا ئىشنىڭ قايتا تىلغا ئېلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . قەدىمدە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتەتتى . مەسىلەن ، ئاق ـ قارا ، پىششىق ـ توڭ ، ئەتىگەن ـ ئاخشام ۋە جەنۇب ـ شىمال ، شەرق ـ غەرب دېگەندەك . تاردۇش غەربىي قاغان بولغانىكەن ، چوقۇم شەرقىي قاغانمۇ بولغان . ۋەھالەنكى ، شەرقىي قاغان بولالايدىغان بىردىنبىر كىشى تاسپار ئىدى .

ئىككىنچىدىن ، مىلادىيە 581 ـ يىلى ، تاسپار ئالەمدىن ئۆتكەندە ، ئىچكى قىسىمدا كەسكىن تەخت تالىشىش كۆرىشى يۈز بەردى . ئىشبارا قىلچە ئاياناستىن قورال كۈچى بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولۇپ ، «ئېلىدىكىلەرگە : ‹ئەگەر ئالىپ (تاسپارنىڭ ئوغلى ) تەختكە چىقسا ، مەن قېرىنداشلىرىمنى باشلاپ خىزمىتىدە بولىمەن ، ئەگەر تالاچ (مۇقاننىڭ ئوغلى )

تەختكە چىقسا ، مەن تەۋەيىمنى چىڭ ساقلاپ قىلىچ - نەيزىلىرىم بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىمەن ، دېدى . ئىشبارا چوڭ ھەم باتۇر ئىدى . ئېلىدىكىلەر ئۇنىڭدىن قورقىتاچقا ، ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي ئالپنى قاغان قىلىپ تىكلىدى .»[8] ئەينى ۋاقىتتا ، تاردۇشنىڭ كۈچى ئىشبارانىڭكىدىن خېلىلا كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ قاغانلىق تالىشىش كۈرىشىگە قاتناشمىغان . قاغانلىق تەختىنى تالىشىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركلەر ئىدى .

ئۈچىنچىدىن ، ئىشبارا تەختكە چىققاندىن كېيىن ، يەنى مىلادىيە 582 - يىلى قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ، «40 تۈمەن چەۋەنداز بىلەن لەنجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىردى»[9] ، «جۇپەندە داشى چاگر ۇنىڭ قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى . يەنە جە- نۇبقا ئىلگىرىلىمەكچى بولغاندا ، تاردۇش بويسۇنماي ئەسكەرلىد- رىنى قايتۇرۇپ كەتتى .»[10] بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ئىشبارانىڭ بۇيرۇقى ئاللىقاچان غەربىي تۈركلەرگە ئۆتمەس بو- لۇپ قالغان ياكى ئەسلىدىنلا ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشمىغان قوشۇن چىقىرىش بولغان . ئۇلار ئوخشاش تۈرك ، ئىلگىرىدىن بىر پۈ- تۈن ئەل بولغانلىقتىن ، تارىخچىلار تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا ئۇلارنى بىر يەرگە خاتىرىلەپ قويۇپ ، كېيىنكىلەرگە زور شۇبھىلەرنى قالدۇرغان .

تۆتىنچىدىن ، سۇي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، چېگ- رىدىكى بېسىمنى ئازايتىش ئۈچۈن ، ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى قوللاندى . «تاردۇشنىڭ ئەسكىرى كۈچلۈك ، ئەمما ئورنى تۆ- ۋەن ، نامدا بويسۇنغاندەك كۆرۈنسىمۇ ، ئىچىدە ئاداۋىتى بار . بۇ خىل كەيپىياتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىش كېرەك . ئىشبارانىڭ ئىنىسى قارا چۇر ھىيلىگەر ، ئەمما ئاجىز ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ماھىر ، قوۋمى ئۇنى ئىنتايىن ياقتۇرىدۇ ، شۇڭا ئىشبارا بۇنىڭغا ھەسەت قىلىدۇ ،

قارا چۇر بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولـ-
دىغان ئىشلارنى قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما يەنىلا گۇمانلىنىپ ھەم
قورقۇپ تۇردى. ئابا (يەنى تالاچ) دىلىغۇل بولۇپ، ئىككىسىدـ-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان. ئۇ ئىشبارادىن قورقۇپ ئۇنىڭغا بويـ-
سۇنسىمۇ، كىم كۈچلۈك بولسا شۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، ئېنىق
بىرگە توختىمايدۇ. شۇڭا، ھازىر يىراقتىكىلەر بىلەن دوستلىشـ-
شىپ يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش، كۈچلۈكلىرىدىن قېچىپ
ئاجىزلىرى بىلەن بىرلىشىش تەدبىرى بويىچە تاردۇشقا ئەلچى
ئەۋەتىپ، ئابا قاغاننى ھەمكارلىششقا قايىل قىلىپ، ئىشباراغا
ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇلۇق تەرەپنى مۇستەھكەملىشىمىز، يەنە قارا
چۇرنى ئۆزىمىزگە تارتىپ، ئادەم ئەۋەتىپ تاتابى، قۇمۇقلار
بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىشبارانىڭ قوشۇنلىرىنى پارچىلاپ سول
تەرەپنى پۇختىلىشىمىز كېرەك. يۇقىرى ـ تۆۋەننى ئۆز ئارا
گۇمانغا سېلىپ، بىر ـ بىرىدىن يىراقلاشتۇرغاندا، بىرنەچچە
يىلدىن كېيىنلا ئارىدا زىددىيەت پەيدا قىلغىلى بولىدۇ، بۇنداق
بولغاندا ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى بىر قوللۇق كونترول قىلالايمىز ...
دەپ قارىدى ... شۇنىڭ بىلەن، ئوردا مىراقۇلى يۈەن خۇينى
ئىئۇىرغول يولى بىلەن تاردۇشنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بۆرە
بېشى چۇشۇرۇلگەن تۇغ ھەدىيە قىلىپ، كۆپ ئىززەت ـ ھۆرمەت
كۆرسىتىپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلدى... جاڭ سۇنـ-
شېڭنى چەۋەندازلار سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ، خۇاڭلۇڭ يولىـ-
دىن ئاتلاندۇرۇپ، قۇمۇق، تاتابى، قىتانلارغا پۇل ـ مال
بېرىپ ئۇلارنى مايىل قىلدى. قارا چۇر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى
ئاستىرتىن ئەل بولۇشقا رام قىلدى.»[11] بۇ بايانىدىكى بەزى سۆزـ-
لەر مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. تاردۇشقا «ئەلچى
ئەۋەتىش»، تالاچقا «ھەمكارلىشىش»، قارا چۇرغا «ئۆزىگە تارـ-
تىش» تاتابى، قۇمۇقلارغا «ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىش» دېگەن
سۆزلەر قوللىنىلغان. قەدىمكىلەرنىڭ سۆز ئىشلىتىشى ئوبـ-

يېكتتقا قاراپ ئوخشمايدىغان بولۇپ، يېقىن - يىراقلار ئىنتا-
يىن ئېنىق ئايرىلاتتى. ئادەتتە «ئەلچى ئەۋەتىش» دۆلەتلەر ئارد-
سىدىكى مۇناسىۋەت جۈملىسىدىن، تاردۇشقا «ھەمكارلىشىش»
، «ئۆزىگە تارتىش»، «ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىش» دېگەن
سۆزلەرنىڭ ئىشلەتمەسلىكىدىن غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر مۇستە-
قىل كۈچ، غەربىي يۇرتتىكى بىر مۇستەقىل قاغانلىق سۈپىتىدە
سۈي سۇلالىسى ئالدىدا نامايان بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولى-
دۇ.

ئەمدى مەسىلە يۇقىرىقى ئابزاستىكى «ئەسكىرى كۈچلۈك،
ئەمما ئورنى تۆۋەن، نامدا بويسۇنسىمۇ، ئىچىدە ئاداۋىتى بار»
دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزنى قانداق چۈشىنىشتە. مېنىڭچە، بۇ
بىر خىل ئەنئەنە قارىشى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتە،
بولۇپمۇ شەرقىي تۈركلەردە ھەمىشە تۇمەنىنىڭ ئەۋلادلىرى ھەقد-
قىي، قانۇنلۇق چوڭ قاغان ھېسابلىناتتى. تاردۇش ئەسكىرى
كۈچلۈك، ئادىمى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شىرەم، يىراقراق
بولغانلىقتىن، قانۇنلۇق چوڭ قاغان ئەمەس ئىدى. شۇڭا،
سىرتقى جەھەتتە گەرچە بۆلۈنۈش ئاشكارىلىنىپ بولغان بولسد-
مۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا «تەۋە» دەپ قارىلىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ
بىر قىسمى ھېسابلانغان.

بەشىنچىدىن، مىلادىيە 583 - يىلى، سۈي سۇلالىسى
سانغۇنى دۇ رۇڭدىڭ بىلەن ئىشبارا لياڭجۇدا سوقۇشتى. جاڭ
سۇنشېڭ تالاچنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى «ھەمكارلىشىش» قا
ئۈندەپ: «ئىشبارا ھەر قېتىم كەلسىلا غەلىبە قازاندى، سىز
(تالاچ) بولسىڭىز مەغلۇپ بولدىڭىز، تۈركلەر بۇنى نومۇس
دەپ بىلىپ، . . . ئىشبارا گۇناھنى سىزگە ئارتىپ، شىمالدىكى
بارگاھىڭىزنى ۋەيران قىلىۋېتىشى چوقۇم، ئۆزىڭىزنى دەڭسەپ
كۆرۈڭ، ئۇنىڭغا تەڭ كىلەلەمسىز؟ ھازىر سۈي سۇلالىسى
بىلەن ياخشىلىشىپ، تاردۇش بىلەن بىرلىشىپ كۈچلىنىش بىر-

دېنىبىر ئەڭ ياخشى چارە. ئەگەر ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تالاپەت يېسە، گۇناھى ئۆزىدە بولىدۇ، بۇ چاغدا سىزنى قانداقمۇ بوزەك قىلالىسۇن»[12] دېدى. بۇنىڭ بىلەن تالاچ چېگرىدا قېلىپ، قايتىش ۋاقتىنى كېچىكتۈردى. ئىشبارا تالاچىنىڭ جەسۇرلۇقىغا ھەسەت قىلاتتى، بۇ ئىش تۇپەيلىدىن، ئۇ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ گۇمانلاندى، ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ھەمدە زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، بارگاھىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنى ئېلى تۇرۇپ بارالمايدىغان، ئۆيى تۇرۇپ قايتالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ، «غەربتىكى تاردۇشنىڭ قېشىغا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى.»[13] بۇ بىر ئابزاس باياندا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىرىنچى، تاردۇش بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان. غەربىي تۈركلەر بىر مۇستەقىل سىياسىي گەۋدە بولۇش سۈپىتىدە غەربىي يۇرتتا ئاساس تىكلىگەن. ئىككىنچى، جاڭ سۇنشېڭ تالاچىنى تاردۇش بىلەن «ئىتتىپاقلىشىش»قا ئۈندىگەن، تالاچ بارار يېرى قالمىغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەنمۇ تاردۇشنىڭ قېشىغا، «غەربكە قاچقان»، بۇ يەردىكى «ئىتتىپاقلىشىش» يەنە «غەربكە قېچىش» غەربىي تۈركلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى گەۋدىلىك چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دۇ يۇ ئەسىرى «قانۇنلار قامۇسى» دا: «تالاچ بىلەن ئىشبارا بۆلۈنۈپ ئىككى ئەل بولدى، تالاچىنىڭ ئەۋلادلىرى غەربىي تۈركلەردىن بولدى»[14] دېگەن. بۇنىڭ مەنبەسى «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى «غەربىي تۈركلەردىن مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى تالاچتۇر»[15] دېگەن باياندۇر. لېكىن، بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى خاتالىقنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، شەرقىي، غەربىي تۈركلەرنىڭ نەسەبى پەرقلەندۈرۈلمىگەن ھەم يوشۇرۇن بۆلۈنۈشتىن ئاشكارا بۆلۈنۈشكىچە بولغان تارىخىي ئەمەلىيەت ئېنىق ئايرىلمىغان.

شەرقىي، غەربىي تۈركلەرنىڭ بۆلۈنگەن ۋاقتى مىلادىيە

576 ـ يىلىدىن 581 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئەمەلىيەتتە دائىم دېيىلىپ كېلىنىۋاتقان شەرقىي ، غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشى سۇي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوللانغان ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىدىن بولغان دېگەن قاراش ، يەنى ھازىرغىچە «ئاشكارا ئېتىراپ» قىلىنىپ كەلگەن يەكۈن ئىنكار قىلىنغان بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شەرقىي ، غەربىي تۈركلەر پارچىلىنىشىنىڭ تۈيۈقسىز ۋەقە ئەمەسلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ .

سۇي سۇلالىسىنىڭ ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى قوللىنىپ ، تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىنى بەربات قىلىشىنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقى ، قوللىنىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى مەسىلىنىڭ يەنە بىر تۈگۈنىدۇر .

«ئارىنى بۇزۇش» زاغرا تىل بىلەن ئېيتقاندا ، دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىش دېگەنلىكتۇر . سۇي سۇلالىسى شۇنداق قىلالىدىمۇ ؟ مۇشۇ ئارقىلىق غەلىبە قازىنالىدىمۇ ؟ بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىجابىي جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ . شۇنداق بولغانىكەن ، سۇي سۇلالىسىگە ئارتۇقچە گۇناھ ئارتىشنىڭ ھاجىتى يوق .

ماركسىزم شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئىچكى ئامىل ئاساسلىق رول ئوينايدۇ ، تاشقى ئامىل پەقەتلا ئۆزگىرىشنى تېزلىتىدۇ ياكى ئاستىلىدۇ دەپ قارايدۇ . ئىچكى ئامىل تاشقى ئامىلنىڭ رول ئويىنىشىنىڭ شەرتى ، تاشقى ئامىل ھەرگىزمۇ ئىچكى ئامىلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساس ئەمەس .

ئۇنداقتا تۈرك قاغانلىقىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ ئىچكى ئامىلى نېمە ؟ ئۇ دەل «ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئۇستۇنلۇك تالىشىپ ، ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ ئۆزئارا گۇمانلانغانلىقى» ، «ئۇرۇق ـ ئەجدادىدىن ئىنتايىن ۋەھشىي ، ياساقلىرى رەھىمسىز بولغانلىقى»[15] ، «تاغا ـ جىيەن ، ئاكا ـ ئىنىلەرنىڭ ئۆز

ئالدىغا كۆچ توپلاپ ، ئۆزلىرىنى قاغان دەپ ئاتىۋېلىپ ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ ، بىر - بىرىگە گۇمان ۋە ھەسەت قىلىشقانلىقى » دۇر[17] .

ئۇنداقتا تاشقى ئامىلى نېمە؟ ئۇ دەل «ھۆل - يېغىن بولماي ، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ ، ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ ، ئاچارچىلىق ھەم كېسەل سەۋەبىدىن ئادەم ۋە ماللارنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى » ۋە «شەرقتىكى يات ئەللەرنىڭ شەخسىي ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك ، غەربتىكى ھەرقايسى قوۋملارنىڭ ئاداۋىتى چوڭقۇر . . . قوشنا بولغانلارنىڭ نىيىتى ياۋۇز بولغانلىقى »[18] دۇر .

بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئارىنى بۇزۇش» نىڭ نەتىجىسى بولماستىن ، بەلكى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئىبارەت .

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا ، تۈرك ھۆكۈمرانلىرى تىنچ ئارام ئېلىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزماستىن ، ئەكسىچە قاغانلىق تەختىنى تالىشىپ ، ئۆز توقىچىغا چوغ تارتىپ توختىماي ئۇرۇش قىلىپ ، كەڭ خەلقنى «قان يىغلىتىپ ، ئۇلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان .»[19] تۈركچە «كۈل تېگىن مەڭگۇ تېشى» نىڭ مۇئەللىپى بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تارىخنى خۇلاسىلەپ مەڭگۇ تاشتا مۇنداق دېگەن : «ئۇلار ئەنە شۇنداق داڭلىق قاغانلاردىن بولغانىكەن (بۇنىڭدىن ئاۋۋال مەڭگۇ تاشتا تۇمەن ، ئىستەمى قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىلىرى مەدھىيىلىنىدۇ . بۇ يەردىكى «ئۇلار» تۇمەن ، ئىستەمىلەرنى كۆرسىتىدۇ ) . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىلىرى قاغان بوپتۇ ، ئوغۇللىرىمۇ قاغان بوپتۇ . كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ ، ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ . بىلىمسىز قاغان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ ، بۇزۇق قاغان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ . بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن ، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك . بەگلىرىدە ، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن . . . تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلەتتىن مەھرۇم

قاپتۇ، قاغان دەپ ئاتالغان قاغاندىن ئايرىلىپ قاپتۇ . . . »[21]

ئېنىقكى، مەڭگۈ تاشنىڭ مۇئەللىپىنىڭ يەكۈنى توغرا، ئۇ شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى تۇتۇپ، ئۆزگىرىشىنىڭ يىلتىزىنى تاپقان.

سۈي سۇلالىسى ئەمدىلا قۇرۇلۇشىغا، ئۇنىڭ شىمالىدىكى كۈچلۈك تۈرك قاغانلىقى پات - پات چېگرىغا قوشۇن چىقىرىپ تەھدىت سېلىپ زور خەۋپ پەيدا قىلدى. مىلادىيە 581 - يىلى، تۈرك قاغانى ئىشبارا بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاسىي ۋەزىرى گاۋشىنىڭ بىرلىشىپ يۇجىن قورغىنىغا بېسىپ كېلىپ، «ھەرقايسى قەبىلىلەر بىلەن كېلىشىپ، جەنۇبقا بىرلىكتە يۈرۈش قىلماقچى بولدى.»[22] سۈي ۋېندى بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ، سۈي جۇڭگۇفاڭغا سەددىچىننى ياساشقا جىددىي پەرمان چۈشۈردى. . . سۈي جۇڭگۇفاڭ 15 تۈمەن ئەسكەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شىمال، شەرقتىكى مۇھىم ئۆتكەللەرگە نەچچە ئون سېپىل ياساپ، ھۇن قاراقچىلىرىنى توسۇدى.»[23] ئەمما، پاسسىپ مۇداپىئە ئىشبارانىڭ جەنۇبقا قىلغان يۈرۈشىنى توسۇپ قالالمىدى، شۇنىڭ بىلەن يەنىلا چېگرىغا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا توغرا كەلدى.

مىلادىيە 582 - يىلى، ئىشبارا 40 تۈمەن ئەسكەرنى باشلاپ جەنۇبقا باستۇرۇپ كېلىپ، چېگرىنى ساقلاۋاتقان سانغۇنلاردىن فېڭ يۇ، لى چوڭ، لى چاڭيى قاتارلىقلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. داشى چاڭرۇنىڭ مەغلۇبىيىتى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. «ئەسكەرلىرى ئاز بولغانلىقتىن، دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي . . . چېچىلىپ كەتكەنلەرنى قايتىدىن يىغىپ، بىر ياقتىن ئۇرۇشۇپ، بىر ياقتىن چېكىنىپ ئۈچ كۈن تىركەشتى. ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرى قالماي، ئاخىر قۇرۇق قول سوقۇشتى . . . ئۆزىنىڭ بەش يېرى يارىلىنىپ، ئىككى يېرىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ قالدى. ئەسكەرلىرىنىڭ ئوندىن سەككىز -

توقۇزى ئۆلۈپ تۈگىدى.»[٤٤] شۇنىڭ بىلەن، سۈي سۇلالىسى يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. ئوردىدىكى يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن بەس - بەستە تالاش - تارتىش قىلىشتى. ئاقىۋەت جاڭ سۈنشېڭ «قورال كۈچى بىلەن يېڭىش تەس، ئارىنى بۇزغاندا ئىش ئاسانغا توختايدۇ»[٤٥] دېگەن ئىستراتېگىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

نەتىجىدە، سۈي سۇلالىسىنىڭ «ئارىنى بۇزۇشى» كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ كۈچى پارچىلاندى. چېگرىغا بولغان بېسىمىمۇ ئازىيىپ، ئاخىر شەرقىي تۈركلەر يوقىلىشقا يۈزلەندى.

«ئارىنى بۇزۇش» تەدبىرىنىڭ قوللىنىلىشى سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى تەجرىبىگە ئىگە قىلدى. ھالبۇكى، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ تەجرىبىنى كېڭەيتىپ ئۆز تەۋەلىكىدىكى قارام ئەللەرگە، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىللەتلەرگە، دوست قوشنا ئەللەرگىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قوللاندى. مانا بۇ پەۋقۇلئاددە زور خاتالىق بولۇپ، قاتتىق ئەيىبلەشكە تېگىشلىك.

خۇلاسە شۇكى، شەرقىي، غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بولماستىن، بەلكى تەدرىجىي بولغان، تالاچىنىڭ غەربىتىكى تاردۇشنىڭ قېشىغا قېچىشىدىن باشلانغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا رېئاللىققا ئايلىنىپ بولغان. سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى بىلەن شەرقىي، غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇ تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش سىياسىتىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بىر يولىلا ئىنكار قىلىش ھەرگىزمۇ ئەستايىدىل پوزىتسىيە ئەمەس، يەنە كېلىپ قوبۇل قىلغىلىمۇ

بولمايدۇ .

(بۇ ماقالە ئەسلى «غەربىي شىمال تارىخىي جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان . بۇ قېتىم ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى )

ئىزاھلار :

① «كونا تاڭنامە . غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»
② تاردۇش قاغان تاردۇ شاد دەپمۇ ئاتىلىدۇ ؛ تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئۆز تەۋەلىكىنى شەرق ـ غەرب ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇرۇشى ھۇنلارنىڭ زېمىنىنى ئوڭ ـ سول دەپ بۆلۈشىگە ئوخشايدۇ .
③⑤ «جۇنامە . ياڭ جيەننىڭ تەرجىمىھالى»
④ «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑥ «جۇنامە . ياڭ جۇڭنىڭ تەرجىمىھالى»
⑦⑧⑨⑭⑰⑲⑳ «سۇينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑩ لەنجۇغا باستۇرۇپ كەلگەن ئىشبارا ئەمەس ، بەلكى تاردۇش ، جۇمىڭدا داشى چاڭرۇنى مەغلۇپ قىلغىنى بولسا ئىشبارا . تارىخنامىلەردە بۇ ئىككىسى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ بىر ئادەم قىلىپ قويۇلغان .
⑪⑫⑬⑱㉒㉕ «سۇينامە . جاڭ سۇنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى»
⑮ «قانۇنلار قامۇسى» ، 194 ـ جىلد
⑯ «سۇينامە . غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»
㉑ «تۈركلەرگە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» دىن ئېلىندى
㉓ «سۇينامە . سۇي جۇڭفاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، بۇ يەردىكى «ھۇن» تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ .
㉔ «سۇينامە . داشى چاڭرۇنىڭ تەرجىمىھالى»

【قوشۇمچە 4】

# تۈرك قاغانلىقىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى ھەققىدە

تۈرك قاغانلىقىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر 50 ـ يىللاردىلا باشلانغان بولۇپ، تا ھازىرغىچە توختاپ قالغىنى يوق، بەزىلەر قۇللۇق جەمئىيەت دېسە، بەزىلەر فېئوداللىق جەمئىيەت دەيدۇ، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئاساسى بولغانلىقتىن، كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىماق تەس. مېنىڭ قارىشىمچە، تۈرك قاغانلىقىدا قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئاخىرلاشقىچە ئىككى خىل تەركىب — قۇللۇق تۈزۈم بىلەن فېئوداللىق تۈزۈم تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئىككىسىنىڭ پەرقى پەقەت ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقى، ئىگىلىگەن سالمىقى ۋە ئۆزئارا ئورۇن بوشىتىشىدا.

قۇللۇق تۈزۈم بىلەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قاغانلىقتا ئۆزئارا ئالماشقان ۋاقتىنى چوڭ جەھەتتىن مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى، يەنى شەرقىي تۈركلەر سۈي سۇلالىسىگە بېقىنغان مەزگىل دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋاقىت دەسلەپكى مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە قۇللۇق تۈزۈم جەمئىيەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىت كېيىنكى مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە فېئوداللىق تۈزۈم يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، قۇللۇق تۈزۈم قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. تۆۋەندە مۇشۇ ئىككى مەزگىل بويىچە يۈزەكى

قارشىمنى بايان قىلماقچىمەن.

ئالدىنقى مەزگىلدە تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا
قوللۇق تۈزۈم يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن فېئو-
داللىق تۈزۈممۇ يېتىلىش ھالىتىدە تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپا-
دىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاھالە بۇلاش. ئاھالىنى بۇلاپ قۇل قىلىش قوللۇق
تۈزۈمنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. تارىخنامىلەردە
مۇنداق خاتىرىلەنگەن: غەربىي ۋېي خانلىقى گۇڭدىنىڭ 2 ـ
يىلى، يەنى مىلادىيە 555 ـ يىلى، «جورجانلار تۈركلەردىن
مەغلۇپ بولدى. گۇڭدىنىڭ 2 ـ يىلى ھەرقايسى قەبىلىلەردىن
1000 دىن ئارتۇق تۇتۇن گۇەنجوڭغا قېچىپ كەلدى. تۈركلەر-
نىڭ ئەسكەرلىرى كۈچلۈك ھەم غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن
مۇناسىۋىتى ياخشى بولغانلىقتىن، جورجانلارنىڭ كۈچلۈك دۆ-
لەتكە تايىنىپ قايتا ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەلچى ئارقىلىق
ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، ئاندىن خاتىرجەم بولىدىغان-
لىقىنى ئېيتتى. جوۋېن خان كېڭىشىش ئارقىلىق جورجانلار-
نىڭ يولباشچىسىدىن باشقا 3000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى تۇتۇپ،
تۈرك ئەلچىسىگە چىڭمېن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا ئۆلتۈرۈشكە
تاپشۇرۇپ بەردى. نارەسىدىلەر ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىـ
نىپ، بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ئائىلىسىگە قوللۇققا بېرىلدى.»[1]
بۇ يەردىكى «نارەسىدە» جورجانلار تۈرك ئەلچىسىگە تاپشۇرۇل-
غان 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بىر قىسمىدۇر. «بەگ ـ
تۆرىلەرنىڭ ئائىلىسىگە قوللۇققا بېرىلگەنلەر» شەرقىي ۋېي خان-
لىقىنىڭ بەگ ـ تۆرىلىرىنىڭ ئائىلىلىرىگە قوللۇققا بېرىلگەن-
لەرنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىۋاش-
لىرىنىڭ ئائىلىلىرىگە قوللۇققا بېرىلگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.
چۈنكى، بۇ جورجانلار ئاللىقاچان تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ
بولغان. تۈركلەرنىڭ خەنزۇ پۇقرالىرىنى بۇلاپ قۇل قىلغان

ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپ . مەسىلەن ، ئۇلار مىلادىيە 563 ـ يىلى بىڭجۇ ئايمىقىنى بۇلىغان ، 564 ـ يىلى يۇجۇ ئايمىقى ، جىنياڭ ۋە لياڭچېڭ قەلئەسىنى بۇلىغان ، 577 ـ يىلى يەنە يۇجۇ ئايمىقىنى بۇلىغان . 578 ـ يىلى جيۇچۇەن قاتارلىق جايلارنى قورشىۋالغان (بۇ يىللاردا «چېگرىنى بۇلاش» ياكى «چېگرىدىن بېسىپ كىرىش» كە تەۋە ئىشلار بولمىغان ) . يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە «ئەمەلدار ـ پۇقرالار ئۆلتۈرۈلدى ھەم بۇلاندى» ، «ئەسىرگە ئېلىنغانلار ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىنتايىن كۆپ بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن . تۈركلەر بۇلاپ كەتكەن خەنزۇ پۇقرالىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى جۇرجانلارغا ئوخشاش مۇئامىلىگە دۇچار بولغان بولۇپ ، ئۇلارمۇ بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە قۇللۇققا سەپلەپ بېرىلگەن . تۈركلەر بۇلاپ كەلگەنلەرنى قۇل ـ دېدەك دەپ قاراپ ئېغىر ئۆي ئىشلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە سالغان (كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە بۇ ئىككى خىل ئەمگەك ئىنچىكە ئايرىلىپ كەتمەيدۇ ) .

2 . قۇللارنى ھەدىيە قىلىش ۋە ئېلىپ ـ سېتىش . قۇللارنى ھەدىيە قىلىش ۋە ئېلىپ ـ سېتىش قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى . تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : غەربىي ۋېيى خانلىقى گۇڭدىنىڭ 3 ـ يىلى «تۈركلەردىن مۇقان قاغان لياڭجۇدىن ئۆتۈپ تۇيغۇنلارغا زەربە بەرمەكچى بولدى . تەيزۇ شىنىڭغا چەۋەندازلارنى باشلاپ بىرگە بېرىشقا پەرمان بەردى . . . (تۇيغۇنلارنى ) مەغلۇپ قىلىپ ، 1 تۈمەندەك ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى . نەچچە تۈمەن تۇياق مال ـ چارۋىنى ئولجا ئالدى . . . شىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كۆكنۇر (چىڭخەي ) غا كېلىپ مۇقان قاغان بىلەن كۆرۈشتى . مۇقان قاغان ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ماختىدى ھەمدە ئۆزى مىنىۋاتقان ئېسىل ئاتنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىپ ، ئۇنى ئۆزى ئاتلاندۇرۇپ قويدى . تۈركلەر شىنىڭ ئۇ-

رۇشقا كىرسىلا غەلىبە قىلىدۇ دەپ ئويلاپ ، ھەممىسى ئۇنىڭدىن تەپتارتىشتى . . . مۇقان قاغان يەنە شىنىڭغا 100 قۇل ، 500 ئات ۋە 1 تۈمەن تۇياق قوي ئىنئام قىلدى . »[2] مۇقان قاغانىنىڭ 100 قۇل ۋە ئات ، قويلارنى شىنىڭغا سوۋغا قىلىشىدىن قاغانلىقتا قۇللارنى ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - بۇرادەرلىرىگە سوۋغا قىلىش ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدى خان دەۋرىدە ، سۇۋېي ئىسىملىك بىرەيلەن بارلىق مال - مۈلكىنى سېتىپ تۈركلەرگە قۇل بولۇپ قالغان تۇغقىنىنى سېتىۋالغان ، تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : « (سۇۋېي ) نىڭ ھاممىسىنىڭ ئېرى خېنەنلىك يۈەن شيۇڭ ئىدى . يۈەن شيۇڭنىڭ ئىلگىرى تۈركلەر بىلەن ئاداۋىتى بولغانلىقتىن ، تۈركلەر ئوردىغا كىرىپ يۈەن شيۇڭ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى تاپشۇرۇپ بەرسە ، ئاندىن كۆكلى ئەمىن تاپىدىغانلىقىنى ئېيتتى . خانلىق ئۇلارنى تۈركلەرگە ئەۋەتىپ بەردى . سۇۋېي . . . ھەممە نەرسىنى سېتىپ يۈەن شيۇڭنى سېتىۋالدى . كۆپچىلىك ئۇنى ئىنتايىن ۋىجدانلىق ئىكەن دېيىشتى . »[3] بۇنىڭدىن قاغانلىقتا قۇللارنى ئېلىپ - ساتقۇچىلارنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ .

3 . قۇللارنى قوشۇپ دەپنە قىلىش . قۇللارنى قوشۇپ دەپنە قىلىشمۇ قۇللۇق تۈزۈمنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى . قۇللارنى قوشۇپ دەپنە قىلىش تۈرك قاغانلىقىدا گەرچە كۆپ يولۇقمىسىمۇ ، لېكىن تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچراپ قالىدۇ . غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي قاغانى ئىستەمى ۋاپات بولغاندا ، شەرقىي رىم ئەلچىسى دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقاندا ، «تاردۇشنىڭ ئاتىسى (ئىستەمى ) مىنگەن تۆت ئات بىلەن بۇلاپ كېلىنگەن تۆت قۇلنى قوشۇپ دەپنە قىلغانلىقى »[4] نى كۆرگەن . مىلادىيە 625 - يىلى ، يەنى تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 8 - يىلى ئىلىگ قاغان ئۆلگەندىمۇ ئۇنىڭ تۇيغۇنلاردىن بولغان كونا قۇلى (ئاند-

سىنىڭ قۇلى ) قۇل تارقان" ( 胡禄达官 ) «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋې-
لىپ ھەمدەپنە قىلىنغان» .⑤
4 . قۇللارغا ئائىت قانۇنلار . تۈركچە «بىلگە قاغان مەڭگۈ-
شى» دا : «ئۇ (قۇتلۇقنى كۆرسىتىدۇ ) بوۋامنىڭ ياساقلىرى
بويىچە دۆلىتىدىن ، قاغانىدىن ئايرىلغان خەلقلەرنى ، دېدەككە
ئايلانغان ، قۇل بولغان خەلقلەرنى . . . »⑥ دەپ يېزىلغان بو-
لۇپ ، تەسلىم بولغانلار پۈتۈنلەيلا قۇل بولغان . ئەمەلىيەتتىمۇ
تەسلىم بولۇپ «قۇل - دېدەككە ئايلانغانلار» ھەقىقەتەن بار
ئىدى .
يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار قاغانلىقنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگە
مەنسۇپ بولۇپ ، بۇ چاغدا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ تەركىبلىرى خېلى
چوڭ ئىدى ، لېكىن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ كۈچىيىۋاتقانلى-
قىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ . بۇ خىل ھادىسىنىڭ روي
بېرىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى ، كۆپلىگەن تۈركلەر ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقان ، ھەتتا بەزىلىرى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلىشىپ قالغان .
«ئۇردا ئۇلار بىلەن قۇدىلىششقا مەجبۇر بولۇپ ، ھەر يىلى
ئۇلارغا 10 تۈمەن توپ تاۋار - دۇردۇن بەرگەن . ئاستانىدە
ئولتۇراقلاشقان تۈركلەر ئالاھىدە ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىپ ، يە-
پەكتىن كىيىم - كېچەك كېيىپ ، ئەت - گۆش بىلەن ئوزۇق-
لىنىدىغانلار 1000 دىن ئاشقان . چىلىقلار ئۇلارنىڭ بۇلاڭ -
تالاڭ قىلىشىدىن قورقۇپ ، خەزىنىسىدىكى يوشۇرۇپ قويغان
ئېسىل نەرسىلىرىنى ئۇلارغا بەرگەن . »⑦ بۇ خىل ئەھۋال قاغان-
لىققا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن . ئۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندى-
كىچە :
1 . ھۆكۈمرانلار بېيىش يولىنى ئىزدەشكە باشلىغان . تا-
رىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «چى دۆلىتىدە خوي لىن
ئىسىملىك بىر راھىب بولۇپ ، تۈركلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىل-

گەندىن كېيىن تاسپار قاغانغا : «چى دۆلىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلغانلىقىدىندۇر ، دېدى . . .

تاسپار بۇنى ئاڭلاپ چىنپۇتۇپ ، بىر ساڭدام سالدۇردى ھەم ئەلچى ئەۋەتىپ چى دۆلىتى كىشىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ، ۋىمالا كىرتى ، نىرۋانا سۇتراسى ، بۇددا ۋاتامىساكا ماخاۋايپۇليا سۇتراسى ھەم ئون تورۋىنا ياسىدىن تەلىم ئالدى . ئۆزىمۇ قاتتىق پەرھىز تۇتۇپ ، مۇنارنى ئايلىنىشقا ئادەتلەندى . ئىچكىرىدە تۇغۇلۇپ قالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى . »[⑧] تاسپار تۇزۇم جەھەتتىكى پەرقىنى تونۇپ يەتمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن «ئۆزگىرىش» نىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن . ئىشبارا قاغان بولغاندىن كېيىن ، تاسپارغا قارىغاندا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن . مىلادىيە 585 ـ يىلى ، ئۇ سۈي ۋېندىغا يازغان مەكتۇپىدا : «ئىچكىرىگە نەزەر سالسام . . . ھەممىنىڭ ئادەت ـ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىغا بەكمۇ ھەۋەسلىنىمەن . . . ھازىرغىچە كىيىنىش ـ ياسىنىشىنىمىزنى ، نەغمە ـ سازلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىغان بولسامۇ ، كونا ئادەتكە بەكمۇ ئۇزۇن بولغانلىقتىن ئۆزگەرتكىلى بولمىدى . بارچە خەلقنىڭ بىر نىيەتتە ئۈملىشىپ دۆلەت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقانلىقىغا قانداقمۇ ھەۋەسلەنمەي تۇرالايمەن ! يەتتىنچى ئوغلۇم ۋەزىر قاغانچىن* ( 臣窟含真 ) قاتارلىقلارنى مەكتۇپ بىلەن ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم» دېگەن . ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «ئادەت ـ قائىدە» تۈزۈمگە يېقىنلىشىپ قالىدۇ .

2 . ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلاردا قۇللۇق تۈزۈمگە نىسبەتەن كۈچلۈك قارشى كەيپىيات پەيدا بولغان . بۇ خىل كۈچلۈك قارشىلىق كەيپىياتى كۈچلۈك قارشىلىق ھەرىكىتىگە سەۋەب بولغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ قارشى تۇرغىنى قۇللۇق تۈزۈم ئىدى . تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : ئۇرۇق ـ ئەجدادىدىن ئىنتايىن ۋەھشىي ، قانۇن ـ تۈزۈملىرى رەھىمسىز بولۇپ ، شەرق-

تىكى يات ئەللەرنىڭ ئۇلارغا كۈچلۈك ئۆچمەنلىكى بار . غەربتى-
كى قوۋملارنىڭمۇ چوڭقۇر ئاداۋىتى بار . تۈركلەرنىڭ شىمالىدى-
كى قىتانلارمۇ ئۇلارغا ئىنتايىن ئۆچ ، پۇرسەت تاپسىلا ھۇجۇم
قىلىشنى ئويلايدۇ . تاردۇش جيۇچۇەنگە ھۇجۇم قىلغاندىن كې-
يىن ، ئۇدۇن ، پارس ، ئېفتالىت قاتارلىق ئۈچ ئەل ئۇنىڭدىن
تەڭلا يۈز ئۆرىدى . ئىشبارا جۇپەنگە بېسىپ كىرگەندىمۇ قوۋملى-
رىدىن بورلى ، توڭرالار ئىسيان كۆتۈردى . ئاۋۋالقى يىلى تې-
گىن شاد كورىيە ، موغاللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى . سابىل
شاد* ( 娑毗设 ) قىچ قاغان* ( 讫支可汗 ) تەرىپىدىن ئۆلتۈ-
رۈلدى . ئۇلار بىلەن قوشنا بولغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇلارنى
يوقىتىشنى ئويلايدۇ .»⑩ بۇ خىل «ئۇرۇق - ئەۋلادىدىن ئىنتا-
يىن ۋەھشىي ، ياساقلىرى رەھىمسىز » لىككە بولغان قارشىلىق
دەل قۇللۇق تۈزۈمگە بولغان قارشىلىق بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە بۇ
يېڭى تۈزۈمگە بولغان ئىنتىلىش ئىدى .

3 . قاغانلىقتا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-
شىغىمۇ يول قويۇلغان . چى خانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن ،
چى خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن دىڭجۇ ئاي-
مىقىنىڭ ئايماقبېگى گاۋ شاۋيى قاتارلىقلار تۈركلەرگە ئەل
بولغان . تاسپار قاغان چى خانلىقىدىن تۈركلەرگە قۇل بولغان
خەنزۇ پۇقرالىرىنى گاۋ شاۋيىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ، «ئۆز يېرى-
دىكى چىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى گاۋ شاۋيىنىڭ ئىتائىتىگە ئۆت-
كۈزۈپ بەرگەن .»⑪ گاۋ شاۋيى قول ئاستىدىكى خەنزۇلارغا
قۇللۇق ھۆكۈمرانلىقىنى قوللانماستىن ، بەلكى چى خانلىقىنىڭ
فېئوداللىق تۈزۈمىنى قوللانغان . بۇ ئەھۋال غەربىي تۈركلەردە
تېخىمۇ روشەن بولغان . خەن ، جىن سۇلالىلىرىدىن بۇيان ،
غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ كۆپچىلىكى فېئوداللىق تۈزۈمگە
قەدەم قويۇپ بولغان بولسىمۇ ، لېكىن غەربىي تۈرك ھۆكۈمران-
لىرى ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ ، ئۇنىڭغا قىلچە تەگمىگەن . فېئو-

داللىق تۈزۈمدىكى قارام ئەللەر قاغانلىقتا يەنىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋەرگەن . بۇ چاغدا تۈرك قاغانلىقىدا ئىككى خىل سىياسىي تۈزۈم مەۋجۇت بولغان .

تۈرك قاغانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي ، سىياسىي ئەھۋالى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولۇپ ، ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە بۇ خىل ئىجتىمائىي ، سىياسىي ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ، فېئوداللىق تۈزۈم كۈچىيىپ قۇللۇق تۈزۈم ئاجىزلاشقان . لېكىن ، يەنىلا ئىككى خىل تەركىب تەڭ مەۋجۇت بولغان . دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى ، ئىككى خىل تەركىبتە ئۆزگىرىش بولغان . قاغانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە :

1 . فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلارنى قوبۇل قىلىپ ، فېئوداللىق قانۇن - پەرمانلارنى ئومۇملاشتۇرۇش . كېيىنكى مەزگىلنىڭ بېشىدا ، سۈي سۇلالىسىدىن چى بېگىنىڭ ئوغلى ياڭ جېڭداۋ تۈركلەرگە قېچىپ بارغان . قارا قاغان ئۇنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، تۈركلەرگە قۇل بولغان خەنزۇلارنى ياڭ جېڭداۋغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭ سۈي سۇلالىسىنىڭ يوسۇنلىرى بويىچە «ئەمەل تەسىس قىلىشى» غا[12] يول قويۇپ ، فېئوداللىق تۈزۈمنى كېڭەيتكەن . كېيىن تاڭ سۇلالىسى تۈركلەر زېمىنىدا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە تۇتۇق مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلغاندا ، قەبىلە باشلىقلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ئايلانغان ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانلىرىنى ئومۇملاشتۇرغان .

2 . فېئوداللىق باج - سېلىق تۈزۈمىنى قوللىنىش . تۈركلەر قاغانلىق قۇرغاندىن كېيىن ، زۆرۈر ئادەم كۈچى ، ماددىي كۈچلەرنى قاغانلىققا تەۋە ھەرقايسى قەبىلىلەر ئورتاق چىقارغان . لېكىن ، كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە ، شەرقىي تۈركلەر تاڭ

سۇلالىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە پەقەتلا فېئوداللىق باج ـ سېلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان . غەربىي تۈركلەردىن قارا قاغانـ مۇ «تۈركلەر ئەل قۇرغاندىن بۇيان شەرق ـ غەربكە قىلىنغان يۈرۈشلەردە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ، شىـ مالىي چۆللۈكنى تىزگىنلىگەن »⑬ لىكتەك ئەجداد ياسىقىنى ئۆزگەرتىپ ، «غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ئەلتەـ بىر مەرتىۋىسىنى بېرىپ ، بىردىن تۇتۇق ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشىغا نازارەتچىلىك قىلغان . »⑭ بۇ تەدبىر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىگە قارىتىش سىياسىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ .

3 . قۇللارنى ئازاد قىلىشنى ئاشكارا جاكارلاش . قۇللارنى ئازاد قىلىشنى ئاشكارا جاكارلاش شىمالىي تۈرك قاغانلىقى قۇـ رۇلغاندىن كېيىنكى ئىش بولۇپ ، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «تاغام قاغان بولۇپ تەختتە ئولتۇـ رۇپ . . . تۈرك خەلقىنى قايتىدىن تەشكىللىدى ۋە بېقىپ تەربىـ يىلىدى . يوقسۇللارنى باي قىلدى ، ئازنى كۆپ قىلدى» ، «تەڭـ رى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۆزۈمنىڭ بەختى بولغانلىقى ئۈچۈن ، قاغانلىقتا ئولتۇردۇم . قاغان بولۇپ يوقسۇل خەلقنى يىغدىم ، يوقسۇللارنى باي قىلدىم ، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم . مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدە يالغانچىلىق بارمۇ ؟ »⑮ بۇ يەردە ئېيتىلـ غان «يوقسۇل خەلق» قۇل ـ دېدەكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان . چۈنكى ، شۇلارلا ئەڭ يوقسۇل خەلقتۇر . مىلادىيە 631 ـ يىلى ، يەنى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 5 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىمۇ ئالتۇن ، تاۋار ـ دۇردۇنلارغا تۈركلەردە قۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان خەنزۇ پۇقرالىرىدىن «8 تۇمەن ئەر ـ ئايالنى بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن »⑯ سېتىۋېلىپ قايتۇرۇپ كەلگەن . بۇ يەرـ دىكى «8 تۇمەن ئەر ـ ئايالنى سېتىۋېلىپ قايتۇرۇپ كېلىش» بىلەن ئالدىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆۋېينىڭ ھاممىسىنىڭ ئېـ رىنى سېتىۋېلىشىدا ئېھتىمال مەزمۇن جەھەتتىن پەرق بولۇشى

مۇمكىن .

4 . قۇللارنى ئەركىن قويۇۋېتىش . تاڭ دەۋرىدىكى خۇيتە-ساڭ (شۇەنزاڭ ) غەربكە سەپەر قىلغاندا غەربىي تۈركلەر تەۋەلىكىدىكى سۇيئاب شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 10 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر جاينى كۆرگەن . «300 دىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇق بولۇپ ، تۈركلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېلىنگەن . كېيىن بىر يەرگە توپلىشىپ ، بۇ شەھەرنى ئورتاق قوغداپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان » ،[17] ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ھويلا - ئارام ئىگىلىكىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن . مىلادىيە 698 - يىلى ، يەنى ۋۇ زېتيەننىڭ شېنلى 1 - يىلى دى رېنجيې خېبېينىڭ سىلاۋچى بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن . ئۇ بىر قاتار سېتىۋېلىپ كۆڭلىنى ياساش سىياسىتىنى قوللىنىپ ، «تۈركلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەنلەرنى ئازاد قىلىپ قايتۇرۇپ كەلگەن .»[18] بۇ ئېھتىمال قۇللارنى ئازاد قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك .

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا ، قاغانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تەركىبلىرى ئالدىنقى مەزگىلدىكىدىن روشەن ھالدا كۆپەيگەن . ئەمما ، قۇللۇق تۈزۈمنىڭ تەركىبلىرىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولغانلىقىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ . تۈركچە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «تاغام قاغانلىقتا ئولتۇرغاندا مەن تاردۇش خەلقى ئۈستىدىكى شاد ئىدىم . . . ، بارس بەگ . . . ئۆزى خاتالاشتى ، قاغانى ئۆلدى . خەلقى دېدەك ۋە قۇلغا ئايلاندى . . . غەربتىن تا كەنگۇ تارمانغىچە بېرىپ ، تۈرك خەلقىنى ئاشۇنداق ئولتۇراقلاشتۇردۇق ، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق . ئۇ چاغدا قۇللار قۇللۇق بولدى . دېدەكلەر دېدەكلىك بولدى . . . »[19] بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى ، قاغانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قۇللۇق تۈزۈم قاغانلىقتا يەنىلا مەۋجۇت بولغان . ئەمما ، ئىلگىرى قۇل بولغان

تۈركلەر يەنە ھۆرلۈككە ئېرىشكەن. شۇڭا، «قۇللار قۇللۇق بولغان، دېدەكلەر دېدەكلىك بولغان.»

تۈرك قاغانلىقىنىڭ تارىخىنى كۆزىتىپ ئۇنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرىنى تەكشۈرگەندە، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: تۈرك قاغانلىقىدا ھەم تولۇق يېتىلمىگەن قۇللۇق تۈزۈم ۋە تەبىئىي بولمىغان فېئوداللىق تۈزۈم تەڭ مەۋجۇت بولغان. بۇ خىل ئالاھىدە ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا ئىچكى سەۋەب ۋە تاشقى سەۋەب دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

تاشقى سەۋەب شۇكى، بىر جەھەتتىن شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەردە تارىختىن بۇيان ئەنئەنىۋى قۇللۇق تۈزۈم قارىشى بولۇپ، ھۇنلار، جۇرجانلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تۈركلەرگە تەسىرى بولغاچقا، ئۇلاردا بىر خىل ئەنئەنىۋى، مۇۋاپىق ھېساب-لانغان، ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئاڭ شەكىللىنىپ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا قۇللۇق تۈزۈمنى كېڭەيتكەن؛ يەنە بىر جەھەتتىن تۈرك قاغانلىقى قۇرۇلغاندا فېئوداللىق تۈزۈم دەل جۇڭگو زېمىنىدا كونسايىن گۈللىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچ ھاسىل قىلغان. بۇ خىل كۈچ ھەر ۋاقىت تۈرك قاغانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان.

ئىچكى سەۋەب شۇكى، قاغانلىق ھۆكۈمرانلىرى بېيىش ئىستىكىدە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ چەكلى-مىسىگە ئۇچرىغان. ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار قۇللۇق تۈزۈم-دىن قاتتىق نارازى بولسىمۇ، ئەمما يەنە مىللىي ھېسسىيات چىرمىۋالغانلىقتىن، تونۇشىنى ئۆستۈرەلمىگەن، بولۇپمۇ شىما-لىي تۈرك قاغانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بايانچۇر قاغان كۆچ-مەن چارۋىچىلىقتىن ئايرىلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بىر قىسىم تۈركلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، تاڭ

سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇقلۇق ئاشلىق سورىغان . ۋۇ زېتيەن «ئۇرۇقتىن 4 تۈمەن پاتمان ، دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 3000 نى بەرگەن .»[20] بۇ قاغانلىقتا ئىككى خىل ئىگىلىكنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئىككى خىل ئوخشاشمىغان سىياسەت بىلەن باشقۇرۇش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغان . شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئامىللار قاغانلىق رەھبەرلىرىنىڭ كاللىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەچكە ، ئۇلار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان . بىلگە قاغان بىلەن ئابرۇيلۇق تۇنيۇقۇقنىڭ ئىدىيە توقۇنۇشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى . بىلگە قاغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى بولۇپ ، «. . . شەھەر ـ قەلئە قۇرۇپ ، ئىبادەتخانىلارنى سېلىپ » ،[21] جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشماقچى بولغان ، ئەمما تۇنيۇقۇق بۇنى ماقۇل كۆرمەي : «مۇبادا شەھەر ـ قەلئە قۇرۇپ ماكانلىشىپ ، ئەسلى ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتسەك ، كۈنلەردىن بىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ، تابغاچلار چوقۇم بىزنى يۇتۇۋالىدۇ . ئىبادەتخانا سېلىپ تەرىقەتكە بېرىلىشمۇ كىشىنى رايىشلىققا ئۆگىتىدۇ ، ئەلەم بىلەن كۈچەيىش يولىدىن قايتۇرىدۇ . شۇڭا ، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ »[22] دېگەن . شۇنىڭ بىلەن بىلگە قاغانىنىڭ ئويى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ ، قاغانلىق پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتىنى ، ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە تۈزۈمنى ساقلاپ قالغان .

فېئوداللىق تۈزۈم ئەينى چاغدا ئىلغار ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇپ ، شىمالىي تۈرك قاغانلىقى يوقالغاندىن كېيىن ، شىمالدا بارلىققا كەلگەن خانلىقلار ، مەسىلەن ، ئۇيغۇر خانلىقى ، قىتان خانلىقى ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قاتارلىقلار فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر بولغان . بۇ چاغدا قۇللۇق تۈزۈم ئاستا ـ ئاستا يوقالغان ، گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، ئەمما بۇ خانلىقلاردا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت بولغان ، لېكىن چوڭ ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇپ قالغان .

شۇنى بىلىش كېرەككى ، بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم كۆپ ئۇلۇس ياكى كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەتتە ھەرگىزمۇ ساپ ھالدا مەۋجۇت بولمايدۇ . بۇ ئەھۋال قەدىمدىن ھازىرغىچە شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ . پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا يېڭى ، ئىلغار سىياسىي ، ئىجتىمائىي تۈزۈم كونا ، قالاق سىياسىي ، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ . بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىپ ئۆزگەرمەيدۇ .

(بۇ ماقالە ئەسلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1994 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان )

ئىزاھلار :

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . جۇرجانلار تەزكىرىسى»
② «جۇنامە . شىنىڭنىڭ تەرجىمىھالى»
③ «سۇينامە . سۇ ۋېينىڭ تەرجىمىھالى»
④ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 4 ـ قىسىم «شەرقىي رىمنىڭ غەربىي تۈرلەرگە ئەلچى ئەۋەتىشى»
⑤⑪ «قانۇنلار قامۇسى . تۈركلەر تەزكىرىسىنىڭ بېشى»
⑥⑮⑲㉑㉒ تۈركچە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»
⑦ «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑧⑨⑩ «سۇينامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑪ «شىمالىي چىنامە . گاۋ شاۋيىنىڭ تەرجىمىھالى»
⑬ «سۇينامە . تېلېلار تەزكىرىسى»
⑭⑳ «كونا تاڭنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑯ «كونا تاڭنامە . تەيزۇ ھەققىدە خاتىرىلەر»
⑰ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ، 1 ـ جىلد
⑱ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» ، 206 ـ جىلد

【قوشۇمچە 5】

# غەربىي تۈرك «ئون ئوق قەبىلىلىرى» نىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم

ئىلىم ساھەسىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ «ئون ئوق قەبىلىلىرى» تىلغا ئېلىنغاندا، كۆپىنچەيلەن ئۇلار بەش ساداقلىقلار ۋە بەش تۇغلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ، يەنە كېلىپ بەزى مۇتەخەسسىسلەر بۇ «ئون ئوق قەبىلىلىرى ئومۇمەن بەش تۇغلۇقلار ۋە بەش ساداقلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار باشتىن – ئاخىر ئۆزگەرمىگەن دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. ھالبۇكى، تارىخىي ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئاختۇرساق، بۇ «ئون ئوق قەبىلىلىرى» نىڭ «مەزمۇن» ۋە «ھەجىم» جەھەتتە بىر ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ باشتىن – ئاخىر ئۆزگەرمەي بىر ئىزدا تۇرۇپ قالمىغانلىقىنى بايقايمىز.

مەن ئېيتقان «مەزمۇن» قەبىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىن، «ھەجىم» بولسا، ئون ئوق قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە تەركىبىدىن ئىبارەت. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن مەن «ئون ئوق قەبىلىلىرى» نىڭ ئۆزگىرىشىنى دەسلەپكى مەزگىل، ئوتتۇرا مەزگىل ۋە ئاخىرقى مەزگىل دەپ ئۈچ مەزگىلگە، ئوتتۇرا مەزگىلنى يەنە ئىككى باسقۇچقا ئايرىدىم. ئەمدى بۇلارنى ئايرىم – ئايرىم ھالدا بايان قىلىمەن.

دەسلەپكى مەزگىل ئىستەمى قوشۇن باشلاپ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان مەزگىلنى كۆرسە-

تىدۇ .

تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «دەسلەپ ئىستەمى تەگرىقۇتقا ئەگىشىپ ئون سەردارغا باشچىلىق قىلىپ ، 10 تۈمەن قوشۇن بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ھۇن (تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ — م . ) ئەللىرىگە يۈرۈش قىلدى . ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ ، قول ئاستىدىكىلەرنى ئون ئوقلار دەپ ئاتىدى . ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى . . . »[1] بۇ باياندا پەقەت «ئون ئوق قەبىلىلىرى» نىڭ بارلىقىلا تىلغا ئېلىنغان ، ئەمما «ئون ئوق قەبىلىلىرى» نىڭ تەركىبى سۆزلەنمىگەن . يەنە كېلىپ ، بۇ «ئون ئوق قەبىلىلىرى» نىڭ بەش ساداقلار ۋە بەش تۇغلۇقلار ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېيىلمىگەن . مۇشۇ باياننى تۇتقا قىلىپ ، يەنىمۇ ئىزدەنگەندە ، يەنە مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ : «قوۋمى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ ، تۇغلۇق ، ساداقلىق ، قارلۇق ، چىگىل ، چۇمۇل ، ئىشىرغول قاتارلىق قەبىلىلىرى بار . »[2] بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى ، يۇقىرىدا دېيىلگەن «ئون ئوق قەبىلىلىرى» مۇشۇ ئالتە قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . لېكىن ، بۇ پەقەت ئالتىلا بولۇپ ئونغا توشمايدۇ ، شۇڭا «ئون ئوق قەبىلىلىرى» نى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ ، تارىخىي ماتېرىياللارنى يەنىمۇ ئاختۇرغاندا ئۇلارنىڭ يەنە شاداپىت ، قاپىش ، سىر - تاردۇش قەبىلىلىرى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ .

شاداپىتلار ھەققىدە تارىخنامىلەردە : «شاداپىتلار ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئايرىم قەبىلىسى ، ئۇلار چىگىل ئۇرۇقىدىن بولۇپ ، دەسلەپتە تۈركلەرنىڭ شەرقى ۋە غەربىدە ئۇسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىدا ئايرىم - ئايرىم ياشىغان شاداپىتلار چىگىل ، چۇمۇللار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دەپ خاتىرىلەنگەن . دېمەك ، شاداپىتلار چىگىللاردىن بۆلۈنۈپ چىققان ھەمدە يەنە چىگىل ، چۇمۇللار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ، چىگىل ،

چۇمۇللار غەربىي تۈركلەرنىڭ «ئون ئوق قەبىلىلىرى» گە مەنسۇپ بولغانىكەن، شاداپىتلارمۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

قاپىشلار ھەققىدە تارىخنامىلەردە: «قاپىش تەلەنغۇتلارنىڭ جەنۇبىدا، ئىككى ئۇرۇق بىللە ئولتۇراقلاشقان، 3000 يارامىلىق ئەسكىرى بار»[4] دەپ خاتىرىلەنگەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىچە، قاپىش بىلەن يۇركىلەر ئوخشاشلا تەلەنغۇتلارنىڭ جەنۇبىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار بولۇپ، كېيىن بىرىكىپ قاپىش قەبىلىسى ياكى قاپىش يۇركى قەبىلىسى دەپ ئاتالغان. ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، تەلەنغۇتلارنىڭ ماكانى تۇغلا دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدە، يەنى شىمالىي چۆللۈكتە بولغان. لېكىن، «يېڭى تاڭنامە» دە: «قاپىش يۇركى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كىنىگىتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۇلدۇز يايلىقىدا . . .»[5] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تەلەنغۇتلار زېمىنىدىن يۇلدۇز يايلىقىغا كېلىشىنى ئىستەمىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنىغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا كىرگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ قەبىلىمۇ «ئون ئوق قەبىلىلىرى» نىڭ بىرى بولۇشى كېرەك.

سىر - تاردۇشلار ھەققىدە تارىخنامىلەردە: «سىر - تاردۇشلار دەسلەپ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كېيىن سىرلار تاردۇشلارنى يوقىتىپ سىر - تاردۇشلار دەپ ئاتالغان . . . تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ باتۇرى» دەپ خاتىرىلەنگەن. سىر - تاردۇشلار ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان بولۇپ، جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ چاغدا تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىر - تاردۇشلارنى ئەل قىلىۋالغان. «تېلېلار جۇرجانلارغا يۈرۈش قىلغاندا

تۇمەن قەبىلىلىرىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئۇلارنى ۋەيران قىلىپ ، 5 تۇمەندىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر ئالدى . »[①] تۇركلەر قاغانلىق قۇرۇپ ، ئىستەمى بۇيرۇقفا بىنائەن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ، سىرلار بىلەن تاردۇشلار يۈرۈشتە بىرىكىپ كەتكەن ھەم غەربىي يۇرتتىكى بوغدا تېغى ئەتراپىغا كېلىپ قاپىشلار بىلەن قوشنا بولۇپ ، تەدرىجىي سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر كۆچكە ئايلانغان .

يۇقىرىقى بايانلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا ، ئىستەمى «غەربىي يۇرتتىكى ھۇن ئەللىرىگە يۈرۈش قىلغان» ۋاقىتتىكى «ئون ئوق قەبىلىلىرى» ساداقلىقلار قەبىلىسى ، تۇغلۇقلار قەبىلىسى ، قارلۇق قەبىلىسى ، چىگىل قەبىلىسى ، ئۇيغۇر قەبىلىسى ، شاداپىت قەبىلىسى ، قاپىش قەبىلىسى ، سىر قەبىلىسى ۋە تاردۇش قەبىلىسى قاتارلىق «ئون قەبىلە» بولۇشى كېرەك . بۇ ئون قەبىلە ئوتتۇرىسىدا ئەينى چاغدا ھېچقانداق تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولمىغان ، ھەممىسىلا ئىستەمىگە بويسۇنغان ، ئورۇن جەھەتتە باراۋەر بولغانىدى . باشلىقلىرى «ئون سەردار» دەپ ئاتالغان ھەم «ئۆز قوۋملىرىنى باشقۇرغان» . بەش ساداقلىقلار بىلەن بەش تۇغلۇقلار بۇ چاغدا تېخى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقمىغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىگە ئايلىنىشى ئوتتۇرا مەزگىلدە بولغان .

ئوتتۇرا مەزگىل ئىستەمىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى «ھۇن ئەللىرى» نى ئىستېلا قىلغان ھەمدە مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ .

بۇ مەزگىلنىڭ بىرىنچى باسقۇچى غەربىي تۇركلەردىن ساداقلىقلار ۋە تۇغلۇقلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ، ھۆكۈمران «ئون ئوق قەبىلىلىرى» گە ئايلانغان مەزگىلى ، يەنى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن مەزگىلىدۇر .

ئىستەمى غەربىي يۇرتتىكى «ھۇن ئەللىرى» نى ئىستېلا

قىلىش جەريانىدا «يىراقتىكىلەر بىلەن دوستلىشىپ ، يېقىندى-
كىلەرگە ھۇجۇم قىلىش» ئىستراتېگىيىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن
پايدىلىنىپ ، ئالدى بىلەن ئېفتالىتلارنى قوغلىدى ، ئاندىن يەنە
پارسلارنى مەغلۇپ قىلدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، غەربىي يۇرت-
نى تىترىتىپ ، ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ ئىناۋىتىنى خېلى ئۆستۇر-
دى . ئىستەمى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، تاردۇش قاغان ، نۇر
كۇل قارا قاغان ، يابغۇ قاغانلار تەختتە ئولتۇردى . «دەسلەپتە
زېمىنى شەرقتە ئالتۇنتاغدىن غەربتە كاسپى دېڭىزىغىچە يېتىپ ،
قاشىقوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى بارلىق ئەللەر ئۇلارغا قارام
بولدى .»[8] يابغۇ قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئىنىسى تولۇق
يابغۇ ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىپ زېمىننى يەنە كېڭەيتتى .
« . . . شىمالدا تېلېلارنى قوشۇۋېلىپ ، غەربتە پارسلانى قوغلى-
دى . جەنۇبتا كەشمىرگىچە بولغان جايلارنى ئىتائەتكە كىرگۈز-
دى . . . بارگاھنى شاش دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاق دې-
گەن يەرگە كۆچۈرۈپ ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ
پادىشاھلىرىغا ئەلتەبىر مەرتىۋىسىنى بەردى ھەم بىردىن تۇتۇقنى
ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ باج - سېلىق تاپشۇرۇشىغا نازارەتچىلىك
قىلدى . . .»[9] بۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ھەيۋىسى يى-
راقلارغا تارالدى .

بۇ ئۇزاق جەرياندا غەربىي تۈركلەرنىڭ نوپۇسى ئاۋۇغان ،
قەبىلىلىرىمۇ مۇناسىپ كۆپەيگەن . ساداقلىقلار بىلەن تۇغلۇقلار
تەرەققىي قىلىپ بەشتىن قەبىلە بولغان . تارىخنامىلەردە خاتىرى-
لىنىشىچە ، ساداقلىقلارنىڭ بەش قەبىلىسى ئاسكىل كۇل قەبى-
لىسى ، قوشۇ كۇل قەبىلىسى ، بارسغان تۇن ئىشبارا قەبىلىسى ،
ئاسكىل نىزۇك قەبىلىسى ، قوشۇ چۇبان قەبىلىسى بولۇپ ،
سەردارلىرى ئېركىن دەپ ئاتالغان ؛ تۇغلۇقلارنىڭ بەش قەبىلى-
سى چۇمۇقۇن قەبىلىسى ، قارلۇق چۇر قەبىلىسى ، شېشىتى تۇن
قەبىلىسى ، تۇرگەش قاراش قەبىلىسى ، سۇنىش چۇبان قەبىلىسى

بولۇپ، سەردارلىرى چۇر دەپ ئاتالغان.

دېمەك، بۇ چاغدىكى «ئون ئوق قەبىلىلىرى» دەسلەپكى مەزگىلدىكى «ئون ئوق قەبىلىلىرى» بولماستىن، بەش ساداقلىقلار ۋە بەش تۇغلۇقلار بولغان. «ئون سەردار» مۇ ساداقلىقلارنىڭ بەش ئېركىنى ۋە تۇغلۇقلارنىڭ بەش چۇرى بولغان. دەسلەپكى مەزگىلدىكى قارلۇق، چىگىل، چۇمۇل، ئىۋىرغول، شاداپىت، قاپىش، سىر ـ تاردۇشلار سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن، ساداقلىقلار بىلەن تۇغلۇقلار ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، باشقا قەبىلىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىغا ئايلىنىپ، ئەسلىدىكى ئورۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك يوقالغان.

تولۇق يابغۇ قاغان ئۆزىنى ناھايىتى كۈچلۈك ساناپ، «ئېلىگە شەپقەت كۆرسەتمىگەنلىكتىن، قوۋمى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، قارلۇقلار كۆپ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈردى»[10]، «غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر ھەم تېلېلارمۇ ئىسيان يولىغا ماڭدى.»[11] بۆلۈنۈپ چىققان قارلۇق، سىر ـ تاردۇش قاتارلىقلار كېيىن مۇستەقىل تەرەققىي قىلىدىغان كۈچكە ئايلاندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىستەمى يابغۇ قاغان، تۇغلۇق قاغان قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. ئىشبارا ئەلتەرىش قاغان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى ئون قەبىلىنى زېمىنغا ئايرىپ باشقۇرۇپ، «بەش تۇغلۇقلارنى. . . سۇيئابنىڭ شەرقىگە جايلاشتۇردى، بەش ساداقلىقلارنى. . . سۇيئابنىڭ غەربىگە جايلاشتۇردى.»[12] ھەرقايسىلىرىنى «ئايرىم قەبىلە» ۋە «قارام ئەل» قىلىپ، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئازايتماقچى بولدى. ئەمما، بۇنداق ئايرىش ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈنۈمگە ئېرىشمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە تۈزگىلى بولمايدىغان يامان ئاقىۋەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىدى. بۇ ئۇرۇق دەل

ئوتتۇرا مەزگىلىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا كەلگەندە بىخ سۈرۈپ چىقتى .

ئوتتۇرا مەزگىلىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى ساداقلىقلار ۋە تۇغلۇقلارنىڭ ئۆزئارا كۈرەش مەزگىلى ، يەنى تۇغلۇقلارنىڭ ھۆكۈمران ئورنىغا چىققان مەزگىلىدۇر .

ئىشبارا ئەلتەرىش قاغان زېمىن ئايرىپ ، ساداقلىقلار بىلەن تۇغلۇقلاردىكى ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈشنى ھەم بۇ ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئازايتىپ ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، ئەمما نەتىجە ئۇنىڭ خىيالىنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ ، ئاشىنا ئۇرۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پۇقرالار ئۇنىڭغا قارشى چىقتى . «قوۋملار ئەلتەرىشكە بويسۇنمىدى . قەبىلىلەر ئالا كۆڭۈللۈك قىلدى ، باش تۇتۇقى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئادەملىرى تاراپ كەتتى . ئەلتە-رىش . . . ئىنىسى بۆرە شادنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كىنگىتنى بىرلىكتە مۇداپىئە قىلدى . قول ئاستىدىكى ئاسكىل كۇل ئېركىن بىلەن باش تۇتۇق قاتارلىقلار خەلقنى يىغىپ ، يۇقۇق شادنى چوڭ قاغان قىلىپ تىكلەپ ئەلتەرىشنى كىچىك قاغان قىلىپ قويدى . كېيىن باش تۇتۇق باشقىلار تەرە-پىدىن ئۆلتۈرۈلدى . يۇقۇق شادنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئېركىن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى . بۇنىڭ بىلەن ئەلتەرىش قايتىدىن ئۆز يېرىنى ئىگىلىدى . ساداقلىقلار ، چۇمۇل قاتارلىق قەبىلىلەر ئۇنىڭغا تەۋەلىك بىلدۈردى .»[13] غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ قالايمىقان ئۇرۇشلار داۋامىدا ، ئىككى چوڭ گۇ-رۇھ ، يەنى ساداقلىقلار باشچىلىقىدىكى گۇرۇھ بىلەن تۇغلۇقلار باشچىلىقىدىكى گۇرۇھ تەدرىجىي شەكىللەندى .

ئۇزاق ئۆتمەي ، تۇغلۇقلار يۇقۇق شادنى قاغانلىققا تىكلەپ ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان دەپ ئاتىدى . ساداقلىقلار ئەلتەرىش قاغاننىڭ جىيەنى بابۇ* ( 薄布 ) تېگىننى قاغانلىققا تىكلەپ ،

ئىلىگ بەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق قاغان بىلەن يابغۇ قاغان توختىماي ئۇرۇشتى.»[14] ئۇرۇش داۋامىدا غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت تەدرىجىي روشەنلىشىپ، تۇغلۇق گۇرۇھى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. «تۇغلۇقنىڭ قوشۇنى بارغانسېرى كۈچەيدى. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەر قايتىدىن كېلىپ ئەل بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇغلۇق شاش دۆلىتىنىڭ تۇتۇقىنى يابغۇ قاغانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ يابغۇ قاغاننى تۇتۇپ تۇغلۇققا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يابغۇ قاغان ئۆلتۈرۈلدى.»[15] تۇغلۇق قاغان يابغۇ قاغاننىڭ زېمىنىنى يۇتۇۋېلىپ، تۇغلۇقلار غەربىي يۇرتتا يېگانە ھۆكۈمرانغا ئايلاندى. ساداقلىقلار بولسا، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

تۇغلۇقلاردىن ئۇرۇش جەريانىدا ئۆلگەنلەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما كۆپەيگەنلەر ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولدى، ھەتتا يېڭى قەبىلىلەر بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن «ئون ئوق قەبىلىلىرى» نى شەكىللەندى. تارىخنامىلەردە تۇغلۇقلاردا ئەسلى بار بولغان بەش قەبىلىدىن سىرت، يەنە يېڭى ئۈچ قەبىلىنىڭ نامى ئۇچرايدۇ. بۇ يېڭى ئۈچ قەبىلە كېيىن ئاشىنا ئالپقا ئەگىشىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان، ئۇلار قوشۇ، جىشېتى (执舍地)، بابى* (婆鼻) لاردىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ قەبىلىنى بەزى مۇتەخەسسىسلەر تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزاھلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بابى قەبىلىسى يېڭى قەبىلە بولغاندىن باشقا، «قوشۇ» نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، «جىشېتى» بولسا شېشېتى (摄舍提) نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى دەپ قارايدۇ[16]. ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئۇنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى:

بىرىنچىدىن، تىلشۇناسلىق تارىخشۇناسلىق ئەمەس. تارىخ تەتقىق قىلغاندا چوقۇم تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قى-

لىش كېرەك .

ئىككىنچىدىن ، قوشۇ ، جىشىتى بىلەن قوشۇ كۆل ، شىشىتىلار ئوخشاش بىر مەنبەدە كۆرۈلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، باش – ئاخىرى ئۇلىنىپ كەلگەن بولۇپ ، «باشقىچە ئاتىلىشى» دېگەن سۆزگە ئىشىنىش تەس .

ئۈچىنچىدىن ، قوشۇ كۆل قەبىلىسى ساداقلىقلارنىڭ بىر قەبىلىسى ، تارىخنامىلەردە ئېنىق هالدا تۇغلۇقلار ساداقلىقلارنى يوقۇۋالغاندىن كېيىن ، «ساداقلىقلار بويسۇنماي توپىلاڭ كۆتۈرگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن . ساداقلىقلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ كېتىپ قالغانىكەن ، قوشۇ كۆل قەبىلىسى تۇغلۇقلارغا تەۋە بولمايدۇ .

تۆتىنچىدىن ، شىشىتى قەبىلىسى تۇغلۇقلارغا مەنسۇپ بولۇپ ، ناۋادا جىشىتى ھەقىقەتەن شىشىتى دېيىلسە ، ئۇنداقتا ئۇ بۆلۈنۈپ چىققان بولىدۇ . ليۇ چۈي ، ئوۋ ياڭشيۇ قاتارلىقلار كونا – يېڭى «تاڭنامە» گە تۈزىتىش كىرگۈزگەندە بۆلۈنۈپ چىققان شىشىتىلارنى جىشىتى قىلىپ يېزىپ ، ئۇنى ئەسلىدىكى شىشىتىدىن پەرقلەندۈرگەن ، بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ .

بەشىنچىدىن ، بابىلارنىڭ يېڭى قەبىلە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ، قوشۇ ۋە جىشىتىلەرنىڭ يېڭى قەبىلە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتا ھېچقانداق سەۋەب يوق .

مۇشۇنداق بولغانىكەن ، تۇغلۇقلارنىڭ ئەسلىدىكى بەش قەبىلىسىگە قوشۇ ، جىشىتى بابى قاتارلىق ئۈچ قەبىلىنى قوشقاندا ، ئۇلار سەككىز قەبىلە بولىدۇ . ئۇنداقتا باشقا ئىككى قەبىلىچۇ ؟ مېنىڭ قارىشىمچە ، ئۇلار كىشىلەر سەل قارىغان ئاشىنا ئالپ قەبىلىسى بىلەن كۆچى ئاجىزراق بولغان ياغما قەبىلىسىدۇر .

تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : ئاشىنا ئالپ ئەل بۆرى شاد يابغۇ تېگىنىنىڭ ئوغلى . دەسلەپ ئاشىنا بايان كېلىپ ئەل بولدى ، تۇغلۇق قاغان ئالپنى يابغۇ قىلىپ تىكلىدى . ئۇ

بايانىنىڭ زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئالپىنى تالاس سۇ (ئارخېئو-لوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا قارا ئېرتىش) دا ماكانلا-شتى . قوچونىڭ . . . »[2] ئاشىنا ئالپ ھەرگىزمۇ ئەسكەرسىز قوماندان بولغان بولماستىن ، بەلكى ئۆز قەبىلىسى بولغان ، ئاتا - بوۋىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەبىلىنىڭ ياكى ئالپ دەپ ئاتالغان قەبىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان .

ياغما قەبىلىسىنىڭ كۆچى ئاجىزراق بولۇپ ، تارىخنامىلەر-دە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئاز كۆرۈلىدۇ ، بۇ قەبىلە تارباغاتاي ئەتراپلىرىدا ئەسلىدىكى بەش تۇغلۇقلارنىڭ چۇمۇقۇن قەبىلىسى بىلەن قوشنا ياشىغان . بۇ چاغدا تۇغلۇقلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن .

يۇقىرىقى بايانلارنى يىغىنچاقلىغاندا ، غەربىي تۈركلەردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان «ئون ئوق قەبىلىلىرى» چۇمۇقۇن ، قارلۇق چۇر ، شىشىپتى تۇن ، تۈرگەش قاراش ، سۇنىش چۇبان ، قوشۇ ، جىشىپتى ، بابى قارلۇق ۋە ياغما قاتارلىق قەبىلىلەردىن ئىبارەت . بۇ ئون قەبىلە ئىچىدە ئەسلى بەش قەبىلە ئاساس بولغان بولۇپ ، بۇ ئەھۋال كېيىنكى مەزگىلدە تېخىمۇ روشەن-لەشكەن .

كېيىنكى مەزگىل ئاشىنا ئالپ قەبىلىسى تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ يەنە تۇپىلاڭ كۆتۈرگەن ، تاڭ سۇلالىسى تۇپىلاڭ-نى تىنچىتىپ غەربىي يۇرتتا مەھكىمە قۇرۇپ ئايماق تەسىس قىلغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ .

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ، تۇغلۇق قاغان ساداقلىق-لارنىڭ زېمىنىنى يۇتۇۋېلىپ غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ، ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ تۇتۇپ خالىغان-چە ئۆكتەملىك قىلىپ ، تاڭ سۇلالىسىگىمۇ دوستانە بولمىغان پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەتلەردە بولدى . دەسلەپ ، ئۇ يابغۇ قاغان بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان چاغلاردا ھەر ئىككى تەرەپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمى-

لاشقانىدى . ئەمما ، تاڭ سۇلالىسى «ئىناقلاشتۇرۇش» سىياسى-
تىنى قوللىنىپ ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرىنى ياندۇ-
رۇپ ئەپلىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلدى . تۇغلۇق قاغان بۇنى
ئاڭلىماي ، شاشىنىڭ تۇتۇقىنى يابغۇ قاغاننى يوقىتىشقا ئەۋەتىپ
ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى يۈەن شىياۋيۈنى تۇتۇپ قېلىپ ،
ئۇنىڭغا «چوڭ سۆزلەپ ، ‹ئاڭلىشىمچە › ، تاڭ تەڭرىقۇتى ئە-
لەمدە قالتىس ئىمىش . بۈگۈن مەن سوغدىياناغا يۈرۈش قىلدىم .
سېنىڭچە ، مەن تەڭرىقۇت بىلەن باراۋەر تۇرالايدىغاندىمەن ! ›
دېدى . »[19] ئۇ بىر تەرەپتىن سوغدىياناغا قوشۇن تارتسا ، يەنە بىر
تەرەپتىن ئاشىنا ئالپقا چىگىل ، چۇمۇل قاتارلىق قەبىلىلەرنى
باشلاپ ئۈۋىرغولغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى .
ئۈۋىرغولغا ھۇجۇم قىلغان چىگىل ، چۇمۇل قاتارلىق قەبى-
لىلەر ئەنشى قورۇقچىبېگى گو شياۋكېنىڭ قاتتىق زەربىسىگە
ئۇچرىدى . «ئەنشى قورۇقچىبېگى گو شياۋكې 2000 يېنىك
چەۋەندازنى باشلاپ ، ئۇرقۇت* （乌骨） تا توسۇپ زەربە بەردى .
تۇغلۇقلاردىن چىگىل ، چۇمۇللار تەڭرىتاغنى قورشاپ يېڭەلمە-
دى . گو شياۋكې شىمالدىن قوغلاپ چىگىللاردىن ئېركىننىڭ
قەلئەسىنى ئېلىپ ، گەساغ تېغى* （遏索山） غا يېتىپ كەلدى .
مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ، چۇمۇللارنى تەسلىم قىلدۇ-
دۇردى . »[20] قوچوغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلارنىڭ مەغلۇبىيىتى
تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى . بۇنىڭ بىلەن ئاشىنا ئالپ سەرسان
بولۇپ ، كېيىن چىققان جىشېتى قاتارلىق ئۈچ قەبىلە ئاشىنا
ئالپنىڭ گۇناھىنى تىلىگەندە ، تۇغلۇق قاغاننىڭ ئاچچىقىنى كەل-
تۈرۈپ قويدى . «ئالپ تۇرار ماكانى يوق ، قوۋملىرىنىڭ كۆپ-
چىلىكى تاراپ كەتتى . جىشېتى ، چۇمۇقۇن ، بابى قاتارلىق ئۈچ
قەبىلە ئاشىنا ئالپنى گۇناھسىز دەپ قاغاندىن ئۆتۈندى . قاغان
غەزەپلىنىپ ، جىشېتى قاتارلىق قەبىلىلەرنى يوقاتماقچى بولدى .
بۇ ئۈچ قەبىلە ئۆز قوۋمىدىكى نەچچە مىڭ تۇتۇننى باشلاپ ئالپ

بىلەن بىللە ئاستىرتىن ئەل بولدى . خان ئۇلارغا زور ئىلتىپات-
لارنى كۆرسەتتى . »[21]

تۇغلۇق قاغان ئۆزى قوشۇن باشلاپ ، سوغدىيانىدا تۇرۇشلۇق
قوشۇنغا ھۇجۇم قىلدى . ئەمما ، يولدا ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز
بېرىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى . «ماغىيان دۆلىتىدىن ئۆتكەندە ،
ئۇنى ھۇجۇم بىلەن يېڭىپ ئادەملىرىنى بۇلىدى . ئەمما ، غەنىي-
مەتلەرنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلەشتۇرۇپ بەرمىگەنلىكتىن ،
سانغۇن نىزۇك چۇر غەزەپلىنىپ ، ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى ئىگىلى-
ۋالدى ، شۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق نىزۇك چۇرنى ئۆلتۈرۈپ ، باشقى-
لارغا ئىبرەت قىلدى . نىزۇك چۇرنىڭ سانغۇنى قارلۇق
( 胡禄屋 ) ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۇغلۇققا ھۇجۇم قىلىپ ،
ئۇنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى . ئەل قالايمىقانلاشتى . .
. تۇغلۇق مەغلۇپ بولۇپ ، ئىسفىجئاب شەھىرىگە كىرىپ ماكان-
لاشتى . »[22] ساداقلىقلارنىڭ قاغانى ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغان پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ ئىسفىجئاب شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى . تۇغ-
لۇق گەرچە يەڭگەن بولسىمۇ ، لېكىن «خەلقىنىڭ غەزىپىنى
قوزغاپ قويغانلىقىنى بىلىپ ، سوغدلارنىڭ يېرىگە كەتتى . »[23]
كېيىن ياقا يۇرتتا ئۆلدى .

ئاشىنا ئالىپ «ئاستىرتىن ئەل بولغان» دىن كېيىن ، تاڭ
تەيزۇڭ ئۇنى سول قانات شىرمەت چەۋەندازلار ياساۋۇلخانىسى-
نىڭ سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىدى . بەشبالىق تۇتۇقى ئۇنىڭ قەبىلى-
سىنى بەشبالىق ئايمىقىنىڭ باغا قەلئەسىگە ئورۇنلاشتۇردى . ئۇ
كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلدى ، ئەمما ئاستىرتىن سۇيىقەست پىلانى-
لاپ ، ئادەملىرىنى مەخپىي يىغىپ ئاستا ـ ئاستا كۈچ توپلىدى
ھەمدە تاڭ تەيزۇڭ «ۋاپات بولغان» پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ،
قوچو ، بەشبالىق ئىككى ئايماقنى ئىگىلىمەكچى بولدى . شۇنىڭ
بىلەن ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ
چىقتى ، «تۇغلۇق قاغانىنىڭ ئەسلى زېمىنىنى ئىگىلەپ ، بارگاھ-

نى مىڭبۇلاققا قورۇپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتىدى.»[24]
تالىق گاۋزۇڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قوشۇن چىقىرىپ تۆت يىل سوقۇشۇش ئارقىلىق، چىگىل، چۇمۇل، قارلۇق، سۇنىش، چۇمۇقۇن قاتارلىق قەبىلىلەرنى ئەل قىلدى ۋە بەشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسىنى بىكار قىلدى. يەنە ئاشىنا ئالىپ ئىسيانىنى باستۇرغاندىن كېيىن، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى جايلاشقان زېمىنلاردا ئىسسىقكۆل، تېنىقنۇر قاتارلىق ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى، ئۇلارغا تەۋە ئەللەردە ئايماق مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلدى...»[25] شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تۇغلۇقلار بىلەن ساداقلىقلار يەنە باراۋەر ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق كۈرەش بولمىدى. سۈركىلىش پەقەت تېنىقنۇر قورۇقچىبېگى بىلەن ئىسسىقكۆل قورۇقچىبېگى ئوتتۇرىسىدىلا بولدى. «چۇيگۈڭ يىللىرىدىن كېيىن، ئون ئوق قەبىلىلىرى دائىم دېگۈدەك تۈرك بايانچۇرنىڭ باسقۇنىغا ئۇچراپ، ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقىنى قېچىپ تۈگىدى... غەربىي تۈرك ئاشىنا جەمەتى پۈتۈنلەي يوقالدى.»[26] كېيىن غەربىي تۈركلەرگە تەۋە تۈرگەشلەرنىڭ گۈللىنىشى بىلەن غەربىي تۈرك تارىخىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى.

## خۇلاسە

دۇنيادىكى بارچە شەيئىلەر تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ئىچىدە بولىدۇ، ئۇلارنى مۇقىم ئۆزگەرمەيدۇ دەيدىغان قاراش مېتافىزىكىلىق قاراشتۇر.

«ئون ئوق قەبىلىلىرى» غەربىي تۈركلەرنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، شۇنداقلا ئىلىم ساھەسىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇ، لېكىن ئۇ ئىلمىي يەكۈن ئەمەس. چۈنكى، «ئون ئوق

قەبىلىلىرى» ئۆزگىرىش جەريانىغا ئىگە بولغان، ھەرگىزمۇ خاس مەنىگە ئىگە بولمىغان.

تارىخ ھامان تارىخ، باشقا ئىلىم ئۇنىڭ ئورنىنى زادىلا ئالالمايدۇ.

(بۇ ماقالە ئەسلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان)

ئىزاھلار:

①②⑧⑨⑩⑪⑬⑭⑮⑱㉕㉖ «كونا تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»
③ «يېڭى تاڭنامە. شاداپىتلار تەزكىرىسى»
④ «قانۇنلار قامۇسى. قاپىش يۇركىلەر تەزكىرىسى»
⑤ «يېڭى تاڭنامە. قاپىشلار تەزكىرىسى»
⑥ «يېڭى تاڭنامە. سىر ـ تاردۇشلار تەزكىرىسى»
⑦ «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑰⑲⑳㉑㉒㉓㉔ «يېڭى تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»
⑯ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، شاۋان شەرھلىگەن مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلار.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1996 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1996 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆大学出版社1996年11月第1版，1996年11月第1次印刷本翻译出版。

# تۈرك قاغانلىقى تارىخى

ئاپتورى: ليۇ شىگەن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەتجان مۆمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1168 × 850 م.م باسما تاۋىقى: 9.5

2002 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2002 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 3.000—1

ISBN 7 — 228 — 06832 — 7 / K · 970

باھاسى: 13.50 يۈەن